باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

( 2 - يىللىقلار ئۈچۈن )

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

策　　划：艾力 · 马木提
责任编辑：艾力 · 马木提
责任校对：阿布都扎伊尔 · 塔伊尔

ئانا تىل - نۇرلۇق چىراق، ئانا تىل - قۇرۇماس بۇلاق.

ISBN 7-5631-1612-5

ISBN 7-5631-1612-5/Z·38
总定价：60.00元（本册单价：10.50元）

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

(2-يىللىقلار ئۈچۈن)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى
كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇبخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئېلى مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئېلى مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلھام زاھىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىت

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

(2-يىللىقلار ئۈچۈن)

تۈزگۈچى: ئەلانۇر ئىمىن
باش مۇھەررىر: مەمەتئېلى ئابدۇرەھىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھەمدۇللا ئابدۇراخمان
ئەسقەر ئابدۇقادىر

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
ئۈرۈمچى دادىيەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بېسىلدى
شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كىتابخانىلاردا سېتىلىدۇ
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 8
2002-يىل 10-ئاي 1-نەشرى
2008-يىل 10-ئاي 2-بېسىلىشى

ISBN 7 — 5631 — 1612 — 5/Z · 38
ئومۇمىي باھاسى: 60.00 يۈەن (يەككە باھاسى: 10.50 يۈەن)

www.uyghurkitap.com

# چۈشەندۈرۈش

قولىڭىزدىكى بۇ لۇغەت باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2-يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسىنى دەسلەپكى ئاساسقا ئىگە قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزۈلدى. بۇ لۇغەتكە 2-يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان 1000 ئەتراپىدا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى كىرگۈزۈلدى.

## 1. سۆزلەملەرنىڭ تاللىنىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

1) لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەر بىردەك ئېلىپبە تەرتىپىگە تىزىلدى.

2) لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2-يىللىقى ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەردىن تاللاپ ئېلىندى. دەرسلىكلەر ئىچىدە، «ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئىدىيە-ئەخلاق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ساغلاملىق» قاتارلىق 1- 2-قىسىم دەرسلىكلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

3) سۆز تاللاشتا كۆنۈكمىلەرنىڭ تەلىپى ۋە بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ھېيت-بايرام، مىللەت ناملىرى ۋە بىر قىسىم ياردەمچى پېئىللار بىلەن پېئىللاشقان بىرىكمىلەرمۇ مۇستەقىل سۆزلەر سۈپىتىدە ئېلىندى.

4) ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆزلەر ئايرىم-ئايرىم سۆزلەم قىلىپ ئېلىنىپ، رىم رەقەملىرى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى.

مەسىلەن:

**پوست** I (ئىسىم) ① دەرەخ، مېۋە، دان...

**پوست** II (ئىسىم). ھەربىي قىسىم، ئىدارە، جەمئىيەت ۋە باشقا جايلاردىكى مۇھىم مۇھاپىزەتچى، قاراۋۇل.

**چاتاق** I (ئىسىم). بىرەر ئىش-ھەرىكەت تۈپەيلى يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق، پىشكەللىك، ماجىرا...

**چاتاق** II (ئىسىم). دەرەخ غولىدىن ئايرىلىپ چىققان شاخ، پۇتاق.

**چاقماق** I، II، III، IV، V قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

5) يەر ناملىرى ۋە ئادەم ئىسىملىرى، ئەسەر ياكى تارىخىي ۋەقەلەر ناملىرى ئېلىنمىدى. پەقەت بالىلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشى مۇھىم دەپ قارالغان سۆزلەرلا كىرگۈزۈلدى.

6) لۇغەتكە ئېلىنغان پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بالىلارنىڭ مۇشۇ تۈردىكى سۆزلەرنى لۇغەتلەردىن ئاختۇرۇپ تاپالايدىغان بولۇش، پېئىللارنىڭ جۈملە ئىچىدىكى شەكلى بىلەن لۇغەتكە ئېلىنغاندىكى شەكلىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن بەزىلىرى «-ماق / -مەك» بىلەن ئاخىرلاشقان شەكىلدە، بەزىلىرى «-ش / -ىش، -ۇش / -ۈش» بىلەن ئاخىرلاشقان شەكىلدە بېرىلدى.

مەسىلەن: كۆكىرىمەك ... بويسۇنۇش دېگەندەك.

## 2. سۆز مەنىسىنى ئىزاھلاش

1) لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئېنىق، ئىخچام بولۇش، دەرس تېكىستىدە ئۇچرىغان مەنىسىنى ئاساس قىلىش، ئاددىي سۆزلەر بىلەن توغرا چۈشەندۈرۈش» ئۆلچەم قىلىندى.

2) شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىلارنىڭ سۆز مەنىسى ھەققىدىكى

چۇشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا تۇرتكە بولۇش مەقسىتىدە، بەزى سۆزلەرنىڭ كېيىنكى مەنىلىرىدىن بىر-ئىككىسى قوشۇپ چۈشەندۈرۈلدى.

3) سۆزلەرنىڭ بىردىن ئارتۇق مەنىلىرىنى بەرگەندە ھەرقايسى مەنە تۈرلىرى ① ② دېگەندەك تەرتىپ بويىچە ئايرىلدى. مەنە تۈرلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇشتا ئەسلى مەنىسى ياكى ئىستېمالدا كۆپ ئۇچرايدىغان مەنىلىرى ئاۋۋال بېرىلدى. مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىمەسلىك ئۈچۈن ئەسلى مەنىسى بىلەن كېيىنكى كۆچمە مەنىسى ئايرىم كۆرسىتىلمىدى.

4) بالىلارنىڭ سۆز مەنىلىرىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىرى بىلەن قارىمۇقارشى مەنىلىكلىرى بار بولسا، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىق مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مەنىداش بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئۇلاردا مەلۇم مەنە ئورتاقلىقى بولۇشى لازىم. قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا بىر مەنە مەركىزى بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ لۇغەتتە بۇ ھەقتە قاتتىق پرىنسىپ تۇتماي، كەڭرەك ئۇسۇل قوللاندۇق. يەنى ئاساسىي جەھەتتىن ياكى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەرنى ئاساسەن بەردۇق.

5) سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىرى بىلەن قارىمۇقارشى مەنىلىكلىرىنى بەرگەندە ئۇلار يەش ياكى چېكىت بىلەن ئايرىپ قويۇلدى.

6) ھەربىر سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى بېرىلدى. سۆز تۈركۈمى بىردەك تىرناق ئىچىدە تولۇق نامى بىلەن ئەسكەرتىلدى. يەنى

(ئىسىم)، (سۈپەت)، (پېئىل) . . . دېگەندەك.

7) كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمىنى بەرگەندە ھەممىلا مەنىسى ئوخشاش بىر خىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولسا، ئۇ سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى ئىزاھىنىڭ بېشىغا بىرلا بېرىلدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھەربىر مەنىسىنىڭ ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم بېرىلدى.

8) پېئىل خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك «پېئىل» دەپلا سۆز تۈركۈمى بېرىلدى.

9) سۆز بىرىكمىلىرىگە بىردەك سۆز تۈركۈمى بېرىلمىدى.

## 3. مىسال بېرىش

1) سۆزلەرنىڭ ئىزاھىدىن كېيىن مىسال بېرىلدى. مىسالنىڭ ئالدىدا «مەسىلەن:» دەپ ئەسكەرتىلدى.

2) مىساللار ئاساسەن دەرسلىكتىكى تېكىستلاردىن ئېلىندى. زۆرۈر دەپ قارىغان بەزى سۆزلەرگە، بالىلارنىڭ سۆز ئىشلىتىشىگە ماسلاشتۇرۇپ جۈملە تۈزۈلدى. جۈملىلەرنىڭ ئېنىق، راۋان بولۇشىغا، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى.

3) بىردىن ئارتۇق مىسال بېرىلگەندە، مىسال جۈملىلەر (سۆز بىرىكمىسى) بىر-بىرىدىن «★» بەلگىسى بىلەن ئايرىلدى. شېئىر-قوشاقلار مىسال قىلىپ بېرىلگەندە، ئۇلارنىڭ مىسرالىرى «/» بەلگىسى بىلەن ئايرىلدى.

## 4. ئىملا

لۇغەتتىكى بارلىق سۆز-تېكىستلار «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى» دە بېكىتىلگەن ئىملا بويىچە ئېلىندى.

لۇغەتتە قىسقارتىلغان سۆز ۋە بەلگىلەر ئىشلىتىلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 5. پايدىلانغان ماتېرىياللار

1) سۆز تاللاشتا، باشلانغۇچ مەكتەپ 2-يىللىقنىڭ بارلىق دەرسلىك كىتابلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

2) سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، بىر توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) ۋە «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تىل-ئەدەبىياتتىن رەسىملىك ئىزاھلىق لۇغەت» نىڭ 2-قىسمى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارىيسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| ئا | 1 |
| ئە | 2 |
| ب | 22 |
| پ | 34 |
| ت | 45 |
| ج | 68 |
| چ | 70 |
| خ | 80 |
| د | 84 |
| ر | 91 |
| ز | 94 |
| س | 97 |
| ش | 108 |
| غ | 113 |
| ف | 118 |
| ق | 118 |
| ك | 132 |
| گ | 143 |
| ل | 145 |
| م | 147 |
| ن | 162 |
| ھ | 167 |

ئو ........................................ 175
ئۇ ........................................ 178
ئۆ ........................................ 181
ئۈ ........................................ 184
ۋ ........................................ 186
ئې ........................................ 187
ئى ........................................ 190
ي ........................................ 198
قوشۇمچە: ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما
سۆزلۈك ........................................ 211

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئا

**ئابابا** (رەۋىش) بايىدىن سەل بۇرۇن، ئىلگىرى (ۋاقىت ھەققىدە). مەسىلەن: ئابابا ئويلانمايلا ئۇلارنىڭ سۆزىگە خاپا بولۇپتىمەن. ★ ئابابا سېنى ئىزدەپ سىلەرنىڭ سىنىپقا كىرسەم، سەن يوقكەنسەن.

**مەنداش سۆزى:** بايا، ھېلى.

**ئابايىقى** (سۈپەت) بايىقىدىن سەل بۇرۇن يۈز بەرگەن، سادىر بولغان. مەسىلەن: ئابايىقى گېپىڭنى يەنە دېگىنە. ★ ئابايىقى ئۇرۇشقان ئىككى بالىنى مۇشۇ مۇئەللىم ئاجرىتىپ قويدى.

**مەنداش سۆزى:** ھېلىقى.

**ئابزاس** (ئىسىم) مەلۇم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى باش قۇر ئىچىدىكى تېكىست. مەسىلەن: بىر ئابزاس. ئاخىرقى ئابزاس. ★ مەن خەتنى يېڭى ئابزاستىن باشلاپ چىرايلىق كۆچۈرۈشكە باشلىدىم. ★ يېڭى ئابزاستىن ئوقۇدۇم.

**مەنداش سۆزى:** باش قۇر.

**ئابىھايات** (ئىسىم) ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرىدۇ دەپ قارايدىغان، رىۋايەتلەردىكى تىرىكلىك بېغىشلىغۇچى سۇ، ھاياتلىق سۈيى، شىپالىق سۇ. مەسىلەن: ئۇندا سانسىز بۇلاقتا، / ئابىھايات ئاقارمىش، /ئېرىقلاردا ياقۇتلار، / كۆز چاقنىتىپ ياتارمىش. ★ ئاھ، بۇلاق! سەن ئۆزۈڭنىڭ ئابىھايات سۈيۈڭ بىلەن يۇرتداشلىرىمىزنى تەمىنلەپ كەلدىڭ!

**مەنداش سۆزى:** زەمزەم، ھەۋزىكەۋسەر.

**ئاپئاق** (سۈپەت) ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك ئاق. مەسىلەن: ئاپئاق ساقال. ئاپئاق كۆڭلەك. ★ دەل-دەرەخلەر ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىپ كەتتى. ★ ئاپئاق توپ-توپ قۇيلار خۇددى لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتتەك كۆرۈنەتتى.

مەنىداش سۆزى: بەك ئاق، تازا ئاق، سۈتتەك ئاق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قاپقارا، بەك قارا، تازا قارا.
**ئاپتاپپەرەس** (ئىسم) بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۈرەكسىمان، سېرىق چېچەكلەيدۇ، دائىم قۇياشقا باقىدۇ. ئۇرۇقىدىن ياغ تارتىلىدۇ. قورۇپ چېقىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن بۇ يەرلەر شورلۇق بولغاچقا، ئاپتاپپەرەستىن باشقا زىرائەت تېرىلمايتتى.
**ئاپتوموبىل** (ئىسم) ئىچكى يېنىش دۋىگاتېلى ئورنىتىلغان، رېلىسسىز يوللاردا مېڭىپ ئادەم ۋە يۈك توشۇيدىغان تۆت ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق چاق ئورنىتىلغان ترانسپورت ۋاستىسى. مەسىلەن: بۇ چاغدا سەمەتكە ئاپتوموبىل شوپۇرلىرى باشلىقى ئۇچراپ قالدى.
**ئاپلا** (ئىملىق) بىرەر ئىشتىن تەئەججۇبلىنىش، پۇشايمان قىلىش، ئېچىنىش، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش ياكى خاپىلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: — ئاپلا، مەن مۇئەللىم بىلەن خوشلاشالماي قاپتىمەن — دە. ★ — ئاپلا! ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، كۈزدە سۇ ئاپىتى، — دېمەتتى زېمىنەپ چوڭقۇر ئېچىنىپ. ★ ئاپلا! — دېپتۇ ئوتۇنچى غەزەپ بىلەن چىشىنى غۇچۇرلىتىپ.
**ئاپېلسىن** (ئىسم) رۇتا ئائىلىسىگە كىرىدىغان كىچىك دەرەخ؛ يالغۇز ياكى توپ ھالەتتە ئاق چېچەكلەيدۇ، پىشقان مېۋىسى يۇمىلاق، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. مەسىلەن: تۆت پەسلىنىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا بازارغا چىقساڭ ئاپېلسىن تېپىلىدۇ.
مەنىداش سۆزى: جۈزە.
**ئاتا** (ئىسم) ① بالىلىق ياكى بالىسى بار ئەر كىشى. مەسىلەن: ئۆز ئاتا. ئۆگەي ئاتا. ② كۆچمە، يېشى چوڭ كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: مەھەللىدىكىلەر دادامنى «ئاتا» دەپ ئاتايتتى. ★ ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: — ئاتاڭغا رەھمەت بالام، — دېدى.
مەنىداش سۆزى: دادا، پەدەر.
**ئاتاش** I (پېئىل) ئات قويۇش، نام بېرىش، ئادەمنىڭ ياكى

نەرسىنىڭ نامىنى دېيىش. مەسىلەن: كىشىلەر ئۇنى «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ ئاتايدۇ. ★ بىز ھەممىمىز ئۇنى «خانىم» دەپلا ئاتايمىز.

**ئاتاش** II (پېئىل) بېغىشلاش، تەقدىم قىلىش. مەسىلەن: مېھرىگۈل ئوقۇتقۇچىسىغا ئاتاپ خەت يېزىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ★ يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە، / ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرمەن ئۆلۈمنى، / قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆكۈل بۆلمە، / ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

مەنىداش سۆزى: ئارناش، بېغىشلاش.

**ئاتاقلىق** (سۈپەت) ئاتىقى بار، نامى، داڭقى چىققان، مەشھۇر، نامدار. مەسىلەن: — مەن باغداتلىقمەن، — دەپ باشلىدى ئۇ سۆزىنى، — ئاتام باغداتنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرىدىن ئىدى. ★ ئاتاقلىق رۇس ئالىمى سېچېنوۋ سېلىشتۇرۇشنى «ئىنسانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەقىل خەزىنىسى» دەپ ھېسابلىغانىدى.

مەنىداش سۆزى: داڭلىق، نامدار، داڭدار، مەشھۇر، شۆھرەتلىك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: نامسىز، ئاتاقسىز.

**ئاتاكا** (ئىسىم) شىددەتلىك ھۇجۇم، قايتۇرما ھۇجۇم. مەسىلەن: جەڭچىلەر ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتاكاغا ئۆتتى. ★ جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىپ، چوققىغا قاراپ ئاتاكا قىلىۋاتقان باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق روھى ئۇرغۇپ تاشقانىدى.

مەنىداش سۆزى: ھۇجۇم.

**ئاتايىن** (رەۋىش) مەخسۇس، ئالاھىدە بىر مەقسەتنى كۆزلەپ، ئەتەيلەپ، مەقسەتلىك. مەسىلەن: ساۋاقداشلار بەكرى مۇئەللىمنى يوقلاش ئۈچۈن ئاتايىن دوختۇرخانىغا كەلگەنىدى. ★ ئۇ مېنى تىرىكتۈرۈش ئۈچۈن دائىم تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا ئاتايىن دوپپامنى ئېلىپ قاچاتتى.

مەنىداش سۆزى: ئەتەي، ئالاھىدە.

**ئاجراش** (سۈپەت) تۇتاشتۇرۇلغان جايىدىن ئايرىلىپ كېتىش، يېرىلىش، دەز كېتىش. مەسىلەن: ياغاچ تۈگىنىڭ ئاجرىقىدىن سۇ جىڭغاپ چىققىلى تۇردى. ★ قوغۇن ساپىقىدىن ئاجراپ ۋاك-ۋاك يېرىلىپ پىشىپ كېتىپتۇ.

★ پاقىنىڭ ئاغزى قۇمۇشتىن ئاجراپ، يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** بۆلىنىش، ئايرىلىش.

**ئاچچىق** (سۈپەت) ① ئېغىزنى ئېچىشتۇرىدىغان، تەمى ئۆتكۈر. مەسىلەن: ئاچچىق لازا. ★ بىلىم ئاچچىق يىلتىزدىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تاتلىق مېۋە. ② جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇق. مەسىلەن: ئاچچىق سوغۇق. ③ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان گەپ. مەسىلەن: يىغىندا ئۇ ماڭا ئاچچىق گەپلەر بىلەن ھۇجۇم قىلدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تاتلىق.

**ئاچچىقى كېلىش** خاپا بولۇش، تېرىكىش، چىچىلىش. مەسىلەن: مەن بۇگۈن ماڭاي دېيىشىمگە، ئۇ ئاڭلاپ قېلىپ ئاچچىقى كەپكەتتى.

★ دادامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** غەزەپلىنىش، جۇدۇنى ئۆرلەش، خاپا بولۇش.

**ئاچكۆز** (سۈپەت) تويمايدىغان، نەپسى يامان، نەپسىنى يىغمايدىغان، قانائەتسىز. مەسىلەن: ئاچكۆزنىڭ ئاغرىقى يانچۇقىدا (ماقال). ★ ئاچكۆز تۈلكە قۇۋلۇق بىلەن قاغىنىڭ ئاغزىدىكى بىر پارچە گۆشنى تارتىۋاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئاچپاقا، تويماس، قارنى يامان، نەپسى يامان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۆكسى قارنى توق، مەرد، سېخىي.

**ئاختارما** (سۈپەت) ئاغدۇرۇلغان، ئاغدۇرۇپ قويۇپ تېرىلمىغان. مەسىلەن: ئاختارما يەر. ★ سايدا تاش تېپىلماپتۇ. ئاختارمىدا داڭگال (ماقال).

**ئاختۇرۇش** (پېئىل) مەلۇم نەرسىنى ئىزدەش، قىدىرىش. مەسىلەن: لۇغەت ئاختۇرۇش. يانچۇق ئاختۇرۇش. ★ بوۋاينىڭ باللىرى قوللىرىغا كەتمەن ئېلىپ باغنىڭ ھەممە يېرىنى ئاغدۇرۇپ، ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ كۆمۈلگەن ئالتۇن-يامبۇنى تاپالماپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئىزدەش، قىدىرىش.

**ئاخىرەت** (ئىسىم) ئۇ دۇنيادا، باقىي ئالەم، قىيامەت. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئاتىسى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپتۇ.★ ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار شاھزادىنى سۇدىن سۇزۇۋېلىپ چىقىپ قارىسا، ئۇ ئاللىقاچان ئاخىرەتكە كەتكەنىكەن.

مەنىداش سۆزى: قىيامەت، تاڭنا، مەھشەر، ئۇ دۇنيا.

**ئاخىرەتكە سەپەر قىلىش** ئۇ دۇنياغا كېتىش، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش، ئۆلۈش؛ ۋاپات بولۇش، قۇربان بولۇش، ئالەمدىن ئۆتۈش، قازا قىلىش. مەسىلەن: بوۋاي ئوغۇللىرىغا: «مەندىن كېيىن قالساڭلار، ئاشۇ يەرنى كولاپ ئالتۇننى ئېلىپ ئىناق ئۆتۈڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ-دە، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپتۇ...

مەنىداش سۆزى: ۋاپات بولۇش، جان ئۈزۈش.

**ئاخىرى** (رەۋىش) ① ئىش ھەرىكەتنىڭ تۈگەش چېكى، ئايىغى، ئەڭ كەيىنى. مەسىلەن: مەن بۇ ئىشقا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىر ئامال تاپتىم. ② ئاخىرقى ھېسابتا، نەتىجىدە، بەربىر، ھامان. مەسىلەن: تىكىستىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىپ، ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىڭلار.

مەنىداش سۆزى: ئايىغى.

**ئاداۋەت** (ئىسىم) ئۆزئارا چىقىشالماسلىق، ياكى قارىمۇقارشىلىق، دۈشمەنلىك مۇناسىۋەت؛ گىنە، خۇسۇمەت، ئۆچمەنلىك. مەسىلەن: ئاداۋەت تۇتماق. ★ مەن ھەرگىز ئاداۋەت تۇتمايمەن.

مەنىداش سۆزى: غۇم، كەك، گىنە، خۇسۇمەت، ئۆچ.

**ئادەت** (ئىسىم) ئۇزۇن يىل داۋامىدا ئۆگىنىپ، كۆنۈپ قالغان تەرتىپ، قىلىق، خۇي، يوسۇن، ئەنئەنە، ئۇدۇم. مەسىلەن: ياخشى ئادەت. ئادەت بولۇپ قالماق. ★ ھەر كۈنى ئەتىگەندە چىشنى چوتكىلاپ، ئاخشىمى پۇتنى يۇيۇپ يېتىش ياخشى ئادەت. ★ ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ★ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

مەنىداش سۆزى: قائىدە-يوسۇن.

**ئادەتتىن تاشقىرى** ئادەتتىكىدىن ئۆزگىچە، پەۋقۇلئاددە،

ئادەتتىكىچە ئەمەس، ناھايىتى، ئىنتايىن. مەسىلەن: سىنىپ ئىچى ئادەتتىن تاشقىرى پاكىز ھەم رەتلىك، يورۇق ھەم ئازادە كۆرۈنەتتى.
مەنىداش سۆزى: ئۆزگىچە، پەۋقۇلئاددە.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئادەتتىكىچە.

**ئادەم** (ئىسىم) پىكىر قىلىش، سۆزلەش ۋە ئەمگەك قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ھەم ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان، شۇ سەۋەبلىك باشقا ھەممە مەخلۇقاتتىن ئۇستۇن تۇرغۇچى جانلىق، كىشى، ئىنسان.
مەسىلەن: ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا (ماقال).
مەنىداش سۆزى: ئىنسان، كىشى.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ھايۋان.

**ئاددىي** (سۈپەت) ئادەتتىكى، باشقىلاردىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدىغان؛ ھەر ۋاقىت ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئادەتلەنگەن، ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس، ئوڭاي ھەل قىلىشقا بولىدىغان.
مەسىلەن: ئاددىي گەپ. ئاددىي خىيال. ★ بىز بۇرۇن ئاددىي بىر ئېغىز كىيسەك ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. ★ ئۇ مەردانىنىڭ ئۇنچىلىك ئاددىيلا تېز جاۋاب بېرىشىنى ئويلىمىغانىدى.
مەنىداش سۆزى: ئاسان، ئوڭاي.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مۇرەككەپ، قىيىن، تەس.

**ئادىل** (سۈپەت) بىرەر تەرەپكە يان باسماي، ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن خالىسانە ۋە ھەققانىي ئىش قىلىدىغان، ھەققانىي يول تۇتىدىغان، لىللا، توغرا. مەسىلەن: دىلىغۇل بولما، بول راۋان، دادىل، تەلەپ قىل، / چارە تاپ، ئىشتا بول ئادىل. / تۈز يولدا مۇدۇرلۇپ، يورۇقتا تەمترەپ، / تىنچلىقتا ئەنسىرەپ يۈرمەيدۇ ئاقىل.
مەنىداش سۆزى: ھەققانىي، ئادالەت.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئادالەتسىز.

**ئادىل باھا** بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمەي، ئادالەتلىك بىلەن

www.uyghurkitap.com

ھەققانىي بېرىلگەن باھا، توغرا باھا. مەسلەن: ئارمان ماگىزىنىنىڭ ماللىرى ئادىل باھادا سېتىلىدۇ. ★ ھەققەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت، ئەمەلىيەتتە خەلق بەرگەن باھا، ئەڭ ئادىل باھا!

مەنىداش سۆزى: ھەققانىي باھا.

**ئاران** (رەۋىش) ① زور قىيىنچىلىق بىلەن، كۆپ مۇشەققەتتە، تەستە. مەسلەن: بۇگۈن ھېساب تاپشۇرۇقنى ئىككى سائەت باش قاتۇرۇپ ئاران ئىشلەپ بولدۇم. ② سەل-پەل، بىلىنەر-بىلىنمەس. مەسلەن: ــ باھار... باھار، ــ دېدى ئانا ئاران ئاڭلانغۇدەك بوش ئاۋاز بىلەن پىچىرلاپ.

مەنىداش سۆزى: زورىغا، قىيىنلىپ، زورۇقۇپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بىمالال، بەھۇزۇر.

**ئارتۇقچىلىق** (ئىسىم) ئالاھىدە تەرەپ، ئالاھىدىلىك. مەسلەن: ساۋاقداش ياسىنجاننىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى. ★ باشقىلارنىڭ بىتەرسىزلىكىنى كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرمەسلىك توغرا ئەمەس.

مەنىداش سۆزى: ياخشىلىق، ئۈستۈنلۈك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەمچىلىك، بىتەرسىزلىك.

**ئارتىش** (پېئىل) يۈكىنى، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەسلەرنى مەلۇم نەرسە ياكى ترانسپورت ۋاستىسى ئۈستىگە جايلاشتۇرۇش، يۈكلەش. مەسلەن: ئېشەككە تاغارنى ئارتىپ مېڭىپتۇ. ★ ئۇ چاپىنىنى سېلىپلا ئالمىنىڭ شېخىغا ئارتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

**ئارچا** (ئىسىم) دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، ئىگىز ئۆسىدۇ. شارىسىمان مېۋىسى، يىڭنەسىمان يوپۇرمىقى بولىدۇ. ياغىچى چىڭ ھەم پۇراقلىق بولىدۇ. مەسلەن: ئارچىلار پاخپىيىپ، نۇرغۇن قار تەڭگىلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. ★ ئاپام ئارچا ياغىچىدىن ئىسرىق سېلىپ پات-پات ئۆيلەرنى ئىسرىقداپ تۇراتتى.

**ئارخىپ** (ئىسىم) بىرەر ئىدارە، تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيىتى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار: بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئارخىپى تېخى كەلمىدى.

مەنىداش سۆزى: مەپكۇرە خالتىسى.

**ئارزۇ** (ئىسىم) بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىچكى سېزىم، ئىستەك، ئىنتىلىش، ھەۋەس. مەسىلەن: مەن چوڭ بولغاندا دوختۇر بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

مەنىداش سۆزى: ئارمان، تىلەك، ئۈمىد.

**ئارغامچا** (ئىسىم) پاختا يۇڭ، چىگە ۋە ھەر خىل سۈنئىي تالالارنى ئېشىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان توم تانا، ئارقان. مەسىلەن: يۇڭ ئارغامچا. ★ بۈگۈن بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپتە ئارغامچا تارتىشىــــش مۇسابىقىسى بولدى.

مەنىداش سۆزى: ئارقان.

**ئارقا** (ئىسىم) ① گەۋدىنىڭ قورساققا نىسبەتەن كەينى تەرىپى. مەسىلەن: ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرماقچى بولغان پاتەم توختاپ قالدى. ② نەرسىلەرنىڭ كەينى: ئۇ تامنىڭ ئارقىسىغا چاپلانغان ئېلاننى ئاستا سويۇۋالدى.

مەنىداش سۆزى: كەينى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئالدى، يۈزى.

**ئارمان** (ئىسىم) ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ-ئىستەك ياكى ۋاقتىدا قىلىنمىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن كۆڭلىدە قالغان ئۆكۈنــــچ، پۇشايمان. مەسىلەن: ئاكام ئاپامنىڭ ئارمىنىنى يەردە قويماي ئۇستا نەققاشچى بولدى. ★ شۇنچە يىل ئوقۇغىنىم بىكار بولدى. بىرەر ئالىي مەكتەپكە كىرەلىگەن بولسام ئارمىنىم يوقتى.

مەنىداش سۆزى: ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك.

**ئارماندا قالماق** ئارزۇ-مەقسەتكە يېتەلمەي ياكى ئىشنى بىر باشقا ئېلىــپ چىـــقالماي ئەپسۇسلانماق، ھەسرەت-نادامەتتە قالماق. مەسىلەن: ئۇ ئارماندا قالماسلىق ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى چارە، ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلىمەن، ــ دېدى ــ دە، ئوپېراتسىيە قەغىزىگە قول قويدى. ★ ئۇلار دوستىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشەلمەي ئارماندا قالدى.

مەنىداش سۆزى: داغدا قالماق، پۇشايمان قىلماق.

**ئارىسالدى بولۇش** قانداق قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىش، ئىككىلىنىپ قېلىش، دەككە-دۈككىدە بولۇش. مەسىلەن: مەن ئۆزۈمنىڭ بىۋاستە تەسىراتىم ئارقىلىق شۇنى بىلدىمكى، ھازىر بىر قىسىم يولدىن ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەر ئاچا يول ئاغزىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرماقتا.

**مەنىداش سۆزى:** دېلىغۇل بولۇش، ئىككى خىيال بولۇش، ئىككىلىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك مەنىلىك سۆزى:** كەسكىن بولۇش، ئىككىلەنمەسلىك.

**ئارىلىق** (ئىسىم) نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جاي، بوشلۇق، مۇساپە. مەسىلەن: بىز كۆچەتلەرنى 50 سانتى ئارىلىق قويۇپ تىكتۇق. ★مەكتەپ بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى يىراق، شۇڭا ئاپتوبۇسقا چىقۋال. ★ شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئۆيگە كېلىۋالدىم.

**ئارىيەت بېرىش** ئۆتنە بېرىش، قەرز بېرىش. مەسىلەن: مەن ئۇنىڭغا پۇل ئارىيەت بەردىم. ★ — لىنا ماڭا يېشىل قېرىندىشىڭنى ئارىيەت بېرىپ تۇرامسەن، — دەپ سورىدى ئۇ.

**مەنىداش سۆزى:** قەرز بېرىش، ئۆتنە بېرىش.

**ئارىيەت ئېلىش** ئۆزىدە يوق، جىددىي ئېھتىياجلىق مەلۇم نەرسىنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىشكە ئېلىش؛ ئۆتنە ئېلىش، قەرز ئېلىش. مەسىلەن: مەن قەلىمىمنى يوقىتىپ قويۇپ، ساۋاقدىشىمدىن ئارىيەت ئېلىپ تۇردۇم. ★ مەن دائىم مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيمەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆتنە ئېلىش، قەرز ئېلىش.

**ئازگال** (ئىسىم) ئويۇلۇپ ئورا بولۇپ قالغان جاي؛ ئويمان. مەسىلەن: سىپىل تۈۋى چوڭ بىر ئازگال ئىدى. ★ تولكە دىققەتسىزلىكتىن ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئويمان، چوڭقۇر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۆڭ.

**ئاسانلىقچە** (رەۋىش) ئوڭايلىق بىلەن. مەسىلەن: ئاسانلىقچە ياش چىقمايدىغان كۆزۈمدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئوڭايلىقچە.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەسلىكتە، قىيىندا، مۈشكۈلدە.

**ئاسراش** (پېئىل) ئاياش، قوغداش، پەرۋىش قىلىش. مەسىلەن: ئۇ باللارنى بەك ئاسرايدۇ. ★ بىز ئوقۇش قوراللىرىمىزنى ئاسرىشىمىز كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** كۆيۈنۈش، بېقىش، كۈتۈش.

**ئاش** (ئىسىم) ① قازاندا پىشۇرۇلغان تاماق؛ غىزا، يېمەكلىك. مەسىلەن: ئىش بار يەردە ئاش بار (ماقال). ② پولۇ، قويۇقئاش. مەسىلەن: بىز ئاش دەم يېگۈچە باغقا كىرىپ ئايلىنىپ چىقتۇق. ③ ئۇن چىقىرىلىدىغان دانلىق زىرائەت. مەسىلەن: بىلمىسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش (ماقال).
**مەنىداش سۆزى:** تائام، غىزا، تاماق، ئوزۇق.

**ئاغىنە** (ئىسىم) (ئاغا+ئىنى) بىر-بىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان دوست، ئاداش، بۇرادەر. مەسىلەن: مەن ھەربىي خىزمەتنى تۈگىتىپ، يېزامغا كېلىپ، بۇرۇن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاغىنەم بەختىنى سورىدىم.
**مەنىداش سۆزى:** ئاداش، بۇرادەر، دوست.

**ئاق كۆڭۈل** كۆڭلى تۈز، نىيىتى توغرا، باشقىلارغا يامانلىق ئىزدىمەيدىغان. مەسىلەن: ئۇ ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە ئۆزىگە سايىۋەن بولۇپ، ئاتا-ئانا لەززىتى بەرگەن ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان كىشىلەرنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى.
**مەنىداش سۆزى:** كۆڭلى تۈز.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۆڭلى قارا، قارا نىيەت.

**ئاقار يۇلتۇز** يۇلتۇز ئارا بوشلۇقتا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق جىسىملار ۋە چاڭ-توزانلار بولۇپ، ئۇلار يەر شارى ھاۋا بوشلۇقى قەۋىتىگە ئۇچۇپ كىرىپ ھاۋا بىلەن سۈركىلىپ، ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. ئەنە شۇ يورۇقلۇق چىقىرىدىغان جىسىملار «ئاقار يۇلتۇزلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئاكوپ** (ئىسىم) ئورۇشتا ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قېزىلغان خەندەك ۋە ئالدىغا توپا قاتارلىقلارنى دۆۋىلەپ توسۇلغان چوڭقۇرلۇق، ئۆرەك. مەسىلەن: ئۇلار تاك ئاتقۇچە ئاكوپ قازدى، تاش دۆۋىلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** خەندەك.

**ئاڭلاش** (پېئىل) ① تاۋۇشنى ئاڭلاش ئورگىنى ئارقىلىق قوبۇل قىلىش. مەسىلەن: مۇزىكا ئاڭلاش. دەرس ئاڭلاش. ★ قىزنىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا (ماقال). ② بىلىش، خەۋەر تېپىش، خەۋەردار بولۇش، ۋاقىپلىنىش. مەسىلەن: باھارخان ئۆلگەندىن كېيىن باقىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ③ قوبۇل كۆرۈش، ماقۇل بولۇش ياكى دېمىنىم، تىل، دەككە ئىشتىش. مەسىلەن: داداڭنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، ئاخىرى تىل ئاڭلايدىغان بولدۇڭ-دە.

**مەنىداش سۆزى:** تىڭشاش، قۇلاق سېلىش.

**ئالاھىدە** (سۈپەت) باشقىلاردىن پەرقلىق، ئايرىم، ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان. مەسىلەن: جۇزۇڭلى تازىلىق ئىشچىسىنى يىراقتىن كۆرۈپ، ئالاھىدە يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىقان ھالدا سەممىيلىك بىلەن: — يولداش، سىز جاپا چەكتىڭىز، خەلق سىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ، — دېدى. ★ كىشمىش ئۈزۈم تۇرپاننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى.

**ئالبوم** (ئىسىم) خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن فوتو سۈرەتلەر، ئاتكىرىتكىلار ياكى ھەر خىل ماركىلار توپلام قىلىپ چاپلانغان دەپتەر. مەسىلەن: ئاپام ئالبومنى ئېلىپ ماڭا، — سەن بەك كىچىك تۇغۇلغاچقا بەك جاپادا چوڭ قىلدۇق، — دەپ بىر پارچە رەسىمنى كۆرسەتكەندى، ئۆزۈمنى ھەيران قالدىم.

**ئالتۇندەك** (سۈپەت). ئالتۇن رەڭلىك، ئالتۇنغا ئوخشاش. مەسىلەن: كۆز يەتكۈسىز كەڭ بوغداي ئېتىزلىرىدا سارغىيىپ پىشقان بوغداي باشاقلىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى.

**ئالچاڭلاش** (پېئىل) پۇتىنى كېرىپ، ئېغاڭلاپ مېڭىش، كۆرەڭلەش. مەسىلەن: خوراز ناخشىسىنى ئېيتقىنىچە ئالچاڭلاپ كېتىپ قاپتۇ.

★ ئۇ ئاغرىپ ساقايغاندىن كېيىن ئالچاڭلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

**ئالداش** (ئىسم) يالغان سۆز-ھەرىكەتلەر بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش، ئازدۇرۇش. مەسىلەن: تۈلكە ئۆچكىنى ئالداپ ئازگالغا چۈشۈرۈپتۇ. ★ ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىنى ئالداشماقتا ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** كۆز بوياش، دوپپىسىغا جىگدە سېلىش، كۆزىگە توپا چېچىش، بۇرۇنىغا چاڭگا تىزىش، تۇزاق قۇرۇش.

**ئالدى** (ئىسم) ① نەرسىلەرنىڭ كۆزەتكۈچىگە قاراپ تۇرغان تەرىپى؛ يۈزى. مەسىلەن: ئۆينىڭ ئالدى بەك چىرايلىق گۈللۈك ئىدى. ② ياخشىسى، ئەلاسى. مەسىلەن: قەيسەر ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدى.

**مەنداش سۆزى:** ياخشىسى، دەسلەپكىسى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئارقىسى، كەينى.

**ئالقىش** (ئىسم) رەھمەت سۆزى، رەھمەت تۇيغۇسى، قوللاش، ھىمايە قىلىش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ياڭرىغان ئاۋاز ياكى چاۋاك. مەسىلەن: ئالقىش ئالغان ئامان، قارغىش ئالغان يامان (ماقال). ★مۇئەللىم گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۆچمە قىزىل بايراقنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

**مەنداش سۆزى:** يۇقىرى باھا، ياخشى تىلەك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قارغىش.

**ئالما** (ئىسم) ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپىس شەكلىدە، گۈلى قىزغۇچ ئاق، قىزىل كېلىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق، تەمى تاتلىق ياكى چۈچۈمەل بولىدۇ. مەسىلەن: مەن كۈندە سالامەتلىككە پايدىسى كۆپ دەپ ئەتىگەن-كەچتە ئالما يەيمەن.

**ئامال تېپىش** بىرەر مەسىلە ۋە ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل-چارىسىنى ئويلاپ چىقىش، بىرتەرەپ قىلىش، ئىلاجىنى قىلىش. مەسىلەن: ئىچى ئاغرىپ غازلارنىڭ، / بېشى بەكمۇ قېتىپتۇ. / ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىرى، / مۇنداق ئامال تېپىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

**مەنداش سۆزى:** چارە ئىزدەش.

**ئامالسىز** (سۈپەت) ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ياكى ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىلاجىسى بولمىغان، چارىسى يوق، ئىلاجىسىز. مەسىلەن: ئامالسىز ئىش. ★ ئاپىسى ئۇنى ئۆي ئىشىنى قىلدۇرمىغاچقا، ئامالسىز ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ دەرس تەكرارلاشقا باشلىدى.

**مەنداش سۆزى:** تەدبىرسىز، ئىلاجىسىز، چارىسىز.

**ئامراق** (سۈپەت) مېھرى-مۇھەببىتى بار، مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان، ئىشتىياق باغلىغان، ياخشى كۆرگەن، يېقىن، ئېجىل. مەسىلەن: بۇ بالا تاتلىق نەرسىلەرگە بەكمۇ ئامراق. ★ بىز گىلاسقا بەكمۇ ئامراق. 20ـئىيۇل دادامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، بۇ گىلاسلارنى شۇ كۈنى يەيمىز.

**مەنداش سۆزى:** خۇشتار، مۇشتاق،

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆچ، بىزار، ھۆ.

**ئانا** (ئىسىم) ① پەرزەنتلىك ياكى بالا-چاقىلىق ئايال كىشى (ئۆز باللىرىغا نىسبەتەن). مەسىلەن: ئۆز ئانا. ئۆگەي ئانا. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئانىسى كىرىپ كەپتۇ. ② يېشى چوڭ، قېرى ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش، مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى. مەسىلەن: ئانا، سىلە قەيەردىن كەلدىلە؟ ③ يېشى چوڭ، قېرى ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ چاقىرىشتا ئۇلارنىڭ نامىغا قوشۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ مەسىلەن: قەمبەرخان ئانا كەلسىلە، بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟ ئولتۇرسىلا.

**مەنداش سۆزى:** ئاپا، ئىنە، ۋالىدە.

**ئانا تىل** ① سۆزلىگۈچى شەخسكە مەنسۇپ بولغان خەلق تىلى، ئۆز مىللىتىگە خاس خەلق تىلى. ② باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل دەرسلىكى. مەسىلەن: چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئانا تىلغا پۇختا بولۇش كېرەك.

**ئانا مەكتەپ** دەسلەپ ئوقۇغان ياكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەكتەپ. مەسىلەن: ئانا مەكتەپ، مېنىڭ ئىككىنچى ئانام. ئۇ ماڭا بىلىم بېرىدۇ. ★ ئانا مەكتەپ پۈتمەس بۇلاق، / دىلغا ياقار نۇرلۇق چىراق.

**ئانا ۋەتەن** كىشى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن مۇقەددەس سانالغان مەملىكەت. مەسىلەن: ئانا ۋەتەن مېھرىنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى-جەڭچى روھىنىڭ سۇنماس ۋە تالماس قانىتى.

**ئانا يۇرت** تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، چوڭ بولغان، مۇقەددەس سانىلىدىغان يۇرت، ئورۇن، جاي. مەسىلەن: مېنىڭ ئانا يۇرتۇم قۇمۇل، مەن قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ، قۇمۇلدا چوڭ بولدۇم.
**مەنداش سۆزى:** ئانا ماكان.

**ئاۋارە بولۇش** ئۆزىنى كايىتىش، قىينىلىش. مەسىلەن: مەسىلەمنى ھەل قىلالماي بىر يىل ئاۋارە بولدۇم. ★ رەھىمجان كۈن بويى ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ★ ئاپىرىپ بېرىڭ دېمەپ سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدىم، ھە.

**ئاۋاز** (ئىسىم) ① ماددىلارنىڭ تەۋرىنىشى، نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان تاۋۇش. مەسىلەن: يامغۇر ئاۋازى. ★ قەيەردىندۇر نەي بىلەن راۋابنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ② ئۆپكىدىن چىققان ھاۋانىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن تاۋۇش پەردىلىرىنىڭ تەۋرىنىشىدىن چىققان تاۋۇش؛ سادا. مەسىلەن: ــ ئەي ئوغلۇم، ــ دېدى ئۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، ــ نېمە سىرىڭ بار، ماڭا ئېيت.
**مەنداش سۆزى:** ئۈن، شەپە.

**ئاۋۋالقى** (سۈپەت) ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن باشقىسىدىن ئالدىن، ئىلگىرى بولغان، ئىلگىرىكى، ئالدىنقى، بۇرۇنقى. مەسىلەن: قەبرە يەنە گۈپ قىلىپ ئاۋۋالقى ئەسلىگە كەلدى. ★ ئاۋۋالقىدەكلا ئاتىسىدىن قالغان مال-دۇنيانى يەپ بەخىرامان تاماشا قىلىپ ئۆتتۈۋېرىپتۇ.
**مەنداش سۆزى:** دەسلەپكى، بۇرۇنقى.

**ئاۋايلاش** (پېئىل) ئېھتىيات قىلىش، دىققەت قىلىش. مەسىلەن: تايچاق ئاۋايلاپ ئاستا دەريادىن ئۆتتۈشكە باشلاپتۇ. ★ ــ مەن قەلەمنى ئاۋايلاپ ئىشلىتىمەن، ــ دېدى لىنا.
**مەنداش سۆزى:** ئاياش، ئاسراش.

**ئاۋغۇست** (ئىسىم) قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن (پاپالىرىدىن)

www.uyghurkitap.com كىتاب تورىكتى

بىرىنىڭ نامى. ئۇ مىلادىيە كالىندارىنى تۇزۇشكە باشلامچىلىق قىلغانلىقى ئۇچۇن 8ـ ئاينى ئۇنىڭ نامىدا ئاتىغان. مەسىلەن: 1ـ ئاۋغۇست ـ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغان بايرام كۈن.

**ئايرىش** (پېئىل) ① نەرسىلەرنى پۈتۈندىن ئاجرىتىپ ئېلىش، تەركىبىي قىسىملارغا بۆلۈش. مەسىلەن: تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى ئېقىدىن ئايرىش. ② ئاجرىتىش. مەسىلەن: بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىش. ③ ئاجرىتىپ قويۇش، ئارىغا چۈشۈش. مەسىلەن: سىنىپ باشلىقى زۇمرەت بىلەن ساجىدەنىڭ جېدىلىنى ئايرىپ قويىدى.

# ئە

**ئەبەدىيلىك** (ئىسىم) دائىملىق، مەڭگۈلۈك. مەسىلەن: ئەبەدىيلىك كۈچ. ★ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشى ئەبەدىيلىك ئىشتۇر.

مەنىداش سۆزى: تائەبەتلىك، مەڭگۈلۈك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بىردەم، بىرپەس.

**ئەپلىك** (سۈپەت) مۇۋاپىق، قولاي، ئوڭۇشلۇق، چاققان. مەسىلەن: دۇتتار ئىككى تارلىق ساز بولۇپ، ئۆگىنىشكە ئەپلىك، خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان.

★ گالستۇك چەگدىم، / بويىنۇمغا ئەپلىك، / سەپىنىڭ ئالدىدا، / تىزىلىپ رەتلىك.

★ ئەكبەرنىڭ قولى ئەپلىك بولۇپ دائىم ساۋاقداشلىرىنىڭ چاچلىرىنى ياساپ قويىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ماھىر، چېۋەر، قولاي، ئەپچىل.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پەمسىز، دۆت، دىتسىز، كېلەڭسىز.

**ئەپۇ سوراش** (پېئىل) كەچۈرۈم سوراش، ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنۈش، ئۆزرە ئېيتىش. مەسىلەن: ئەپۇ قىلىڭ. ★ دىققەت قىلماي، كەينىمگە قارايمەن دەپ سىزنى سوقۇۋەتتىم، ئەپۇ قىلىڭ.

مەنىداش سۆزى: ئۆزرە ئېيتىش، كەچۈرۈم سوراش.

**ئەتە** (رەۋىش) بۈگۈندىن كېيىنكى بىر كۈن. مەسىلەن: ئەتىسى كاتە مەكتەپكە كەلگەندە لىنا: — قانداق ئاكاڭ ماقۇل بولدىمۇ؟ – دەپ سورىدى. ★ بۈگۈن ماڭا كەلدى، ئەتە ساڭا كېلەر (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** تاڭنا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بۈگۈن.

**ئەتراپ** (ئىسىم) تۆت تەرەپ، پەرق ئەتكەن ھەممە ياق، مەلۇم نەرسىنىڭ چۆرىسى، يېنى. مەسىلەن: كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپقا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق (ماقال). ★ باللار مۇئەللىمنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ★ يېقىن ئەتراپتا باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى.

**مەنىداش سۆزى:** چۆرىسى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوتتۇرىسى.

**ئەتىگەن** (رەۋىش) سەھەر، بالدۇر. مەسىلەن: مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن كۈن چىقماستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ گىمناستىكا ئوينايمەن. ★ بىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپتە بايراق چىقىرىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** تاڭ، سەھەر، سۇبھى، بامدات، بالدۇر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەچ، كېيىن، زاۋال، گۇگۇم، ئاخشام.

**ئەجەبسىنىش** (پېئىل) ئەجەبلىنىش ھېس قىلىش؛ ھەيران بولۇش. مەسىلەن: ئۇ سابىرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، بىر ئاز ئەجەبسىنىپ قاسمغا قارىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ھاڭ-تاڭ قېلىش، غەيرى ھېس قىلىش، قىزىقىش، سونۇرقاش، ئەجەبلىنىش.

**ئەجەبلىنىش** (پېئىل) ھەيران قېلىش، ھەيران بولۇش، تاڭ قېلىش؛ تەئەججۇپلىنىش. مەسىلەن: ئۇلار پەيزۇللانىڭ ئۇيقىلىقتا جۆيلۈپ تۇرۇپ «مۇئەللىم» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىشتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئەس-يادى مۇئەللىمدە ئىكەندە.

**مەنىداش سۆزى:** ھەيران قېلىش، تاڭ قېلىش، ئەجەبسىنىش.

**ئەجداد** (ئىسىم) بۇرۇن ئۆتكەن ئاتا-بوۋىلار، نەسىل-نەسەب. مەسىلەن: ئەجدادلار ئۇمىدى. ئەجدادلار ۋەسىيىتى. ★ ئىنقىلابىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** جەددى-جەمەت، ئاتا-بوۋا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەۋلاد، بالا-بارقا، نەۋرە-چەۋرە.

**ئەجىر** (ئىسىم) ئەقلى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قىلىنغان ئىش؛ **ئەمگەك، مېھنەت.** مەسىلەن: باغۋەننىڭ ئۆزى ئەجىر قىلىپ بەرپا قىلغان بىر گۈزەل بېغى بار ئىكەن. ★ ھۆزۈر-ھالاۋەت ۋە بايلىق، جاپالىق ئەمگەك ۋە ئەجىردىن كېلىدۇ. ★ — مەن ئەجىر قىلىپ تېرىغان قوغۇن، — دېدى ئۇ.

**مەنىداش سۆزى:** تەر تۆكۈش، ئىشلەش.

**ئەجىر قىلىش** ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچ چىقىرىش، ئىش-ئەمگەك قىلىش، سەمىمىي ئىشلەش، ئەمگەك سىڭدۈرۈش. مەسىلەن: مەن ئۆزۈم ئەجىر قىلىپ ئىشلەپ تېرىغان قوغۇن-تاۋۇزلار بۇ، يەڭلار باللىرىم. ★ بىز ياخشى ئوقۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپرەك ئەجىر قىلىپ تۆھپە يارىتىشىمىز لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** تەر تۆكۈش، ئەمگەك سىڭدۈرۈش.

**ئەخمەق** (سۈپەت) ئەقىل ئىشلەتمەيدىغان نادان، **ھاماقەت.** مەسىلەن: ئەخمەقنىڭ چوڭ-كىچىكى يوق (ماقال). ★ بالا «كىشىلەرنى ئەخمەق قىلدىم» دەپ خۇش بولۇپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** دۆت، كالۋا، ھاماقەت، ئەقىلسىز.

**ئەخمەق قىلىش** باشقىلارنى بىرەر بولمىغان ئىش، قىلمىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇش، كولدۇرلىتىش، گەپكە سېلىش، ئەخمەق ئېتىش. مەسىلەن: يالغاندىن «بۆرە كەلدى!» دەپ ۋارقىراپ، ئۆزىچە «كىشىلەرنى ئەخمەق قىلدىم» دەپ خۇش بولۇپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** گوللاش، ئالداش.

**ئەدەش** (پېئىل) ① ئاۋۇپ قېلىش، ئۇلغىيىپ، كۆپىيىپ قېلىش. مەسىلەن: بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بىسىلىپ قالغان باھار شاملى يەنە ئەدەپ قالدى.

★ سۇ ئىچىمۇ ئەدەپ ئېرىقتىن تاشماقتا ئىدى. ② ئۆزىنى بىلەلمەي ھەددىدىن ئېشىش. مەسىلەن: ئۇ يوگۇرۇپ كېلىپ قولۇمغا ئېسىلدى، گەپ قىلمىدىم، ئۇ ئىچىمۇ ئەدەپ ياقامغا ئېسىلدى.

مەنىداش سۆزى: ئەزۋەيلەش، ئۇلغىيىش، كۆپىيىپ قېلىش.

**ئەر** (ئىسىم) ① ئەركەك جىنسقا مەنسۇپ كىشى. مەسىلەن: ئەر كىشى. ئەر خەق. ★ بىر سۆز بىلەن ئەر ئۆلمەس (ماقال). ② خوتۇن كىشىنىڭ نىكاھلىق بولغان جۈپتى. مەسىلەن: ئەر قەيەردە بولسا، خوتۇن شۇ يەردە (ماقال). ③ مەرد يىگىت، ئالىيجاناپ، جەسۇر كىشى. مەسىلەن: ئەل بار يەردە، ئەر بار (ماقال).

مەنىداش سۆزى: ئەركەك، ئەرەن، ئەزىمەت، يىگىت.

**ئەركە-ناياق** ئۆز ئىختىيارى، خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئەركە ئۆسكەچكە ئۆزى قويۇلغان؛ ئەتىۋارلىق. مەسىلەن: ئۇكاڭنى ئەركە-ناياق چوڭ قىلىپ قويغاچقا، قىلمەن دېگىنىنى قىلىدۇ.

مەنىداس سۆزى: ئەركە-تايتاڭ، غىلجىڭ، ناياق.

**ئەزا** (ئىسىم) بىرەر ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا، جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولغان كىشى. مەسىلەن: ئىتتىپاق ئەزالىرى سىنىپتا قېلىڭلار، ئازراق يىغىن ئېچىۋالايلى. ★ قېنى ئېيتقىن، كەنتتە كىملەر پارتىيە ئەزاسى.

**ئەستايىدىل** (رەۋىش) كۆڭۈل قويۇپ، پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن، قېتىرقىنىپ. مەسىلەن: ئەستايىدىل ئۆگىنىش. ئەستايىدىل ئويلىنىش. ★ ئۇ كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇۋېدۇ. ★ مۇئەللىم، تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىمىزنى تارقىتىۋېتىپ، — مۇندىن كېيىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئىشلەڭلار، — دېدى.

مەنىداش سۆزى: ئىخلاس، ئېتىقاد، كۆڭۈل قويۇپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بىپەرۋا، پەرۋاسىز.

**ئەستايىدىللىق** (ئىسىم) كۆڭۈل قويۇپ، قېتىرقىنىپ ئىش كۆرۈش ئادىتى، مىجەز. مەسىلەن: دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: كۆڭۈل قويۇش، قېتىرقىنىش.

**ئەقىل** (ئىسىم) ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىش، بىلىش قابىلىيىتى.
مەسىلەن: ئەقىل ئىگىسى. ★ تۆگىدەك بويۇڭ بولغۇچە، تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن (ماقال). ★ مەن سېنى ئەقىللىق بالا بولدى دېسەم، نومۇس قىلماي شۇ نومۇرنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭمۇ؟!

مەنىداش سۆزى: زېھىن، پەم، ئىدراك، پاراسەت.

**ئەقىللىق** (سۈپەت) ① ئەقلى بار، كاللىسى ئىشلەيدىغان، ئۆتكۈر، ھوشيار، زېرەك. مەسىلەن: نىيىتىڭ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئۆگىنىشتىمۇ ئىنتايىن تىرىشچان ئىدى. ★ ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر، نادان دوستىنى (ماقال). ② ئەقىل بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن، بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان. مەسىلەن: مانا بۇ ئەقىللىق گەپ، تازا توغرا ئېيتتىڭ.

مەنىداش سۆزى: زېرەك، ئۆتكۈر، ھوشيار.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دۆت، كالۋا، ئەقىلسىز، پەمسىز.

**ئەگرى** (سۈپەت) ① قىڭغىر، ئېگىلگەن. مەسىلەن: بوۋاي شۇ ئەگرى دەرۋازىدىن چىقىپ رەستىلەرنى ئايلىنىپ، دوپپا بازىرىغا باردى. ② كۆچمە. ناتوغرا، ساپ ئەمەس؛ ناپاك. مەسىلەن: ئەگرى قول. ئەگرى سۆز.

مەنىداش سۆزى: قىڭغىر، قىيسىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تۈز، ئوتتۇرى.

**ئەگىشىش** (پېئىل) ئارقىسىدىن مېڭىش، كەينىدىن بېرىش.
مەسىلەن: ئۇ ئاخىرى، چاقىرغان ساۋاقدىشىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتى. ★ سوپسوپىياك بىلەن تاغ قۇشقىچىنىڭ باللىرى چوڭ بولۇپ ئانىسىغا ئەگىشىپ زىيانلىق قۇرۇتلارنى تېرىپ يەيدىغان بوپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئىقتىدا قىلماق.

**ئەكسىچە** (رەۋىش) ئارزۇ قىلغان ئىشنىڭ تەتۈرى، قارشى ھالدا.
مەسىلەن: مەن مېھرىگۈلنى سىنىپتىن كۆچەلمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەكسىچە ئۇ

www.uyghurkitap.com

مەندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، ئەلاچى بولدى. ★ يېڭى كەلگەن ساۋاقداشلارنى بوزەك ئەتمەي، ئەكسىچە ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** تەتۈرىسىچە.

**ئەكسىيەتچى** (ئىسىم) ئىلگىرىلەشكە، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا قارشى. مەسىلەن: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يۇنجۇشى كەنتىنى قورشىۋالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاغدۇرمىچى، رېئاكسىئون.

**ئەڭ** (رەۋىش) سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ياسايدىغان دەرىجە رەۋىشى. مەسىلەن: ئەڭ ياخشى. ★ ئۆسمۈرلەر گېزىتى بىز ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ يېقىن دوستى.

**مەنىداش سۆزى:** ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن.

**ئەلەم** (ئىسىم) جىسمانىي ياكى روھىي ئازاب، دەرت-ھەسرەت. مەسىلەن: ئۇلار دادامنى چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر دەپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، ئەلەمگە چىدىماي بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ قويسام، مېنىمۇ سولاپ ئەمگەككە سالدى. ★ ئۇلاردىن ئالالمىغان ئەلەملىرىڭىزنى مەندىن ئالماقچىمۇ؟

**مەنىداش سۆزى:** ئازاب.

**ئەلەم قىلىش** روھىي جەھەتتىن ئازاب چەكتۈرۈش، دەرت-تارتقۇزۇش، جاپا سېلىش. مەسىلەن: بۇ ئىش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەلەم قىلدىكى، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ★ ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇماي، ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ چېكىنىپ كېتىشى، مۇسىبەتتە تۇرغان ئانىسىغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئازابلاش، ئەلەم يۇتقۇزۇش، ئازار بېرىش.

**ئەلچى** (ئىسىم) ① بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مەلۇم ھاجەت، تاپشۇرۇش بىلەن ئەۋەتكەن كىشى. مەسىلەن: ئەلچى قويۇش. ② دىپلوماتىك ۋەكىللەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى. مەسىلەن: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى. ③ كۆچمە. دېرەك (خەۋەر) بەرگۈچى نەرسە، بەلگە. مەسىلەن: تورنا-باھارنىڭ تۇنجى ئەلچىسى ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئەنئەنە** (ئىسىم) كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق، ئىدىيە، ئىستىل، سەنئەت، تۇزۇم قاتارلىق تەرەپلەردە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا، ئاتىدىن بالىغا كېلىۋاتقان، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي ئامىل. مەسىلەن: ئۇيغۇر بوۋاي ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە ئاتنى ئېغىلغا باغلاپ، يىپەك سەللىلىك يولۇچىنى ئۆيگە باشلاپ داستىخان سالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئادەت، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت.

**ئەنسىرەش** (پېئىل) غەم قىلىش، قايغۇرۇش، ئەندىشە قىلىش. مەسىلەن: گۈلچېھرە مۇئەللىم بۇ سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇللۇق ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. ★ مەن دەرس تۈگىگەندىن كېيىن ئاتا-ئانىلىرىمنى ئەنسىرەتمەي ۋاقتىدا ئۆيگە قايتىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** قايغۇرۇش، ئەندىشە قىلىش.

**ئەنسىزلىك** (ئىسىم) بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە قاتتىق ئويلانغان، غەم، ئەندىشە قاپلىغان ھالەت. مەسىلەن: — ئاپلا، بۇغدايلار خاماندا يامغۇردا قالدىغان بولدى، — دېدى دادام ئەنسىزلىك بىلەن. ★ بىر كۈنى يېرىم كېچىدە غەلىتە بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتىم.

**مەنىداش سۆزى:** خاتىرجەمسىزلىك، دەككە-دۈككە، پاراكەندىچىلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تىنچ، خاتىرجەملىك، ئامانلىق.

**ئەھدە** (ئىسىم) پۈتۈشكەن، بىرلىككە كەلگەن، قەتئىي سۆز، ۋەدە، لەۋز، قارار. مەسىلەن: ئەھدە قىلىش. ئەھدىسىدىن چىقىش.

**مەنىداش سۆزى:** ۋەدە، قەسەم.

**ئەھيا قىلىش** (ئىسىم) بەرپا قىلىش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش، بارلىققا كەلتۈرۈش. مەسىلەن: ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ قۇملۇققا ئورمان ئەھيا قىلغانىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** بەرپا قىلىش، بارلىققا كەلتۈرۈش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ۋەيران قىلىش.

**ئەۋزەل** (سۈپەت) ياخشى، ئەلا، ئوبدان، ئارتۇق. مەسىلەن: — سەن ھازىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە، شۇڭا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇڭ كېرەك، — دېدى بوۋام ماڭا. ★ — توغرا — توغرا، — دەپتۇ قوشنىسى ئويلىنىپ تۇرماستىنلا، — چۈيۈرنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىدىن سىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىڭىز ئەۋزەل ئوخشىمامدۇ؟

مەنىداش سۆزى: ياخشى، ئوبدان، ئارتۇق، ئەلا.

**ئەينەن** (رەۋىش) ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز، ئۆز پېتىچە، ئەينى بىلەن، دەل، نەق، ئوپمۇئوخشاش. مەسىلەن: بۇ ئادەم دەل روزەك بەزنىڭ ئەينەن ئۆزى ئىدى. ★ ئوڭدىكى رەسىم سولدىكى رەسىمنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئىكەن.

مەنىداش سۆزى: ئۆز پېتى، ئوپمۇئوخشاش، نەق، دەل.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەينەن ئەمەس، ئەينى بولمىغان، ئەكسىچە.

**ئەيىب** (ئىسىم) ① قائىدە-يوسۇنغا، تەرتىپ-ئىنتىزامغا، ئەدەپ-ئەخلاققا خىلاپ ئىش، كەمچىلىك، سەۋەنلىك. مەسىلەن: بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب (ماقال). ② كىشىنى ئۇيىلىدىغان، نومۇس قىلىدىغان، خىجالەت تارتىدىغان ھەرىكەت، ناچار ئادەت، بولمىغۇر قىلىق. مەسىلەن: سىز دەرسنى بىگىتكە ياش تۆكۈش ئەيىب. ③ نۇقسان، قۇسۇر، ئىللەت، جىسمانىي كەمتۈكلۈك. مەسىلەن: غېمى يوق ئىنسان بولماس، ئەيىبى يوق ھايۋان (ماقال).

مەنىداش سۆزى: ئىللەت، نۇقسان.

## ب

**باتات** (ئىسىم) يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق

ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولۇپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ؛ تۇگۈنەك يىلتىزىنىڭ پوستى قىزغۇچ ياكى ئاقۇچ، گۆشى سارغۇچ ئاق رەڭدە، ئىستېمال قىلىشتىن باشقا، قەنت، ئىسپىرت ئىشلەشكە بولىدۇ. ئۇ يەنە «تاتلىق ياڭيۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**باتارىيە** (ئىسم) خىمىيىلىك ئېنېرگىيە ياكى يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلارنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان قۇرۇلما، پروژېكتور مېيى. مەسلەن: كۆزەتچىنىڭ پروژېكتورىنىڭ باتارىيىسى تۈگەپ قاپتۇ.

**باراقسان** (سۈپەت) قويۇق، بۈك، باغجانلاشقان، ئايىنىغان، بۈك-باراقسان ھالەتكە كەلگەن. مەسلەن: ئۆيىنىڭ كەينىگە تىكىپ قويغان ياڭاق دەرىخى ئۈچ يىل بولا-بولماي باراقسان بولۇپ ئايىنىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: قويۇق، بۈك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: شالاڭ.

**بارماق** (ئىسم) پۇت، قول پەنجىلىرىنىڭ ھەر بىرى. مەسلەن: گاس-گاچىلار بارماقلىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقە قىلىپ پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. ★ ئۇ ھېسابنى قولىنىڭ بارماقلىرىنى ساناپ تۇرۇپ توغرا چىقاردى.

**باش قاتۇرۇش** (پېئىل) مېڭىنى ئىشقا سېلىش، كۆپ ئويلىنىش، ئىزدىنىش. مەسلەن: ئېينىشتېين ئۇلۇغ ئالىم. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى، كۆپرەك باش قاتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ★ تۈلكە قاغىنىڭ ئاغزىدىكى گۆشكە ئېرىشىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئاخىرى بىر ئامال تېپىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئويلىنىش، ئىزدىنىش.

**باغ** (ئىسم) مېۋىلىك دەرەخ، تەك ۋە گۈل-گىياھ ئۆستۈرۈلگەن يەر، مېۋىزارلىق. مەسلەن: ئالمىلىق باغ. ★ بېغى بارنىڭ تېغى بار (ماقال). ★ تىككەن كۆچەتلىرىم ئوبدان ئەي بولۇپ، ئۈچ يىل بولا-بولمايلا راۋۇرۇس مېۋىلىك باغ بولۇپ قالدى.

مەنداش سۆزى: باغچا.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تاغ.

**باغلام** (ئىسىم) ① تۇپلاپ، دەستىلەپ باغلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر بېغى. مەسىلەن: ئۇنىڭ كۆزى ئەسقەرنىڭ قولىدىكى بىر باغلام پۇلغا چۈشتى. ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ باغلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بىر باغلام پىياز. ★ ئۇ قويغا بېرىش ئۈچۈن بىر باغلام چۆپنى يۇدۇپ كىرىپ كەلدى.

**باغۋەن** (ئىسىم) باغنى پەرۋىش قىلغۇچى كىشى. مەسىلەن: ئوقۇتقۇچى باغۋەن بولسا، ئوقۇغۇچىلار باغۋەننىڭ ھىمايىسىدىكى گۈل-غۇنچە. ★ باغۋەن بوۋاي باللىرىغا: — باللىرىم مەن ئۆلگەندىن كېيىن بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار، — دەپتۇ.

**بالا** (ئىسىم) ئاتا-ئانىسىغا نىسبەتەن قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنت. مەسىلەن: مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا (ماقال). ★ ئادەمنىڭ مېۋىسى — بالا (ماقال). ★ باھادىر، ناھايىتى ياخشى، ئەدەبلىك بالا بولۇپ ئۆستى.
مەنداش سۆزى: پەرزەنت.

**بانان** (ئىسىم) بانان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، مېۋىسى ئۇزۇن سەل ئەگرى بولۇپ، خۇشبۇي پۇرايدۇ. تەمى تاتلىق بولىدۇ. مەسىلەن: مايمۇن بانان يېيىشكە بەك ئامراق.
مەنداش سۆزى: بارا.

**باھار بايرىمى** قەمەرىيە يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىدىغان مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى-چاغان. مەسىلەن: باھار بايراملىق دىم ئېلىش. ★ باھار بايرىمى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بايرىمى.
مەنداش سۆزى: چاغان.

**باياشات** (سۈپەت) باي ۋە شاد، پاراۋان، راھەت-پاراغەتلىك، خاتىرجەم. مەسىلەن: ئۇلار دادىسى بار چاغدا باياشاد تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.
مەنداش سۆزى: كەڭتاشا، ئەلۋەكچىلىك.

www.uyghurkitap.com

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يوقسۇز، نامرات، غۇربەتلىك.

**بايان** (ئىسىم) ۋەقە، ھادىسە، پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ ئاغزاكى ياكى يازما ئىپادىسى. مەسىلەن: پىكىر بايان قىلىش. ★ ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ھېكايە ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سۈكۈت.

**بايتال** (ئىسىم) ئاتنىڭ چىشىسى. مەسىلەن: بوۋاي بىر دانە قوناقنى جادۇگەرنىڭ يۈزىگە ئېتىپ: ـــ ئات بول، ـــ دېگەنىكەن، جادۇگەر دەرھال بىر بايتالغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ★ ئېغىلدا بىر بايتال ئۆزىنىڭ تېيى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئايغىر.

**بايراملىق** (سۈپەت) بايرامدا ئىشلىتىلىدىغان ياكى كېرەك قىلىنىدىغان نەرسىلەر. مەسىلەن: بايراملىقماللار. ★ باللار شۇ كۈنى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى.

**بايقاش** (پېئىل) ① كۆرۈش، كۆزىتىش. مەسىلەن: سىز ماۋۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئەتراپنى بايقاپ كېلەي. ② ھېس قىلىش، ئاڭقىرىش، سېزىش، بىلىش. مەسىلەن: ئۇياق ـ بۇياققا چاپقاپ كۆرۈپ كومپاسنىڭ داۋاملىق بىرلا تەرەپنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ③ ئېھتىيات قىلىش، پەخەس بولۇش، دىققەت قىلىش. مەسىلەن: بايقاپ سۆزلىمەك، بايقاپ ماڭماق.

**مەنىداش سۆزى:** كۆزىتىش، سېزىش، بىلىش، پەخەس بولۇش.

**بايلىق** (ئىسىم) تەبىئىي ۋە ئەجىر ئارقىلىق تاپقان، دۆلەت ۋە شەخسكە تەۋە ماددىي نەرسىلەر. مەسىلەن: شىنجاڭ، يەر ئاستى تەبىئىي نېفىت بايلىقى مول يەر. ★ ئۇلار بايلىقنىڭ جاپالىق ئەمگەك ۋە ئەجىردىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

**بەخت** (ئىسىم) ① كىشىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولغانلىق، ئارمانسىزلىق، خۇرسەنلىك ھالىتى. مەسىلەن: دادام: «توغرا، بەختكە ئېرىشكەندە، ماۋجۇشىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. ماۋجۇشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ قەدىردان داھىسى، خەلق ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ» دېدى. ② ئامەت،

تەلەي، ئىقبال. مەسىلەن: ۋاقتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** سائادەت، دۆلەت، قۇت، ئىقبال.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بالا-قازا، ئاپەت.

**بەختىيار** (سۈپەت) بەختكە تولغان، ئامەت، تەلىيى كەلگەن. مەسىلەن: بەختىيار باللار. ★ ئۇنىڭ بەختىيار كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. كەينى-كەينىدىن ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولۇپ، ئۆزىمۇ ئېگە-چاقىسىز قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** بەختلىك، سائادەتلىك، تەلەيلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەختسىز، تەلەيسىز.

**بەخىرامان** (رەۋىش) غەم-ئەندىشىسىز، خاتىرجەم، بىمالال، بەخۇدۇك. مەسىلەن: بۇ چاغدا ئۇ بەخىرامان دۇتار چېلىپ ئولتۇراتتى. ★ئاتىسىدىن قالغان مال-دۇنيانى يەپ، بەخىرامان ئويناپ، تاماشا قىلىپ ئۆتتۈۋېرىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** خاتىرجەم، غەم-ئەندىشىسىز.

**بەدەل** (ئىسىم) ① بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ھەق، بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان باشقا بىر نەرسە. مەسىلەن: بۇ ئىشقا ئاز بەدەل تۆلىمىدۇق. ② بىرەر تەشكىلات ياكى پارتىيە-گۇرۇھ ئەزالىرى قەرەللىك تۆلەپ تۇرىدىغان پۇل. مەسىلەن: مەن بۈگۈن مەكتەپكە ئوقۇش بەدەل پۇلى تاپشۇرۇپ كەلدىم.

**بەرگ** (ئىسىم) ① يوپۇرماق. مەسىلەن: ھەسەل ھەرىسى ئىككى ئالدى پۇتى بىلەن گۈل بەرگىگە ئېسىلدى. ② ساپاق. مەسىلەن: دەل-دەرەخلەر، گۈل-گىياھلار ئۆسۈش جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەۋرگە كەلگەندە ئۆسۈشتىن توختاپ، ئۇيقۇ دەۋرىگە كىرگەندە، يوپۇرماق سارغىيىپ تەبىئىي ھالدا بەرگىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشىدۇ. ★ يارنىڭ بېغىدا ئالما پىشىپتۇ، / بەرگى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

**بوتۇلكا** (ئىسىم) ئەينەكتىن ياسالغان، بوغۇزى تار شىشە. مەسىلەن: بىر بوتۇلكا ئاپېلسىن شەربىتى تۆت ئىستاكان چىقىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** شىشە.

**بوستان** (ئىسىم) دەل-دەرەخ، گۈل-چېچەككە پۈركەنگەن جاي،

يېشىللىق. مەسلەن: باغدا بوستان ئىچىدە، / گۈل-غۇنچىلار زىچچىدە. ★ بىز كۆچەت تىكىپ، گۈل تېرىپ مەكتەپ ئىچىنى بوستانلىققا ئايلاندۇردۇق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چۆل، باياۋان، جەزىرە.

**بوش** (سۈپەت) ① ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق، ئىچىگە ھېچقانداق نەرسە قاچىلانمىغان، قۇرۇق، بىكار. مەسلەن: بوش قاچا. بوش تاغار. ② ئىش، خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولمىغان، ئىشتىن خالىي، بىكار. مەسلەن: بوش ۋاقتلىرىم بولسىلا تىرىشىپ ئۆگىنىمەن. ③ كۈچسىز، زەئىپ، سۇس، ئاستا. مەسلەن: بوش ئاۋاز. ★ — نادىر كۆزۈڭنى ئاچە، — دەپ بوش ئاۋازدا چاقىردى سادىر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چىڭ، زىچ، قاتتىق، لىق.

**بوغۇش** (پېئىل) ① قاتتىق يىغىپ سىقىش، سىقىپ باغلاش. مەسلەن: بىردىنلا كۆتەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، ئۇ يەنە كۆكرىكىمگە مىنىۋېلىپ، گېلىمنى ئىككى قولى بىلەن بوغۇشقا باشلىدى. ② گېلىدىن چىشلەپ ئۆلتۈرۈش. مەسلەن: بۆرە بىرنەچچە قوينى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

مەنىداش سۆزى: سىقىش.

**بوۋا** (ئىسىم) ئانىسىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ دادىسى. مەسلەن: مەن بوۋامدىن «سەن نېمە ئۈچۈن ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى سېتىۋالىسەن؟» دەپ سورىدىم.

مەنىداش سۆزى: چوڭ دادا، ياغ دادا.

**بويسۇنۇش** (پېئىل) ئىتائەت قىلىش، تەن بېرىش، ماسلىشىش، كۆنۈش. مەسلەن: — مۇئەللىم، بىز سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا بويسۇنىمىز. — دېدى مۇختار. ★ غەيرەت مەكتەپنىڭ ئىنتىزامىغا بويسۇنمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

مەنىداش سۆزى: رىئايە قىلىش، ئەمەل قىلىش، تىز پۈكۈش، باش ئېگىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: رىئايە قىلماسلىق، ئەمەل قىلماسلىق، باش تارتىش، بويۇن تولغاش.

**بويلاپ** (پېئىل) ① بويىنىنى سوزماق، سوزۇلماق. مەسلەن: باللار مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دېرىزىدىن بويلاپ قاراشقا باشلىدى. ② چېتىلما ھال پېئىل قوشۇمچىسى «-ىپ» بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، دەريا، يول قاتارلىقلارنى «ياقىلاپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: ئۇ يان تەرەپتىكى چوڭ ئېرىقنى بويلاپ كېتىپ باراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ياقىلاش.

**بويۇن** (ئىسىم) ئادەم ۋە ھايۋان گەۋدىسىنىڭ باش بىلەن تەنىنى بىرىكتۈرۈپ تۇرغۇچى قىسمى. مەسلەن: بۇگۈن پىئونېرلار ئەترەتكە قوبۇل قىلىنغان باللار، بويۇنلىرىغا قىزىل گالستۇك تاقىدى. ★ غازنىڭ بويىنى ئۆردەكنىڭ بويىنىغا قارىغاندا ئۇزۇن بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** گەدەن، شىللە، پاتاڭ.

**بۇزۇش** (پېئىل) بىر يۇرۇش ياكى بىر پۇتۇن نەرسىنى پارچىلاش، چۇۋۇش، سۆكۈش، ئاغدۇرۇش، ۋەيران قىلىش، كېرەكتىن چىقىرىش. مەسلەن: دادا، ئۇكام گاڭپىىمنى چۇۋۇپ، بۇزۇۋەتتى. خەت يازسام چىقمايۋاتىدۇ. ★ ئۇ تەكرار ۋاقتىدا شوخلۇق قىلىپ، دەرسخانىنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇۋەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** چۇۋۇش، سۆكۈش، چېقىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تۈزۈش، قۇرۇش.

**بۇزۇپ-چېچىش** بەدخەجلىك ۋە ئىسراپچىلىق قىلىش. مەسلەن: ئۇلار تەييارنى يەپ، بۇزۇپ-چېچىپ بەخىرامان تاماشا قىلىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** زايە قىلىش، ئىسراپ قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىسراپ قىلماسلىق، زايە قىلماسلىق.

**بۇلاق** (ئىسىم) ① يەر ئاستىدىن چىققان سۇ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئېغىزى. مەسلەن: سۇ ئاستى-بۇلاق، سۆز ئانىسى قۇلاق (ماقال). ★ ئۇلار تاغ باغرىدىكى بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ توختاپتۇ. ② كۆچمە. باي، پۇتمەس-تۈگىمەس مەنبە. مەسلەن: كىتابنى سۆي، ئۇ بىلىم بۇلىقى. ★

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلار تاغ باغرىدىكى بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ توختاپتۇ.
مەنىداش سۆزى: چەشمە.

**بۇلغاش** (پېئىل) كىر، پاسكىنا قىلىش، داغ چۈشۈرۈش، قارا يۇقتۇرۇش. مەسىلەن: ئاپا مەن مۇندىن كېيىن كىيىملىرىمنى بولغىماي، پاكىز كىيىمەن، مەينەت يەرلەردە مەينەت نەرسىلەرنى ئوينىمايمەن، ياخشى بالا بولىمەن. ★ بالام بۇ كىتاب-دەپتەرلىرىڭنى يىرتما، قاتلىما، قالايمىقان نەرسىلەرنى يېزىپ بۇلغىما، جۇمۇ.
مەنىداش سۆزى: مەينەت قىلىش، پاسكىنا قىلىش.

**بۇلۇت** (ئىسىم) سۇ تامچىلىرى ۋە مۇز كرىستاللىرىنىڭ توپلىنىشىدىن شەكىللەنگەن ۋە ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرۈيدىغان بىر خىل جىسىم. مەسىلەن: بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى بۇلۇتقا تاقىشىدىكەن. ★ كۆپكۆك ئاسماندا بىرەر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى.

**بۆجەن** (ئىسىم) توشقاننىڭ بالىسى. مەسىلەن: بىزنىڭ توشقاننىڭ بەش بۆجىنى بار.

**بۆرە** (ئىسىم) ئىتقا ئوخشايدىغان ئاچكۆز ھەم ۋەھشى ھايۋان، كۆپىنچە كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، ئادەم ۋە چارۋىلارغا زىيان سالىدۇ. مەسىلەن: نەتىجىدە، بۆرە قويلارنى يەپ كېتىپتۇ. ★ بالا: — بۆرە كەلدى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.
مەنىداش سۆزى: قاشقىر.

**بۆلجۈرگەن** (ئىسىم) ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، مېۋىسى سۆلۈق ۋە تاتلىق، يېگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: مەن بۈگۈن ئۈچ كىلو بۆلجۈرگەن سېتىۋېلىپ، مۇراببا قايناتتىم.

**بۆلگۈچى** ① (سۈپەت) بۆلىدىغان، پارچىلايدىغان. ② (ئىسىم) ماتېماتىكىدا بۆلۈنگۈچى بۆلۈنىدىغان سان. مەسىلەن: بۆلۈنگۈچى ئون، بۆلۈنمە ئىككى بولسا، بۆلگۈچى بەش.

**بۆلۈش** (ئىسىم) ماتېماتىكىدا بۆلۈش ئەملى ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدىغان

بەلگە (÷). بەزىدە ئۇنىڭ ئورنىغا توغرا سىزىق، يانتۇ سىزىق ياكى قوش چېكىت ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن: 6 تال شاپتۇلنى 3 تەخسىگە بۆلسەك ھەربىر تەخسىگە 2 تالدىن توغرا كېلىدۇ.

**بۆلۈنگۈچى** ① (سۈپەت) بۆلۈنىدىغان، پارچىلىنىدىغان. مەسلەن: بۆلۈنگۈچى شەيئى. بۆلۈنگۈچى ماددا. ② (ئىسىم) بۆلمەكچى بولغان سان. مەسلەن: بۆلگۈچى ئىككى، بۆلۈنمە تۆت بولسا، بۆلۈنگۈچى سەككىز بولىدۇ.

**بۆلۈنمە** ① (سۈپەت) پارچىلانغان، ئايرىلغان، پارچە، ئايرىم. مەسلەن: بۇ ئىككى مىللەت شۇ ۋاقىتقىچە بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرغانىدى. ② (ئىسىم) ماتېماتىكىدا بولۇشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە. مەسلەن: سەككىزنى تۆتكە بۆلسە، بۆلۈنمە ئىككى بولىدۇ.

**بېخىل** (سۈپەت) باشقىلارغا بىرەر نەرسە بېرىشنى خالىمايدىغان، ئۆزىنىڭ پۇل مېلىنى ئىشلىتىشكە كۆزى قىيمايدىغان، كىشىلەرگە قىلچىمۇ نەپ بەرمەيدىغان؛ پىخسىق. مەسلەن: بېخىل ئادەم. ★ ئەجەپمۇ بېخىل نېمە ئىكەنسەن، قېرىندىشىڭدىن بىرنى بەرسەڭ نېمە بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: پىخسىق، پىششىق، مومسىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قولى ئوچۇق، سېخى، مەرت.

**بېزىرىش** (پېئىل) گەپ تەسىر قىلمايدىغان بولۇۋېلىش، يۈزىنى قېلىن قىلىۋېلىپ، نومۇس قىلماسلىق. مەسلەن: مۇئەللىم دەرس سورىسا، جاۋاب بەرمەي بېزىرىپلا تۇرغىنى تۇرغان، ئۆگەنسە بولمامدۇ. ★ — يوقال كۆزۈمدىن بېزىرىپ تۇرماي، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

مەنىداش سۆزى: گۆشىيىش، بىزەڭلىشىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۇيىلىش، نومۇس قىلىش، خىجىل بولۇش، تارتىنىش.

**بېسىش** (پېئىل) ① يول يۈرۈش، دەسسەش، مېڭىش. مەسلەن: ئۇنىڭ سۇنۇپ كەتكەن پۇتى خېلى ياخشى بولۇپ، يەر باسقىدەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ② بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە باشقا نەرسىنى قاچىلاش.

مەسىلەن: لىق يۈك بېسىلغان ماشىنىلار گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ كەتتى. ③ پەسەيتىش، هاي بېرىش، تىنجىتىش. مەسىلەن: سىنىپتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭنى بېسىش ئۈچۈن، ئۇ: — مۇئەللىم كەلدى! ــ دەپ توۋلىدى.

**بېشىغا كۈن چۈشۈش** تۇرمۇشتا بىرەر تالاپەتكە ئۇچراش، ئېغىر، قىيىن كۈنلەرگە قېلىش؛ مۇشكۈللۈككە دۇچار بولۇش. مەسىلەن: باللارنىڭ دادىسى ئۆلۈپ، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: قىيىنچىلىققا ئۇچراش، قىيىن كۈنگە قېلىش.

**بېشى قېتىش** هېچ قانداق چارە-ئامال قىلالماي قېلىش. مەسىلەن: ئۇ چاقپەلەكنىڭ مودىلنى ياسالماي تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، دوستى مۆكەررەم كىرىپ ئۆگىتىپ قويدى.

مەنىداش سۆزى: نېمە قىلارنى بىلەلمەسلىك.

**بېغىشلاش** (پېئىل) سەرپ قىلىش، تىكىش، تەقدىم قىلىش، ئاتاش. مەسىلەن: تۇرداخۇن ئاكا پۈتۈن ئۆمرىنى ئەلنەغمە، مۇزىكىچىلىق ۋە مۇقامچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ★ يېقىملىق ئاۋازلار ئادەمگە هوزۇر بېغىشلايدۇ.

مەنىداش سۆزى: تەقدىم قىلىش.

**بېغىشلىما** (ئىسىم) بىرەر پائالىيەت، ۋەقە، چوڭ قۇرۇلۇش، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ مۇۋاپىقىيىتىگە ئاتاپ ياكى تەبرىكلەپ يېزىلغان سۆز. مەسىلەن: يېڭى يىلغا بېغىشلىما. ★ ماۋجۇشىنىڭ بېغىشلىمىسى.

**بېقىش** (پېئىل) ① نەزەر تاشلاش، نەزەر سېلىش، قاراش. مەسىلەن: كۆككە باقما، كۆيكە باق (ماقال). ② تەربىيىلەش، پەرۋىش قىلىش؛ هالىدىن خەۋەر ئېلىش. مەسىلەن: سىنى كىچىكىڭدىن باققان ئاتا-ئاناڭ ئەمەسمۇ، ئەمدى ئۇلار ياشىنىپ قالدى. ئۇلارنى سەن باقمىساڭ قانداق بولىدۇ.

③ ئۆي هايۋانلىرى ياكى قۇشلارنى ئاسراش، ئوتلىتىش. مەسىلەن: بېقىش ئۈچۈن قوي، توخۇ باقتىم.

مەنىداش سۆزى: كۈتمەك، قارىماق، خەۋەر ئالماق، پەرۋىش قىلماق.

www.uyghurkitap.com

**بېكەت** (ئىسىم) پويىز، ئاپتوبۇس قاتارلىق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يول ئۈستىدە توختاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جايى، ئورنى.
مەسىلەن: بىرىنچى يول ئاپتوبۇسى بىلەن ئون ئالتىنچى يولنىڭ ئاپتوبۇسى يەنئەن يولىدىكى بېكەتتە ئۇچرىشىدۇ.
مەنىداش سۆزى: ئۆتەڭ.

**بېلىق** (ئىسىم) سۇدا ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋان. ئۇنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى سىرتقى مۇھىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. تېنى ياپىلاق، قاسراقلىق، ساقاق ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ، تۈرى كۆپ بولۇپ، كۆپلىرىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن بىز بېلىق بازىرىغا باردۇق.

**بىئارام** (رەۋىش) ئارامى، خاتىرجەملىكى يوق، ئەنسىز، تىنچ-خاتىرجەم ئەمەس. مەسىلەن: ئاپامنىڭ جاپاكەشلىكىگە قاراپ بەك بىئارام بولىمەن. ★ ئاينۇرنىڭ ئاپىسى كېتەر ۋاقتىدا ئۇنى قايتا ئۇيغىتىپ، بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ كەتكەنىدى.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خاتىرجەم.

**بىباھا** (سۈپەت) باھاسىغا يەتكىلى بولمايدىغان، ئىنتايىن يۇقىرى باھالىق، بەك قىممەت، كەم تېپىلىدىغان. مەسىلەن: ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى خەلقىمىزنىڭ بىباھا سەنئەت بايلىقىدۇر.
مەنىداش سۆزى: باھاسىز، تېپىلغۇسىز، قىممەت.

**بىپايان** (سۈپەت) پايانى، ئاخىرى، چېگراسى يوق، ناھايىتى كەڭ. مەسىلەن: ئۇپۇق سىزىقىغا تۇتاشقان بىپايان شال ئېتىزلىقىدا سارغىيىپ پىشقان شال باشاقلىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ★ بىپايان ئاسماندا بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ يوق ئىدى.
مەنىداش سۆزى: چەكسىز، كۆز يەتكۈسىز.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چېكى بار، چەكلىك.

**بىخەتەر** (سۈپەت) خەۋپ-خەتەردىن خالىي، زىيان-زەخمەت

www.uyghurkitap.com

يەتكۈزمەيدىغان، قورقۇنچسىز، خەتەرسىز. مەسىلەن: بۇ ئاپتوموبىل بىخەتەر يول يۈرۈۋاتىدۇ. ★ موتسىكلىت مىنگەندە قالپاق كىيىۋال، بىخەتەر بولىسەن.

مەنىداش سۆزى: خەتەرسىز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خەتەرلىك، خەۋپلىك.

**بىر قەدەم** بىر ئىشنى قىلىشتا بىر باسقۇچ يا ئالدىدا، يا كەينىدە؛ سەل ئالدى، ياكى سەل كەينى. مەسىلەن: ئۇ بىر قەدەم بولسىمۇ بالدۇر بېرىپ بالىسىنى كۆرۈۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ★ مۇئەللىم مەندىن بىر قەدەم بالدۇر سىنىپقا كىرىپ بولدى، مەن بىر قەدەم كېچىكىپ كىردىم.

**بىر ۋاقىت** (رەۋىش) بىر چاغ. مەسىلەن: بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئوقۇتقۇچى كىرىپ ھەدەپ ئابلىكىمنى تەنقىدلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

**بىرھازا** (رەۋىش) خېلى بىر ۋاقىت، خېلى ئۇزاق ۋاقىت. مەسىلەن: ساۋاقداشلار بىر ھازاغىچە گەپ قىلماي تۇرۇپ قېلىشتى، ئۇلار خەتتە خاتالىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشقانىدى. ★ توختى پۇلنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سانىمايلا يېنىغا سېلىپ قويدى.

مەنىداش سۆزى: بىر مەزگىل، مەلۇم ۋاقىت، بىردەم.

**بىردىنلا** (رەۋىش) تۇساتتىن، ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز، كۈتۈلمىگەندە، تاساددىپىي. مەسىلەن: بىر ھازادىن كېيىن ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: كۈتمىگەندە، تۇساتتىن، تۇيۇقسىز.

**بىسەرەمجان** (رەۋىش) ① سەرەمجانلاشتۇرۇلمىغان، يىغىشتۇرۇلمىغان، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەرتىپسىز، رەتسىز. مەسىلەن: ئۆي ئىچى تولىمۇ بىسەرەمجانىدى. ② بىئارام، تەشۋىشلىك، خاتىرجەم ئەمەس. مەسىلەن: سىز مۇنداق كۆپ يىغلىسىڭىز ئانىڭىزنىڭ كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇپ كېتىدۇ.

مەنىداش سۆزى: تەرتىپسىز، رەتسىز، خاتىرجەم ئەمەس.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: رەتلىك، خاتىرجەم.

**بىغەم** (سۈپەت) غەم قىلمايدىغان، غەم يېمەيدىغان، غەمسىز.

مەسلەن: بىغەم ئادەم. ★ ھەممە بالا تەكرار قىلىۋاتسا، بۇ بالا ئەتىدىن كەچكىچە بىغەم ئويناپتۇ، ئىمتىھان ۋاقتىدا ئاندىن پۇشايمان قىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** غەم يېمەس.

**بىكار** (سۈپەت) ① ئىشتىن خالىي، بوش، ئىشسىز. مەسلەن: بىر بىكار مىڭنى بىكار قىلىپتۇ (ماقال). — ★ بالام بىكارمۇ سەن، — دىمپ سورىدى دادام مەندىن. ② ھەقسىز، پۇلسىز، ئەجىرسىز. مەسلەن: تۆلەيدىغان پۇلۇڭ بارمۇ، بىكارغا بەرمەيدۇ. ★ ③ ئىگىلەنمىگەن، بوش، قۇرۇق. مەسلەن: بىكار ئورۇندۇق. ★ بۇ بىكار تۇرغان ئۆي ئىدى، قوشنىلارغا ئىجارىگە بەردۇق.

**مەنىداش سۆزى:** بوش، قۇرۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئالدىراش، جىددىي.

**بىلىمسىز** (سۈپەت) بىلىمى، مەلۇماتى يوق؛ بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە ئەمەس؛ نادان. مەسلەن: بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ، بىلىمسىز ساماندا يېتىپتۇ (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** نادان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىلىملىك.

**بىلىملىك** (سۈپەت) بىلىمى بار، بىلىمگە ئىگە، بىلىمى مول. مەسلەن: پەيزىۋاتتىكى يەر تەۋرەشتە ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان باللار پارتىيىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا تەربىيىلىنىپ بىلىملىك كىشلەردىن بولۇپ قالدى. ★ بىلىملىكنىڭ كۆزىدە ئالەم بار، بىلىمسىزنىڭ كۆزىدە مالەم بار (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** مەلۇماتلىق، بىلىمى بار.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىلىمسىز، نادان.

## پ

**پاختا** (ئىسىم) كېۋەز غوزىسىدىن چىقىدىغان، ئىنچىكە تالالاردىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىبىسى

تەركىب تاپقان ئاپئاق، يۇمشاق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى. ئۇرۇقىدىن ماي تارتقىلى بولىدۇ. توقۇمىچىلىقنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى. مەسىلەن: يوتقان پاختىسى. ★ پاختا بازىرى.

**پادا** (ئىسىم) چارۋا ماللارنىڭ بىر گە ھەيدەپ بېقىلىدىغان ياكى بىر گە ئوتلاپ يۈرىدىغان توپى. مەسىلەن: ئۆتمۈشتە يالغاياغ پادا بېقىپ ئۆسكەن بۇ ئوغلىنىڭ كۈنلەر ئۆتۈپ ھاكىم بولۇپ قېلىشى مومايىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ★ بۇرۇن بوۋامنىڭمۇ توپ-توپ مال پادىلىرى بولغانىكەن.

**پاراسەت** (ئىسىم) تېز، توغرا چۈشىنىش، توغرا پەرق ئېتىش قابىلىيىتى؛ ئىدىراك، ئەقىل، دىت. مەسىلەن: پاراسەت ئىگىسى. ★ ئايگۈل كىچىك بولغىنى بىلەن ناھايىتى ئەقىل-پاراسەتلىك قىز بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قابىلىيەتسىز.

**پارتىيە** (ئىسىم) مەلۇم سىنىپ، تەبىقە ياكى مەلۇم گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلات. مەسىلەن: كوممۇنىستىك پارتىيە.

**پارچە-پارچە** بىرقانچە پارچىغا بۆلۈنگەن، پارچىلىنىپ كەتكەن؛ بۆلەك-بۆلەك. مەسىلەن: كۆك ئاسماندا پارچە-پارچە بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. ★ ئاخشامقى قاتتىق بوراندا دېرىزە ئەينەكلىرى چېقىلىپ، پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى.

**پارچە-پۇرات** ئۇششاق-چۈششەك، ئاشقان-تاشقان، قالدۇق. مەسىلەن: ئانىسى ئۇلارغا پارچە-پۇرات قېتىپ قالغان نانلارنى چايغا چىلاپ بېرىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇششاق-چۈششەك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پۈتۈن.

**پارلاق** (سۈپەت) ① پارلاپ، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، روشەن؛ نۇرلۇق. مەسىلەن: پارلاق قۇياش. پارلاق نۇر. ② روناق تاپقان، ياياشات، شانلىق. مەسىلەن: ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق.

**مەنىداش سۆزى:** شانلىق، نۇرلۇق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قاراڭغۇ، زۇلمەت.

**پاقلان** ① (ئىسىم) ياشقا توشمىغان قوزا. مەسىلەن: پاقلان گۆشى. ★ مېھماندوست مالچى كەچتە قازاقلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئەل ئايىغى بېسىلغاندىن كېيىن ئابدۇراخماننى سېمىز پاقلان گۆشى بىلەن مېھمان قىلدى. ② (سۈپەت). ئەت ئالغان، سەمرىگەن (بوۋاق ھەققىدە). مەسىلەن: بۇ بالا تازا پاقلان بوپتۇ. ★ سۈت ئەممەي، نان چايناپ بېرىپ باققان بۇ بالىنىڭ پاقلاندەك ئەي بولۇۋاتقانلىقىغا كىشىلەر ھەيران قالاتتى.

**پاكار** (سۈپەت) ئېگىز ئەمەس، پەس. مەسىلەن: تۆگە ناھايىتى ئېگىز، ئۆچكە ئۇنىڭغا قارىغاندا ناھايىتى پاكار ئىكەن. ★ ھەسەننىڭ بوۋىسى ھاسىسىنى تۇتقان پېتى پاكار سۇپىغا ئاۋايلاپ ئولتۇردى.

مەنىداش سۆزى: پەس.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئېگىز.

**پالاق** I (ئىسىم) ① دىنى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئەدەپلەيدىغان ياكى سوراقخانىلاردا گۇناھكارنى ئۇرىدىغان جازا قورالى؛ ياپىلاق تاياق. مەسىلەن: موللام، بىز كىچىك چاغلاردا ياخشى ئوقۇمىساق، خەلپىتىم پالاق بىلەن ئالقىنىمىزغا ئۇرۇپ جازالايتتى، دەپ سۆزلەپ بەردى. ② كېمە ھەيدەش ئۈچۈن ياسالغان ئۇچى ياپىلاق ياغاچ. مەسىلەن: قېيىق پالىقى. ③ چىۋىن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىم تور ياكى سۇلياۋ تور بىلەن ياسىغان ئەسۋاپ. مەسىلەن: چىۋىن پالىقى. ④ تېنىس توپ قاتارلىقلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان تەنتەربىيە سايمىنى. مەسىلەن: ئەركىن تېنىس توپ پالىقىنى بېرىپ تۇرغىنە؟ شەنبە، يەكشەنبە دىم ئېلىش كۈنلىرى ئويناپ تۇراي!

**پالاق** II (سۈپەت) بىخسىخان، بۇزۇلغان، سېسىپ قالغان، كۆكىرىپ قالغان (تۇخۇم ھەققىدە). مەسىلەن: پالاق تۇخۇم.

مەنىداش سۆزى: كۆكىرىپ قالغان، بۇزۇلغان.

**پالاكەت** (ئىسىم) ① كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىدىن، ئىرادىسىدىن تاشقىرى، ئۇشتۇمتۇت، كۈتۈلمىگەندە يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىز

هادىسە. مەسىلەن: پالاكەت باسقاندەك، ئېرىقتىن ئۆتكۈچە پاتقاقتا چۈشۈپ كېتىپ، ئاياغلىرىم پاتقاق بولۇپ كەتتى. ② چاققان ئەمەس، كېلەڭسىز، لەقۋا. مەسىلەن: ئايۇپ ئاكىنىڭ بالىلىرى پالاكەترەك يېگىتلەردىن ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** بالا قازا، ئاپەت، لايغەزەل، كومشا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئامەت، تەلەي، ھوشيار، چاققان.

**پالەك** (ئىسىم) لويلا ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى سەل-پەل ئۈچ بۇرجەك؛ يىلتىزى سەل قىزىل بولۇپ، ئوتياش ئورنىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: مەن ئىشتىن چۈشۈپ كۆكتات دۇكىنىدىن پالەك سېتىۋالدىم.

**پاناھ تىلەش** ئۆز ھىمايىسىدە ساقلاشنى، غەمخورلۇق قىلىشنى ئۈمىد قىلىش؛ شەپقەت ۋە ياردەم كۈتۈش. مەسىلەن: ئى ئاللا، سېنىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، بەندىلىرىڭگە بەخت-سائادەت، ئىنساب ئاتا قىلغايسەن. ★ بالا بىر كۈنى ئاغىنىلىرىنى ئىسلەپ، ئۇلاردىن پاناھ تىلەپ رىستىگە چىقىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ئاغىنىلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** شەپقەت تىلەش.

**پاياندار** (ئىسىم) ئىنتايىن ھۆرمەتلىك بولغان مېھمانلارنىڭ يولىغا سېلىنىدىغان گىلەم؛ پالاس. مەسىلەن: خوتەن بېزىلىرىنىڭ قەيىرىگە بارماڭ، كۆزىڭىزگە مەخمەل پاياندار ۋە رەڭدار كەشتە كۆرۈنىدۇ. ★ قىزنى پاياندازغا دەسسىتىپ، خوتۇن خەقلەر قايىنىغان كەڭ سورۇنلۇق ياسداق سارايغا باشلاپتۇ.

**پايپاسلاش** (پېئىل) بىر خىل ئاۋاز چىقارغان ھالدا، ھولۇقۇپ، تەمتىرەپ، ئالدىراپ ئېگىز-پەس دەسسەپ مېڭىش. مەسىلەن: بۇنى ئاڭلاپ بىر توپ مايمۇن پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ.

**پايتەخت** (ئىسىم) دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى تۇرۇشلۇق جاي، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي مەركىزى.

مەسىلەن: دۆلىتىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭ.

**پايدىلىنىش** (پېئىل) بىرەر نەرسە ياكى ئادەم، ئىمكانىيەتتىن بەھرىمەن بولۇش. مەسىلەن: شامال چاقپەلەكتىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ★ ئۇ ئاكىسىنىڭ ئىمتىھان بېرىشكە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كىتابخانىدىن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى ئەكېلىپ بەردى.

مەنىداش سۆزى: بەھرىمەن بولۇش.

**پەخىر** (ئىسىم) ① مەمنۇنىيەتلىك ھېس-تۇيغۇ، مەمنۇنىيەت؛ غۇرۇر. مەسىلەن: خەلقىمىزنىڭ «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولغانلىقىدىن ئاتا-ئانىسى بەكمۇ پەخىرلەندى. ② ماختىنىشقا، غۇرۇرلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ۋە نەرسە، ئەڭ ياخشى نامايەندە، نەمۇنە، ئىپتىخار. مەسىلەن: خەلقىمىزنىڭ غۇرۇرى، مۇقام پىرى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ پەخىرلىك نامى گويا ئۆچمەس يۇلتۇزدەك، ئەۋلادلىرىمىز قەلبىدە مەڭگۇ ياشايدۇ.

**پەخىرلىك** (سۈپەت) ھۆرمەت، شان-شەرەپ بېغىشلانغان، بەخش ئېتىلگەن، پەخىرلەنسە ئەرزىيدىغان، شەرەپلىك. مەسىلەن: مۇقام پىرى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ پەخىرلىك نامى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ.

مەنىداش سۆزى: شەرەپلىك، ئىپتىخارلىق.

**پەخىرلىنىش** (پېئىل) بىرەر ئادەم، نەرسە ياكى ئېرىشىلگەن مۇۋەپپەقىيەت تۈپەيلىدىن مەمنۇن بولۇش، مەغرۇرلىنىش؛ ماختىنىش. مەسىلەن: شاھ پەرى ھاتەمنىڭ بۇ يەرگە ئۆزلۈكىدىن كەلگەنلىكىدىن چوڭقۇر پەخىرلەندى. ★ ئۇ ئۆزىنىڭ تەتلىدە يۇرتىغا بېرىپ راسا ئوينىغانلىقىنى سۆزلەپ ماختىنىپ پەخىرلىنىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: مەمنۇن بولۇش، ماختىنىش.

**پەرەز قىلىش** بىرەر نەرسە ھەققىدە ئالدىنئالا قىلىنغان مۆلچەر، قىياس، تەخمىن قىلىش. مەسىلەن: مەن ئۇنى مۇسابىقىدە بىرىنچى بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدىم، ئەمما ئۇ ئىككىنچى بولۇپ قالدى.

مەنىداش سۆزى: مۆلچەر، قىياس، گۇمان.

**پەرزەنت** (ئىسىم) ① ئاتا-ئانىسىغا نىسبەتەن ئوغۇل ياكى قىزلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەۋلاد. مەسلەن: پەرزەنت كۆرمەك. ② ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان كىشى. مەسلەن: خەلق ئۆز مەنپەئىتىنى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان قىلغان قەھرىمان پەرزەنتلىرىنىڭ شانلىق نامىنى قەلبىدە ئەبەدىي ساقلايدۇ.

مەنىداش سۆزى: بالا.

**پەرۋا** (ئىسىم) ئادەم ۋە نەرسىلەرگە بولغان دىققەت-ئېتىبار، قىزىقىش. مەسلەن: — ئۇلار نىمىشقا ماڭا پەرۋا قىلمايدۇ؟ — دەپتۇ شاھزادە ھەيران بولۇپ. ★ خورازغا ھېچقايسىسى پەرۋا قىلماپتۇ.

مەنىداش سۆزى: دىققەت-ئېتىبار، قىزىقىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پەرۋاسىز.

**پەرۋاز** (ئىسىم) قانات كېرىپ، ھەرىكەت قىلىش، ئاسمانغا كۆتۈرلۈش، ئۇچۇش. مەسلەن: پاقمۇ قومۇشنى چىشلىگەن پېتى غازلار بىلەن ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئۇچۇش.

**پەرۋايى پەلەك** بولۇۋاتقان ئىش، ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن قىلچە چاتىقى يوق. مەسلەن: — ئۇ ئۆلەمدۇ، تىرىلەمدۇ، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك، — دىدى خاسىيەت پەرۋاسىزلارچە.

مەنىداش سۆزى: چاتىقى يوق، كارى يوق.

**پەرۋىش قىلىش** (ئىسىم) ئاسراش، ئۆستۈرۈش، ۋايىغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە قىلىنغان ھەرىكەت؛ قاراش، بېقىش، تەربىيىلەش. مەسلەن: بىچارە ئانا پۈتۈن دەرد-ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ باللارنى پەرۋىش قىلدى.

مەنىداش سۆزى: قاراش، بېقىش، ئاسراش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاسرىماسلىق، باقماسلىق.

**پەزىلەت** (ئىسىم) ①كىشىلەردە بولىدىغان ئىجابىي خىسلەت، ياخشى سۈپەت، ياخشى خۇسۇسىيەت. مەسلەن: ئاتا-ئانىنى ھۆرمەت قىلىش، ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلارنى ھۆرمەت قىلىش ئىنسان پەزىلىتىندۇر. ★

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر قېتىملا ھەمسۆھبەت بولغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن دوست بولۇپ قالاتتى. چۈنكى ئۇ كىشى ھەققىي پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

مەنداش سۆزى: خىسلەت.

**پەس** (سۈپەت) ① بىرەر ئېگىزلىك ياكى مەلۇم تەكشىلىككە نىسبەتەن تۆۋەن. مەسىلەن: پەس تام. ★ تۆگە بېشىنى پەس قىلىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ. ② بويى ئۆسمىگەن، پاكار. مەسىلەن: تۆگىگە قارىغاندا ئۆچكىنىڭ بويى تولىمۇ پاكار ئىكەن.

مەنداش سۆزى: پاكار.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئېگىز.

**پەسىل** (ئىسىم) بىر يىلنى تەشكىل قىلغان تۆت مەۋسۇمنىڭ ھەربىرى (ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش)؛ مەزگىل. مەسىلەن: بىر يىل دېگەن تۆت پەسىل، / ھەربىر پەسىل ئۈچ ئايدىن، / ئۆتەر ئۆمرۈم يىل بىلەن، / تۇتالماسمەن ھېچ قايدىن.

**پەم** (ئىسىم) ① ئەقىل، ئىدراك، پاراسەت. مەسىلەن: مەريەم رەيھاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، پەم بىلەن ھويلىغا كىردى. ★ ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم (ماقال). ② كىشىلەر بىرەر ئىشنى قىلىشتا، بېجىرىشتە قوللىنىدىغان چارە؛ ئەپ، ئامال. مەسىلەن: پەم ئىشلەتمەك. ★ پەمى يوق ئىش بۇزدى ئىكەنسەن.

مەنداش سۆزى: پاراسەت، ئەقىل، چارە، ئامال.

**پەن** (ئىسىم) تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەمدە ئەتراپىنىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىلىملەر سىستېمىسى. مەسىلەن: پەن تەتقىقاتى.

**پەي توپ** ① توپ ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىدىغان سايمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن چويلا توپقا ئوخشايدۇ. ② شۇ خىل توپ مۇسابىقىسىدا ئىشلىتىلىدىغان توپ. ئۇ ئۆچكە تېرىسى ئورالغان پىروپكىغا پەي ئورنىتىلىپ

www.uyghurkitap.com



ياسىلىدۇ.

**پروژېكتور** (ئىسىم) قول چىراغ. مەسىلەن: ئەكبەر ئۇلارنىڭ قەغەزلىرىگە پروژېكتور يورۇقىدا سىنچىلاپ قارىدى. قەغەز، تامغىلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن مەڭگۈ ئۆرۈن ئالدى.

**پورەك** ① (ئىسىم) تېخى ئېچىلمىغان گۈل-غۇنچە. مەسىلەن: سالام ساڭا مۇئەللىم، / ساڭا چوڭقۇر يۈرەكتىن. / تەربىيەڭدە ئېچىلغان، / مىڭلاپ غۇنچە-پورەكتىن. ② (سۈپەت) كۆپمە ھالەتتىكى، كۆپۈشكەن، كۆپچۈگەن. مەسىلەن: پورەك چاچ.

**پورەكلىمەك** (پېئىل) غۇنچىلىماق، غۇنچىلاپ ئېچىلماق. مەسىلەن: بالكونغا تىزىۋەتكەن تەشتەكلەردىكى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

**مەنىداش سۆزى: غۇنچىلىماق، چېچەكلىمەك.**

**پوزىتسىيە** (ئىسىم) ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۇتقان ئورنى، ئىشغال قىلىپ تۇرغان جايى، مەۋقەسى، ۋەزىيىتى. مەسىلەن: بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۈشمەن پوزىتسىيىلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ② بىرەر مەسىلىگە قارىتا تۇتۇلغان يول، نۇقتىئىنەزەر. مەسىلەن: ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشكە تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىسى بىلەن ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**پوست** I (ئىسىم) ① دەرەخ، مېۋە، كۆكتات، دان قاتارلىقلارنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان قەۋىتى. مەسىلەن: ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى تولا (ماقال). ② ئادەم ۋە جانىۋارلارنىڭ بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نېپىز توقۇلما، تېرە ئۈستىدىكى يۇپقا پەردە. مەسىلەن: ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا (ماقال). ③ يەرنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى. مەسىلەن: يەر پوستى.

**مەنىداش سۆزى: قوۋزاق، تېرە.**

**پوست** II (ئىسىم) ھەربىي قىسىم ئورۇنلاشقان جاي، ئىدارە-جەمئىيەت ۋە باشقا مۇھىم جايلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەر، قاراۋۇل. مەسىلەن: ئۇ باللار ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ پوستتا

تۇردۇ. ★ كۆپچىلىك ۋاشىنى ياخشى ئۆمەك باشلىقى دەپ ئۇنىڭ بىلەن پوستتا تۇرۇشقا ئامراق ئىدى.

مەنىداش سۆزى: قاراۋۇل.

**پولات** (ئىسىم) تۆمۈر بىلەن ئۇگلېرودنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل قېتىشما مېتال. مەسىلەن: ئۇ خۇددى پولاتتىن قۇيۇلغاندەك قىلچىمۇ تەۋرەنمەيدۇ.

**پۇت** (ئىسىم) ئادەم ۋە باشقا جانلىق ھەم جانسىز نەرسىلەرنىڭ گەۋدىسىنى يەردىن كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، تۇرۇش، مېڭىش، يۈگرەش، ئۆمىلەش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ئەزاسى ياكى قىسمى. مەسىلەن: ئادەمنىڭ پۇتى. كەپتەرنىڭ پۇتى. جوزىنىڭ پۇتى. ★ ئەمەت سىنىپتىكى بىر پۇتى سۇنۇق ئورۇندۇقنى ياسىمەن دەپ بىر نەرسىلەر قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز قولىدىكى پالتا ئۆزىنىڭ پۇتىغا تېگىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: ئاياغ.

**پۇختا** (سۈپەت) ① چىداملىق، چىڭ، مۇستەھكەم، پىششىق. مەسىلەن: پۇختا رەخت. ★ پۇختا توقۇلغان پايپاق. ② بىرەر ئىش، كەسىپ ۋە ئىلىمدە ياخشى، مۇكەممەل. مەسىلەن: تاھىر رۇس تىلىغا پۇختا ئاساس سالدى. ★ ئابلىز ئاكا ئىملاغا پۇختا.

مەنىداش سۆزى: مەھكەم، يېتىلگەن، پىشقان.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خام.

**پۇراش** (پېئىل) ئادەم ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ بۇرنى ئارقىلىق بىرەر پۇراقلىق نەرسىنىڭ پۇرۇقىنى سېزىش ھەرىكىتى. مەسىلەن: مەن ھويلىغا كىرىشىمگە شۇنداق تاتلىق پولۇ پۇراپ كېتىۋىدى، ئەسلىدە ئاپام پولۇ ئەتكەنىكەن ــ دە. ★ ئات خۇددى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بىلگەندەك، قوي پادىسىنىڭ ماڭغان ئىزىنى پۇراپ بېقىپ، پۇشقىرغىنىچە مېڭىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: ئىنىلاش.

**پۇرچاق** (ئىسىم) پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. دېنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەسلەن: دادامغا يوق پۇرچاق، ئانامغا نەدە (ماقال). ★ پۇرچاق ئۈنىدا لەگىۈنك ئۆيۈتسگىز بەك ياخشى ئۆيۈيدۇ.

**پۇرسەت** (ئىسىم) بىرەر ئىشنى بىجىرىش ئۇچۇن ئەڭ قولاي بولغان ۋاقىت، پەيت. مەسلەن: پۇرسەت كۈتمەك. پۇرسەتنى قولدىن بىرىپ قويماق. ★ ئۇ پۇرسەت تاپسلا يوگۇرۇپ بىرىپ گىلاستىن بىرنى ئالاتتى — دە، سىرتقا قاچاتتى.

**مەنداش سۆزى:** پەيت.

**پۇشايمان** (ئىسىم) ئۆز قىلمىشى ئۇچۇن روھى جەھەتتىن ئازابلىنىش، ئەپسۇسلىنىش، ئۆكۈنچ؛ ھەسرەت، نادامەت. مەسلەن: ئۇ دادامنىڭ ۋەسىيىتىگە قولاق سالماپتىمەن، دەپ پۇشايمەن قىلىپتۇ.

**مەنداش سۆزى:** ئۆكۈنچ، ھەسرەت، نادامەت.

**پۇتمەس** (سۈپەت) پۇتمەيدىغان، تۈگىمەيدىغان، چىكى يوق، چەكسىز. مەسلەن: مەكتىپىم پۇتمەس بۇلاق، بىردۇ پەندىن ساۋاق.

**مەنداش سۆزى:** تۈگىمەس.

**پۇتمەس-تۈگىمەس** پۇتمەيدىغان، تۈگىمەيدىغان، چەكسىز، ھېسابسىز. مەسلەن: مەن پۇتمەس-تۈگىمەس خۇشاللىق ئىچىدە مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە قارىدىم.

**پىتىش** (پېئىل) يۇمشاق نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە چۆكۈش، كىرىش، يوشۇرۇنۇش، غايىب بولۇش. مەسلەن: ئۇ ماشىنا پاتقاققا پىتىپ قالدى. ★ پۇتۇمغا تاش پىتىپ ماڭالماي قالدىم. ★ كۆن پىتىپ كەچ كىردى.

**پىلەك** (ئىسىم) قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان غول، شاخ ۋە بەرگىلىرى. مەسلەن: بۇ يىل قوغۇن راسا ئوبدان بولىدىغاندەك قىلىدۇ، پىلەكلىرى قاپقارا تۇرىدۇ چىچەكلەشكە ئاز قاپتۇ. ★ تاۋۇزنىڭ پىلەكلىرى سارغىيىپ قورۇلۇپ قاپتۇ.

**پىرقىراش** (پېئىل) بىر نەرسىنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر شەكلىدە ئايلىنىش، چۆرگىلەش. مەسلەن: ئۇ ئوتتۇرىغا سەكرىپ چۈشۈپ پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ★ باللار تارقاپ كەتكەن بولۇپ، ھېلىغىچە بىشىم

پىرقىراپ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى.
مەنداش سۆزى: ئايلىنىش، چۆرگىلەش.

**پىرقىرىغۇچ** (ئىسىم) ① شامالغا قارشى يۈگۈرسە پىرقىرايدىغان قەغەزدىن ياسىلىدىغان بالىلار ئويۇنچۇقى. مەسىلەن: مەن قەغەز پىرقىرغۇچ ياسىدىم. ② ئايروپىلان، شامالدۇرغۇچ، ماتور قاتارلىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قانات. ③ مۇز ئۈستىدە قامچا بىلەن ئۇرۇپ پىرقىرىتىپ ئوينايدىغان بالىلار ئويۇنچۇقى، تۇر. مەسىلەن: پىرقىرغۇچ ئوينىماق.

**پىسەنت قىلماسلىق** نەزەرگە ئىلماسلىق، مەنسىتمەسلىك؛ دىققەت-ئېتىبارىنى بەرمەسلىك. مەسىلەن: قادىر بىلەن روشەن ئەتتىگەن تۇرۇپ، چىقىۋاتقان قاتتىق بورانغا پىسەنت قىلماستىن مەكتەپكە يۈرۈپ كەتتى.
مەنداش سۆزى: مەنسىتمەسلىك، كارى بولماسلىق.

**پىششىق** (سۈپەت) ① پىشىپ يېتىلگەن، پىشقان، مەي باغلىغان، پىشىپ ۋايىغا يەتكەن. مەسىلەن: بوۋاي پىششىق قوغۇننى كاسا قىلىپ نەۋرىسى بىلەن يەپتۇ. ② كۆچمە، پۇختا، مەھكەم. مەسىلەن: بۇ ناھايىتى پىششىق رەخت ئىكەن. ③ كۆچمە، بېخىل. مەسىلەن: مەن دادامنىڭ پىششىقلىق قىلىپ يىغقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇپ تۈگەتتىم. ★ كاتە بەك پىششىق بولغاچقا دوستى لىناغا قېرىندىشىنى ئارىيەت بەرگۈسى كەلمىدى.
مەنداش سۆزى: مەھكەم، بېخىل.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خام، تۇك، چۈرۈك، سېخىي.

**پىشماق** (پېئىل) ئۆسۈپ، راۋاجلىنىپ ئىستېمال قىلىنىشقا، ئىشلىتىشكە بولىدىغان يارامىلىق مالغا كەلمەك، يېتىلمەك. مەسىلەن: پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماس (ماقال). ★ مەن مەكتەپتىن كەلسەم تاماق پىشقانىكەن، يەۋېلىپ تەكرارغا ئولتۇردۇم. ★ دادام ئەمگەكتە پىشقان قاتقان قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ: — ياخشى ئوقۇ بالام! چوڭ بولغاندا مەندەك جاپاكەش بولۇپ قالما، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىسى

## ت

**تائام** (ئىسم) يېيىش ئۈچۈن پىشۇرۇپ تەييارلانغان ھەر خىل يېمەكلىك؛ تاماق، غىزا. مەسىلەن: ئاۋۋال تائام ئاندىن كالام (ماقال).
**مەنىداش سۆزى:** غىزا، تاماق.

**تائەبەد** (رەۋىش) ئاخىرغىچە، مەڭگۈ، ئەبەدىي، ئۆمۈرۋايەت.
مەسىلەن: باھاسىز بىر كىشى سەن يەر يۈزىدە، / ئەي ئۇلۇغ ئىلىچ. / بۈيۈك خىزمەتلىرىڭنى تائەبەد، / تارىخ ئۇنتۇماس ھېچ! ★ ۋە تىنىم سۆيگەن ئانام سەن، / بارلىقىم قۇربان ساڭا. / تائەبەد سادىق بولۇشتۇر، / مەندىكى ئارمان ساڭا.
**مەنىداش سۆزى:** ئەبەدىي، ئۆمۈرۋايەت.

**تاتار** (ئىسم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. تاتار مىللىتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تاتار مىللىتىنىڭ ئاز بىر قىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا؛ ئاساسلىقى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋولگا دەريا بويلىرىغا، سىبىر، قىرىم قاتارلىق جايلىرىغا جايلاشقان. مەسىلەن: تاتار قىز-يىگىتلىرىنىڭ جىرلىرى لەرزان ياڭرىماقتا.

**تاجاۋۇز قىلىش** قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ زېمىنىگە باستۇرۇپ كىرىش؛ تاجاۋۇز قىلىش. مەسىلەن: بىزنىڭ ئارمىيىمىز ئىنتايىن قۇدرەتلىك، ئەگەر دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە، ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ھۇجۇم قىلىش.

**تاجىك** (ئىسم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تاشقۇرغان ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان ۋە يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، گۇما قاتارلىق

ناھىيىلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. يەنە تاجىكىستان دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىران، ئافغانىستاندىمۇ بار.

**تارازا** (ئىسىم) ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ بىر خىلى. مەسىلەن: بۈگۈن مەكتەپتە بىز تارازا ئىشلىتىشنى ئۆگەندۇق. ★ مۇئەللىم بىزنى كىچىك تارازا ياساپ كېلىڭلار! — دەپ باشقا تاپشۇرۇقمۇ بەرمىدى.

**تارتىش** (پېئىل) بىر نەرسىنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئۆزى تەرەپكە قارىتىپ تارتىش ھەرىكىتى. مەسىلەن: مەن ئۇنى بارمايمەن دېسىمۇ ئۇنىماي قولىدىن تارتىپ ئاچقىپ كەتتىم.

**تارقاش** (پېئىل) بىر ئورۇندىن، بىر توپتىن ھەر تەرەپكە قاراپ يۆتكىلىش، قوزغىلىش. مەسىلەن: ئاسماندىكى بۇلۇتلار تارقاپ يۇلتۇزلار ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ★ بالىلار مەكتەپتىن تارقاپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىغىلىش، توپلىنىش.

**تارقىماق** (پېئىل) ① بىر ئورۇندىن، بىر توپتىن ھەر تەرەپكە قاراپ قوزغالماق؛ كەتمەك. مەسىلەن: باشقىلارمۇ ئۆز سىنىپلىرىغا تارقالدى. ★ مەن گۈل چېچى تارقاتقىلى كەلدىم. ② يېتىپ كەلمەك. قۇلاقتىن-قۇلاققا ئاڭلانماق. مەسىلەن: شۇ ئارىلىقتا يەنە بىگى بىر خەۋەر تارقىدى. ③ كۆچمە. تەسىرى كەتمەك. كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلمەك؛ يوقالماق. مەسىلەن: باشتىكى غەم تارقىدى. ④ يېيىلماق، ئۇلغايماق، ئاشماق. مەسىلەن: جىگەر كېسىلى تارقاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**تازىلاش** (پېئىل) پاك-پاكىزە، تازا ھالەتكە كەلتۈرۈش. مەسىلەن: ئۆي تازىلاش. كىيىم تازىلاش. ★ قار توختاش بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار تەتىل ۋاقتى بولسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن مەكتەپكە كېلىپ قار تازىلاش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئادالاش، پاكىزلاش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پاسكىنا قىلىش، بۇلغاش، مەينەت قىلىش.

**تاسادىپىي** (رەۋىش) ① كۈتۈلمىگەندە، توساتتىن، تۇيۇقسىز،

www.uyghurkitap.com



ئۇشتۇمتۇت. مەسلەن: تاسادىپىي ھادىسە. تاسادىپىي ئۇچرىشىش. ★ بۇ سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىلىك تاسادىپىي چىقىپ كەتتىكى، كېيىن ئۇ خىجىل بولغانلىقىدىن خۇددى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ② سەۋەبى نامەلۇم، سەۋەبسىز. مەسلەن: تاسادىپىي ئۆزگىرىش. ★ بىر كۈنى ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ قوتانغا كىرسە قويى تاسادىپىي ئۆلۈپ قاپتۇ.

**تاس-تاس قىلىش** سۆزلىگۈچى خالىمىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىگە ئاز قېلىش، يېقىنلىشىپ قېلىش، قىل قېلىش. مەسلەن: يولدىن كېسىپ ئۆتكىچە، ئۇنى ماشىنا سوقۇۋېتكىلى تاس-تاس قالدى.

**تاش** (ئىسىم) ① ئايرىم-ئايرىم ياكى بىر پۈتۈن ئۇيۇل ھالەتتە ئۇچرايدىغان، سۇ كار قىلمايدىغان قاتتىق تاغ جىنسلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسلەن: تاشنى سوقسا قوم بولۇر، تۆمۈرنى سوقسا قىل بولۇر (ماقال). ② نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە نىسبەتەن سىرتى. مەسلەن: كىتابنىڭ تېشى. ★ ئادەمنىڭ تېشىغا قارىماي، ئىچىگە قارا (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** سىرت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىچ.

**تاشئالما** (ئىسىم) يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ، مېۋىسى شار شەكلىدە، سېرىق ياكى قىزىل، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ. مەسلەن: تاشئالما تەكشى يۇمران يوپۇرماق چىقارغانىدى.

**تاشلىنىپ قېلىش** ھېچكىمنىڭ كارى بولماسلىق، پەرۋىشسىز قېلىش. مەسلەن: بوۋاي كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ باغ تاشلىنىپ قاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** چۆرۈۋېتىش.

**تاغ** (ئىسىم) ① يەر ئۈستىنىڭ تەكشىلىككە، دۆڭلۈككە نىسبەتەن تېخىمۇ كۆتۈرۈلگەن ئېگىز قىسمى. مەسلەن: «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەندەك ئاتىسىنىڭ مال-دۇنياسى تۈگەپتۇ. ② كۆچمە. ئېغىر يۈك، مۇشەققەت؛ غەم. مەسلەن: — يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغان تاغ ئۆرۈلگەندەك بولدى، بالىمىز خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالدى، — دېدى دادام خۇشال بولۇپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: باغ.

**تاقەتسىز** (سۈپەت) تاقىتى يوق، تاقەت قىلالمايدىغان، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، چىدامسىز، غەيرەتسىز، چىدىماس، ئالدىراڭغۇ. مەسلەن: ئەجەب تاقەتسىز ئادەم بولدۇڭ بالام، ئەنە، ماشىنىمۇ كەپ قالدىغۇ.

مەنىداش سۆزى: چىدامسىز، ئالدىراڭغۇ، سەۋر قىلالمايدىغان.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تاقەتلىك، چىداملىق، سەۋرچان.

**تاقەتسىزلىنىش** (پېئىل). تاقىتى تاق بولۇش، ئالدىراپ كېتىش، تاقەت قىلالماسلىق، بىتاقەت بولۇش، مەسلەن: رۇقىيە كىنوخانىنىڭ ئالدىدا دوستى مەريەمنى ساقلاپ تاقەتسىزلەنمەكتە ئىدى.

مەنىداش سۆزى: بىتاقەت بولۇش، تاقەت قىلالماسلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تاقەت قىلىش.

**تاڭ ئېتىش** ① تۇن ئاخىرلىشىپ، تاڭ يورۇش. مەسلەن: تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى، جۈزۈگلى خەلق سارىيىدىن چىقىپ كەلدى. ② كۆچمە. كۇلپەتتىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، ئازادلىققا چىقىش؛ يورۇقلۇققا چىقىش. مەسلەن: پارتىيە كېلىپ، كەمبەغەللەرگە تاڭ ئاتتى.

مەنىداش سۆزى: تاڭ يورۇش، تاڭ سۈزۈلۈش.

**تال** I (ئىسىم) ① تال تىرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. ئادەتتە مەجنۇنتال، سېرىق سۆگەت قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلىرى بولىدۇ. ② تەك. مەسلەن: تال كۆمۈش، تال ئېچىش.

**تال** II (مىقدار) ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە نەرسىلەرنى سان، مىقدار جەھەتتىن ئېنىقلاپ «دانە، پاي» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: ئايگۈلنىڭ ئىككى تال ئۆرۈم چېچى شۇنداق يوغان ھەم ئۇزۇن. ★ مەن بەش تال گۈل ئۈزۈۋالدىم.

**تالاش** (ئىسىم) جېدەل، غۇلغۇلا. مەسلەن: بىزنىڭ ئارمىزدا تالاش بولۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باقتنى يوق.

**تالاش-تارتىش** ھەركىم ياكى ھەر تەرەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇش؛ قاتتىق بەس-مۇنازىرە، غۇلغۇلا. مەسىلەن: گۈل، قۇش، شامالىلار تالاش-تارتىش قىلمىدى، ئۇلار ئاسماندا ئۈن-تىن چىقارماي نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىۋاتقان قۇياشنى كۆرسىتىپ باھارنى ئېلىپ كەلگەن ئەنە شۇ قۇياش! دېيىشتى.

**مەنىداش سۆزى:** جېدەل-جېدەل، ماجىرا.

**تاللاش** (پېئىل) تۈرى، خىللىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىش، ئايرىش، خىللاش. مەسىلەن: مەن ئانام بىلەن بىللە بېرىشنى تاللىدىم. ★ ئۇ ئالىيجاناپلىق يولىنى تاللىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىلغاش، پارلاش.

**تاماشا** (ئىسىم) ① كىشىلەرگە زوق بېغىشلايدىغان كۆرۈنۈشلەر ۋە ئۇنى كۆرۈش ھەم ئۇنىڭغا قاتنىشىش؛ ئويۇن-كۈلكە. ② قىزىق، كۈلكىلىك، ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدىغان ئىش، ئويۇن. مەسىلەن: ئىككىلار ئۇرۇشۇپ خەققە تاماشا بولۇپ بېرىۋاتامسىلەر، كىرىڭلار ئۆيگە.

**مەنىداش سۆزى:** ئويۇن.

**تاۋۇز** (ئىسىم) كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غولىلىق، پىلەك تاشلايدىغان ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى پەيسىمان يېيىلىپ، سېرىق چېچەكلەيدۇ، مېۋىسى شار شەكىللىك، شىرنىلىك بولۇپ، سۇ مىقدارى كۆپ، تەمى تاتلىق. مەسىلەن: ئاكام تاۋۇز ئالغىلى تاۋۇزلۇققا كەتتى.

**تاي** (ئىسىم) ئاتنىڭ ئىككى ياشقا تولمىغان بالىسى. مەسىلەن: —دەريانىڭ سۈيى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن ئاپا، ئۆتەلمىدىم — دەپتۇ تاي.

**تايچاق** (ئىسىم) تاينىڭ كىچىكلىتىلگەن ئىسمى؛ تېخى يېتىلمىگەن كىچىك تاي. مەسىلەن: ئېغىلدا بىر بايتال ئۆزىنىڭ تېيى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. تايچاق كۈن بويى ئانىسىدىن بىرقەدەممۇ نېرى بولمايدىكەن.

**تەبىئەت** (ئىسىم) دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، بارلىق مەۋجۇدات. مەسىلەن: تەبىئەت دەرسى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2-يىللىقىدىن باشلاپ ئۆتۈلىدىكەن، بىز ئەمدى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن خەۋەردار بولدۇق. ★ ئاكا تەبىئەت دەرس كىتابىڭنى بېرىپ تۇرغىنە، ئوقۇۋالاي!

**تەپسىلىي** (سۈپەت) ئومۇمىيۈزلۈك، بىر-بىرلەپ، ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلگەن، پۈتۈن تەپسىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باشتىن-ئاخىر. مەسىلەن: تەپسىلىي بايان. تەپسىلىي مەلۇمات. ★ سىنىڭ ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىڭنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. ★ مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ پىلانلىرىمنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم.

مەنداش سۆزى: ئەتراپلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، باشتىن-ئاخىر، مۇپەسسەل.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يۈزەكى.

**تەتقىق قىلىش** ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش، ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش. مەسىلەن: ئۇ ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى شالنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈردى.

**تەتىل** (ئىسىم) ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشنى توختىتىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋاقىت. مەسىلەن: تەتىل قىلماق. ★ سىز تەتىلنى قانداق ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتىسىز؟

مەنداش سۆزى: كانىكۇل

**تەجرىبە** (ئىسىم) ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزلەشتۈرگەن بىلىم، ئىقتىدار، قابىلىيەت. مەسىلەن: تەجرىبىسى مول. ★ ئۇ ھازىر تېرىنى تېز قىزارتىدىغان يېڭى بىر خىل ئوكۇلنى تەجرىبە قىلىۋېتىپتۇ. ★ بىز بۈگۈن مەكتەپتە چاقپىلەك ياساشنى تەجرىبە قىلدۇق.

مەنداش سۆزى: سىناق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ساۋاق.

**تەجرىبىلىك** (سۈپەت) تەجرىبىسى بار، تەجرىبىگە ئىگە. مەسىلەن: ئايسخان بۇ ئەتراپتا ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن

تەجرىبىلىك پىلىچىلاردىن ھېسابلىناتتى. ★ تەجرىبىلىك دېھقانلار، / يېڭى سايمان ياساپتۇ. / سۇ چىقىرىپ تاغلارغا، / دەريالارنى توساپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئىش كۆرگەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەجرىبىسىز، خام، ئىش كۆرمىگەن.

**تەخسە** (ئىسم) ① تاماق ئېلىش ئۈچۈن ياسالغان، ئاغزى يايپاڭ بىر خىل قاچا، لېگەندىن كىچىك بولىدۇ. مەسىلەن: مەن ئىشكتىن كىرىشىمگە ئاپام بىر تەخسە لەغمەننى ئالدىمغا قويدى. ② سەي، كۆكتات، مېۋە-چېۋە ساتقۇچىلارنىڭ كىچىك تارازىسىنىڭ قاچىسى. مەسىلەن: ئاپام ئارماندىن تاللاپ ئالغان كەمپۈتلىرىنى ئۆلچىتىش ئۈچۈن تارازىنىڭ تەخسىسىگە سالغانىدى، ئىككى كىلو چىقتى.

**تەدرىجىي** (سۈپەت) ئاستا-ئاستا، بىر-بىرلەپ، ئارقىمۇئارقا، دەرىجىمۇ دەرىجە. مەسىلەن: تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىش. ★ مەكتەپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تەدرىجىي تولۇقلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** پەيدىنپەي.

**تەر** (ئىسم) ① ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ تېرىسى ئاستىدىكى مەخسۇس بەزلەر تەرىپىدىن ئاجرىتىلغان سۇيۇقلۇق. مەسىلەن: تەر باسماق. ② كۆچمە. ئەجىر، ئەمگەك. مەسىلەن: ئالتۇن چىقىدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن (ماقال).

**تەرەپ** (ئىسم) نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى جاي، يان، ياق، ئۆدۈلى، قارشىسى. مەسىلەن: ئەتىگەندە قۇياش شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەرب تەرەپكە پاتىدۇ. ★ مەن دېرىزىگە يېقىن تەرەپتە ئولتۇرىمەن، سالى كەينى تەرىپىمدە ئولتۇرىدۇ. ★ بۇگۈن تەبىئەت دەرسىدە مۇئەللىم: — شەرق، شىمال، جەنۇب، غەرب تەرەپلەرنى ئوبدان ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار، — دېدى.

**تەرەپ-تەرەپ** بىرقانچە تەرەپ، ھەممە تەرەپ، ھەر ياق، ھەر جاي. مەسىلەن: دېھقانلار ئۈنۈمدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، تەرەپ-تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى. ★ تەرەپ-تەرەپتىن يۆتكىلىپ كېلىنۋاتقان مېۋە-چېۋىلەر ئۈرۈمچىنى

ئاجايىپ ئاۋاتلاشتۇرۇۋەتكەندى.

**تەرەققىي قىلىش** راۋاجلىنىش، ئىلگىرىلەش، يۈكسىلىش. مەسىلەن: كەلگۈسى بۈگۈنگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ چاغدا ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان، ئادەملەرمۇ ئۆز كەسپلىرىدە پىشقان بولىدۇ.

**تەربىيە** (ئىسىم) ① بالىلارنى بېقىش ۋە ئۇلارغا تەلىم بېرىپ، چوڭ قىلىش. مەسىلەن: ئۇ تاغىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ② ئىش-ھۈنەر، ئەدەپ-ئەخلاق، ئىلىم ئۆگىتىش، تەلىم. مەسىلەن: تەربىيە ئالماق. تەربىيە بەرمەك. ★ مەكتەپ بالىلارنى تەربىيىلەش ئورنى.

**تەرتىپ** (ئىسىم) ① شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ھالەتتە جايلاشتۇرۇلۇشى، تىزىلىشى؛ رەت، قاتار. مەسىلەن: ئېلىپبە تەرتىپى. ② ھەربىي قىسىم، تەشكىلات، مەكتەپلەردە ھەربىر كىشى رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدە. مەسىلەن: بىر ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇش ئۈچۈن، سىنىپنىڭ تەرتىپ، ئىنتىزاملىرىغا ناھايىتى دىققەت قىلىش كېرەك.

**تەرخەمەك** (ئىسىم) كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق پىلەك تاشلايدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق، مېۋىسى سىلىندىر شەكلىدە، تىكەنلىك بولۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. «خاڭگا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەرىپ** (ئىسىم) ① ئادەم، ۋەقە، ھادىسىلەر تونۇشتۇرۇلغان ياخشى تەرەپ. مەسىلەن: تەرىپىنى قىلماق. ② چۈشەندۈرۈش. ئىزاھ. مەسىلەن: تەرىپىنى قىلىپ بەرمەك. ★ — ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي ھاياجان ئىچىدە، — سىلەرگە تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن يىگىت دەل مۇشۇ.

**تەشتەك** (ئىسىم) گۈل ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىرلىق ياكى يۇملاق قىلىپ، ساپال ياكى چاقچۇقتا ياسالغان تېگىدە نەم ئۆتكۈزۈش تۆشۈكى بار قاچا. مەسىلەن: سىنىپقا ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر تەشتەكتىن گۈل ئېلىپ كەلدۇق.

**تەشنا** (سۈپەت) ① سۇسىزلىغان، چاڭقىغان، سۇغا زار. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا (ماقال). ★ بۇ چاغدا يىگىتمۇ، قوۋلىرىمۇ ئۇسسۇزلۇقتا تەشنا بولۇپ، قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىكەن. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىپ ئىستىگۈچى سېغىنغۇچى. مەسىلەن: ئاھ، مارجانبۇلاقلىقلار ئەنە شۇنداق گۈزەل كېلەچەككە نەقەدەر تەشنا — ھە؟!

**تەقدىرلىنىش** (پېئىل) بىرەر ئورۇن ياكى شەخس ياراتقان نەتىجىسى، تۆھپىسىگە ئاساسەن، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلىنىش، ماختاشقا سازاۋەر بولۇش. مەسىلەن: مەن ھەر ھەپتىدە دادۇيگە 300 جىڭ ئوغۇت ئۆتكۈزۈپ، مەكتەپ بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولدۇم. مەكتەپ مۇدىرى مېنى ئۆز قولى بىلەن تەقدىرلىدى.

مەنىداش سۆزى: مۇكاپاتلىنىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: جازالىنىش، تەنقىدلىنىش.

**تەقلىد قىلىش** ئىش-ھەرىكەتتە، مېڭىش-تۇرۇشتا، ئىجاد قىلىشتا باشقىلارغا ئەگىشىش، دوراش، ئوخشىتىش. مەسىلەن: مەن تانكىغا تەقلىد قىلىپ، لايدىن خېلى ياخشى تانكا مودېلى ياساپ چىقتىم.

مەنىداش سۆزى: ئوخشىتىش، دوراش.

**تەكەببۇر** (سۈپەت) ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ھاكاۋۇر، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، دىمىقى ئۈستۈن، مەنمەنچى. مەسىلەن: بۇرۇنمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئارىلىشىپ كۆپنى كۆرگەن بۇ ئادەم، مۇنداق تەكەببۇر ئادەمنى تېخى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشى ئىدى. ★ توز ئىنتايىن گۈزەل بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى تەكەببۇر ئىكەن.

مەنىداش سۆزى: مەغرۇر، ھاكاۋۇر، مەنمەنچى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەمتەر، كىچىك پېئىل.

**تەكشى** ① (سۈپەت) ئۈستى، يۈزى ئېگىز-پەس ئەمەس، تۈز. مەسىلەن: تاغنىڭ ئۈستى تەكشى كەتكەن ئوتلاق ئىدى. ② (رەۋىش) ئالا قويماي، بىر خىل؛ ئوخشاش ھالەتتە. مەسىلەن: ئېلېكتر چىرىغى ھەممە كىشىلەرنىڭ چىرايىنى تەكشى يورۇتۇپ تۇراتتى. ③ (رەۋىش) ئوخشاش، تەڭمۇتەڭ. مەسىلەن: ھويلىدىكى ئالمىنىڭ شاخلىرى تەكشى قىرقىلغان، پۈتۈن

ھويلا پاكىز تىنچ ئىدى.

مەنىداش سۆزى: تۈز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئېگىز-پەس، ئوڭغۇل-دوڭغۇل.

**تەكلىپ** (ئىسىم) ① پىكىر، مەسلىھەت. مەسلەن: تەكلىپ بەرمەك. ② بىر كىمنى ياكى كوللېكتىپنى چاقىرىش ھەققىدىكى ئىلتىماس، چاقىرىق، دالالەت. مەسلەن: تويغا تەكلىپ قىلماق. ★ — قېنى يەڭ دوستۇم، — دەپ تۆلكىنى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ، تۇرنا.

**تەگمەك** (پېئىل) ① تاقاشماق، تاقالماق. مەسلەن: ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە، غادايغانغا غاداي بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە (ماقال). ② ئۇرۇلماق. مەسلەن: قاتتىق تەگكەن بىر شاپىلاق بىلەن ئۇ تىرىڭگىدە كەينىگە ئۈچۈپ چۈشتى. ③ بىر نەرسە چاچراپ، تېمىپ، سۈركىلىپ ئىز، داغ قالدۇرماق، يۇقماق. مەسلەن: چاپانغا داغ تەگدى. ④ تاپشۇرۇلماق (ئەۋەتكەن نەرسە ھەققىدە). مەسلەن: ئاكام يازغان خەت تەگدى. ⑤ تەسىر ئۆتۈپ زىيان قىلماق، كار قىلماق. مەسلەن: ئۇكامغا تۈنۈگۈن سوغۇق تېگىپ زۇكامداپ قالدى.

**تەڭپۇڭ** (سۈپەت) قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ ئېغىر-يېنىكلىك، ئېگىز-پەسلىك، چوڭ-كىچىكلىك، ئاز-كۆپلۈكىنىڭ تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسلەن: — ساۋاقداشلار ياسىغان تارازاڭلاردا نەرسىلەرنى ئۆلچەپ كۆردۈڭلارمۇ؟ تەجرىبەڭلەرنى سۆزلەپ بېرىڭلار، — دېدى مۇئەللىم.

مەنىداش سۆزى: باراۋەر.

**تەڭتۇش** (سۈپەت) ياش جەھەتتىن تەڭ، قۇرداش، بىر دېمەتلىك. مەسلەن: ئۇلار سىمەتنىڭ تەڭتۇش، سىرداش دوستلىرى ئىدى. ★ قادىر كۈندۈزنى تەڭتۇشلىرى بىلەن ئاشخانىدا ئۆتكۈزدى.

مەنىداش سۆزى: بىر دېمەتلىك، تەڭ قۇرام.

**تەڭگە** (ئىسىم) كۈمۈشتىن يۇملاق شەكىلدە ياسالغان پۇل. مەسلەن: — يانچۇقۇڭدا تۆت تەڭگە پۇل بولسا، شۇ تۆت تەڭگە چۈشۈپ قالسا،

يانچۇقۇڭدا نېمە قالدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم بالىدىن.

**تەلەي** (ئىسىم) ئامەت، بەخت، تەقدىر، قىسمەت، پېشانە. مەسلەن: ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى. ★ ئۇ بەك تەلەيلىك ئىكەن. ★ سىز بىزگە يولۇقۇپ قېلىشىڭىزمۇ سىزنىڭ تەلىيىڭىز، بولمىسا نەلەردە تەمتىرەپ يۈرەتتىڭىز.

**مەنىداش سۆزى:** ئامەت، تەقدىر.

**تەمەننا** (ئىسىم) ئۆزىچە ماختىنىپ قىلغان قىلىق، ھەرىكەت؛ ماختىنىش، پەخىرلىنىش. مەسلەن: تەمەننا قويۇش. تەمەننا قىلىش. ★ شۇندىن كېيىن خوراز ئۆزىگە تەمەننا قويمايدىغان، ھەر كۈنى سەھەردە چىللاپ، كىشىلەرنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان بوپتۇ. ★ ئۆزىڭگە ئۈنچىۋالا تەمەننا قويۇپ كەتمە، ئالدىڭدا نۇرغۇن سىناقلار بار تېخى.

**تەمەننا قويۇش** مەلۇم نەرسە ياكى ئىشتا، ئۆزىنى ماختىنىشقا لايىق دەپ ھېسابلاش، كۆرەڭلەش، پەخىرلىنىش. مەسلەن: خوراز ئۆزىگە بەك چىرايلىقمەن دەپ تەمەننا قويىدىكەن. ★ — ئۆزۈڭگە ئارتۇقچە تەمەننا قويما، ئۆتكەن چارەكلىك ئىمتىھاندا لاياقەتسىز بولغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالماي ياخشى ئۆگەن، — دېدى، ئۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كۆرەڭلەش، پەخىرلىنىش، مەغرۇرلىنىش.

**تەمتىرەش** (پېئىل) بىر قارارغا كېلەلمەي تەمتىرەپ قېلىش، نېمە قىلىشنى بىلەلمەسلىك، ساراسىمىگە چۈشۈش، ھودۇقۇش. مەسلەن: ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر بوۋاي بالىسىنىڭ ئۆيىنى تاپالماي، تەمتىرەپ يۈرگەن ئىكەن، مەن ئۆيىنى تېپىپ ئاپىرىپ قويدۇم.

**مەنىداش سۆزى:** ھودۇقۇش، تىنەش، سارىسىمىگە چۈشۈش، گاڭگىراش.

**تەمشىلىش** (پېئىل) بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىنتىلىش، كىرىشىش، ئۇرۇنۇش. مەسلەن: خېلىدىن كېيىن شاۋكەت ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. ★ تايچاق دەريادىن ئۆتۈشكە تەمشىلىپتۇ.

**تەمكىن** (سۈپەت) ئېغىر - بېسىق، پۇختا، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان. مەسلەن: ئانام رەھمەتلىك ئېغىر-بېسىق، تەمكىن مىجەز ئايال بولۇپ، مېنى جېنىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئەزىز كۆرەتتى. ★ لىۇخۇلەن كۆكرىكىنى كېرىپ تەمكىنلىك بىلەن: — ئۆلتۈرمىسەن، چاپامسەن ئىختىيار ئۆزۈڭدە، ئۆلۈمدىن قورققانلار پارتىيە ئەزاسى بولالمايدۇ، — دەپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئېغىر-بېسىق، ۋەزمىن، سالماق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئالدىراڭغۇ، ئالىجۇقا.

**تەمىن ئېتىش** لازىملىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەش، يەتكۈزۈپ بېرىش، كاپالەتلەندۈرۈش. مەسىلەن: ئۇلار بىزنى كىتاب-دەپتەر بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ★ دېھقانلار شەھەر ئاھالىسىنى گۆش-ماي، سەي-كۆكتات، نان بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. ★ بۇ قېتىمقى ساياھەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەم كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلمىساق بولماس.

**تەنتەنە** (ئىسىم) مۇھىم ۋەقەلەرنى تەبرىكلەپ، ئالقىشلاپ، شاد-خۇراملىق كەيپىياتىنى قوزغاش، داغدۇغا قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم؛ پائالىيەت. مەسىلەن: دۆلەت بايرىمىنى قىزغىن كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە تەنتەنە كۆتۈرۈلدى. ★ توي تەنتەنىسى پەلەككە يەتتى.

**تەنقىد قىلىش** تەنقىدلەش، ئەيىبلەش. مەسىلەن: سىنىپ باشلىقى سىنىپ ئىچىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن بۇلۇڭلاردىكى دىجورنى بولغانلارنى تازىلىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلدى.

مەنىداش سۆزى: سەتلەش، ئەيىبلەش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تەقدىرلەش.

**تەھدىت** (ئىسىم) ① قورقۇتۇش، پوپوزا، ھەيۋە. مەسىلەن: ئۇ ئۆزىگە كېلىۋاتقان تەھدىتنى سېزىپ، دەرھال تىكىۋەتتى. ② بىرەر ئاپەت ياكى پالاكەتنىڭ يۈز بېرىش خەۋپى، خەۋىرى. مەسىلەن: قۇرغاقچىلىقنىڭ تەھدىتى ھەممىنى ئەندىشىگە سالدى.

مەنىداش سۆزى: ھەيۋە، پوپوزا.

**تەھدىت سېلىش** قورقۇتۇش، پوپوزا قىلىش. مەسىلەن: ئۇ خۇددى ھازىرلا چايناپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

چەكچەيتىپ گۈلشەنگە تەھدىت سالغىلى تۇردى. ★ دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا يەنە تەھدىت سېلىپ:-ئېيتمىساڭ ئاتىمىز، ـ دەپتۇ، ليۇخۇلەن غەزەپ بىلەن: بىلمەيمەن دېگەندىكىن بىلمەيمەن! ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: پوپوزا قىلىش، ھەيۋە قىلىش.

**تەۋرەنمەسلىك** (پېئىل) كىشىلەرنىڭ مەيدانى، ئىرادىسىنىڭ قەتئىيلىكىگە قارىتىلغان. مەسىلەن: بىز قەتئىي تەۋرەنمەستىن زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلىشىمىز، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

مەنىداش سۆزى: ئىككىلەنمەسلىك، بوشاشماسلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئارىسالدى بولۇش، تەۋرىنىش.

**تەييارلاش** (پېئىل) تەييار، تەخ قىلىش؛ ھازىرلاش. مەسىلەن: ئوغلۇم كەچ كىرىپ قالدى. كاللارغا كېچىدە بېرىدىغان ئوتلارنى تەييارلاپ قويغىنا. ★ «ياق بولمايدۇ! ئويناشقا ۋاقتىم يوق، ئاۋۋال دەرسلىرىمنى تەييارلىۋالاي، ئاندىن ئوينايمەن» دەپ ئوقۇشنى داۋام قىپتۇ باتۇر.

مەنىداش سۆزى: ھازىرلاش.

**توختالغۇسى يوق** كېيىندىن تولا يېنىۋالدىغان، پىكرى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تۇراقسىز. مەسىلەن: بۇ بالا تازا توختالغۇسى يوق بالا بولدى، ھېلى ئۇنى ئېلىپ بەر دېگەن، ھېلى بۇنى ئېلىپ بەر دېگەن.

مەنىداش سۆزى: تۇراقسىز، تۇتۇرۇقسىز.

**توختاۋسىز** (رەۋىش) توختىماي، ئۈزلۈكسىز، توختىماستىن. مەسىلەن: ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزىدىن توختاۋسىز ياش تۆتۈلۈشكە باشلىدى. ★ چۈمۈلىلەر توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىپ، بۇ يەرنى گويا تەنتەربىيە مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.

مەنىداش سۆزى: ئۈزلۈكسىز، توختىماي.

**توساتتىن** (رەۋىش) كۈتۈلمىگەندە، تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت. مەسىلەن: توساتتىن ئىشكنى بىرى ئۇردى. ★ توساتتىنلا بىر پاي ئوق ئېتىلدى.

مەنىداش سۆزى: بىردىنلا، تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت.

**تونۇش** (پېئىل) ① بىرەر نەرسە بىلەن تونۇش، قورشاش ياكى

ئىككىگە ئايرىش، ئاجرىتىش. مەسلەن: ئۆستەڭ بويلىرىدا بورىلار بىلەن توسۇپ ياسالغان قاتار-قاتار ۋاقىتلىق ئاشخانىلار، چايخانىلار، ناۋايخانىلار بار ئىدى. ② كۆچمە. مەنىسى قىلىش، چەكلەش. مەسلەن: مۇئەللىم مېنى يامان ئىشتىن توسۇش، ياخشى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ئوبدان چارىلەرنى ئويلاپ تاپاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** توختىتىش، ئېتىش، تىزگىنلەش، چەكلەش.

**توشقان** ① (ئىسم) سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، بېشى چاشقاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. قۇلىقى يوغان، يۇقىرىقى كالپۇكى يېرىق بولۇپ، قورقۇنچاق كېلىدۇ. مەسلەن: مەن توشقان باقتىم. ② (سۈپەت) كۆچمە. يۈرىكى يوق، توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق، يۈرەكسىز. تازا توشقان يۈرەك، قورقۇنچاق بىر ئاداش ئىكەن، بۇ. ★ توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا (ماقال).

**توشقۇزۇش** (پېئىل) لىق قىلىپ قاچىلاش، تولدۇرۇش. مەسلەن: بالىلىرىنىڭ سېۋەتكە توشقۇزۇپ ئېلىپ كەلگەن سۆيگە قاراپ، بوۋاي بالىلىرىنىڭ پەمگە قايىل بوپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** قاچىلاش، تولدۇرۇش.

**توشۇش** (پېئىل) ① بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەش. مەسلەن: ئەكبەر ئۇ يەردە دۆۋىلىنىپ تۇرغان تاشلارنى كۆردى ۋە چاپىنىنى تاغار قىلىپ، چاقىنىڭ ئالدىغا تاش توشۇدى. ② ئاپىرىش، يەتكۈزۈش: مەسلەن: ئۇنىڭ گەپ توشۇيدىغان يامان ئادىتى بار.

**مەنىداش سۆزى:** يۆتكەش.

**توغرا** ① (سۈپەت) قارىمۇقارشى، ئۇدۇلمۇئۇدۇل. مەسلەن: توغرا تام. توغرا سىزىق. ② (رەۋ) ئارتۇق كەم ئەمەس، خاتاسى يوق. مەسلەن: بەرگەن جاۋابىڭىز توغرا بولدى، ئولتۇرۇڭ!

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاتا.

**توق** (سۈپەت) ئاش-تاماققا تويۇنغان، ئاچ ئەمەس. مەسلەن: كۆزى توقنىڭ ئۆزى توق (ماقال). ★ جاپا تارتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەخت-سائادەتلىك، توق ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاچ.

**توك** I (ئىسىم) ئېلېكتر زەرىتىنىڭ ئېقىمى، توك ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەندە ئىسسىقلىق ئېففېكتى، خىمىيىلىك ئېففېكت، يورۇقلۇق چىقىرىش ئېففېكتى قاتارلىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ.
مەسىلەن: توك چىراغ. توك سىمى تارتىش. ★ — باللار توك كەلدى، توك كەلدى، — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

**توك** II (تەقلىد) ① تاش، چالما قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يەرگە ياكى قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىدىن ياكى ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز. مەسىلەن: قۇشقاچنىڭ ئاغزىدىكى دان ئالدىغا «توك» قىلىپ چۈشۈپتۇ. ② توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ داننى قاتتىق چوقۇپ ئېلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز. مەسىلەن: خوراز يەردىكى داننى «توك» قىلىپ چوقۇۋالدى.

**توك سىمى** ئېلېكتر كۈچىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۆتكۈزگۈچ سىم، كۆپرەك مىس ياكى ئالىيۇمىندىن ياسىلىدۇ. ئىشلىتىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل ئۆلچەملىك بولىدۇ.
مەسىلەن: غاز، — لامپۇچكىغا ياغمۇ، پىلىكمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ، ئۇ توك سىمى ئارقىلىق يورۇيدۇ، — دەپتۇ.

**تون كىيىش** ① كىيىم بىلەن بەدەننى يېپىش، پۈركەش.
مەسىلەن: ئاپام دادامنىڭ تونىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ★ ئاخۇنۇم نىكاھ ھەققىگە بىر دانە سەللە بىلەن بىر تون كىيدى. ② قاپلىنىش، ئورنىنىش. مەسىلەن: ئېتىز-دالا، باغ-ۋاران تەتىللادىن تون كىيدى.

**تونۇش** (سۈپەت) بۇرۇندىن تارتىپ بىلىدىغان، كۆرگەن، بىلىشىدىغان، بۇرۇندىن مەلۇم بولغان. مەسىلەن: ئىككىمىز بىللە كىلىۋاتاتتۇق، تونۇش بىرسى ئۇچراپ قېلىپ ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ناتونۇش، يات.

**تۇرنا** (ئىسىم) بىر خىل قۇش، بېشى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ئۇزۇن ۋە تۈز، پۇتى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بولىدۇ.

مەسىلەن: تۈلكە تۇرنىنى مېھمان قىلماقچى بولۇپ، تەخسىگە ئەكەلگەن تاماقنى ئۆزى يەپ تۇرنىنى ئاچ قورساق يولغا سېلىپتۇ.

**تۇرۇپ** ‹ئىسىم› ① كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئادەتتە كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئوق يىلتىزى.

**تۇشمۇتۇشتىن** تەرەپ-تەرەپتىن، ھەر تەرەپتىن. مەسىلەن: تۇشمۇتۇشتىن ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۇلىرى بۇ يەردە خېلىلا چوڭ ئېقىننى ھاسىل قىلغانىدى.

**مەنىداش سۆزى:** تەرەپ-تەرەپتىن.

**تۇڭ** ‹ئىسىم› سۇيۇق نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان ياغاچ، قاڭالتىر، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسالغان قاچا. مەسىلەن: ماي تۇڭى. ★ بىز ھېيتلىق ساڭزا سېلىش ئۈچۈن بىر تۇڭ ماي سېتىۋالدۇق.

**تۇمشۇق** ‹ئىسىم› ① قۇشلارنىڭ ئېغىزىغا تۇتاش ئاستىن-ئۈستۈن بىر جۈپ جاغ ئورنىدىكى سوزۇنچاق مۈڭگۈزسىمان ئەزا، قۇشلار ئۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. مەسىلەن: تۇرنىنىڭ تۇمشۇقى. ② ھايۋان ياكى ئادەملەرنىڭ بۇرۇن ئەتراپى. مەسىلەن: ئاتنىڭ تۇمشۇقى. تۇمشۇقىنى ئۈچلىماق. ③ بىرەر نەرسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان قىسمى، بۇرنى. مەسىلەن: كېمە تۇمشۇقىنى دەرياغا بۇرىدى.

**تۇنجى** ‹سۈپەت› دەسلەپكى، بالدۇرقى، ئاۋۋالقى، بىرىنچى قېتىمقى. مەسىلەن: ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەكتەپ، مۇئەللىم بولمىغان بۇ يېزىغا تۇنجى مۇئەللىم كەلدى. ★ ئۇلارنىڭ تۇنجى بالىسى مەن بولىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** دەسلەپكى، ئاۋۋالقى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاخىرقى، كەنجى.

**تۇۋاقلاش** ‹پېئىل› ① ئۈستىگە تۇۋىقىنى يېپىش، ئېتىش. مەسىلەن: قازاننى تۇۋاقلاش. ② كۆچمە. رەدىيە بىلەن گەپ قىلىشتىن توختاش، گەپ قىلالمىغۇدەك قىلىپ قويۇش. مەسىلەن: — ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمەڭلار، — دەپ لەيلىگۈلنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى ئۇ.

www.uyghurkitap.com

**تۆت بۇلۇڭ** بىر تەكشىلىكتە ياتقان تۆت تۈز سىزىق ئارقىلىق ئورالغان گېئومېتىرىيىلىك شەكىل. مەسىلەن: دوسكىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا چىرايلىق گۈللەر رەڭدار سىزىلىپ بېزەلگەنىدى.

**تۆكۈلۈش** (پېئىل) ① سۇيۇق ياكى چېچىلىدىغان نەرسىلەرنى باشقا يەرگە، نەرسىگە چۈشۈرۈش. مەسىلەن: قىز قازان-قومۇچلارنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى يوندى چېلىكىگە تۆكۈپتۇ. ② چۈشۈرۈش، يوق قىلىش. مەسىلەن: بالىسى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ دادىسىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى. ③ تاشلاش. مەسىلەن: يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن سۆگەت شاخلىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى.

**تۆگە** ① (ئىسىم) سۈت ئەمگۈچى هايۋان، تېنى ئېگىز ۋە چوڭ دۈمبىسىدە لوككىسى بولىدۇ. تاپىنى تەكشى ياپىلاق، ئاستىدا گۆشلۈك ياتمىسى بولۇپ قۇملۇقتا مېڭىشقا ماسلاشقان. ئاچلىققا چىدامىلىق، پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر. مەسىلەن: تۆگە بېشىنى كۆتۈرۈپلا يوپۇرماقلارنى يەپتۇ. ② (سۈپەت) كۆچمە. بېشى كىچىك تۇرۇپ، بويى شادىدەك تازا بىر تۆگە بولدى، بۇ بالا.

**تۆهپە** (ئىسىم) ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن كۆرسەتكەن، ماختاشقا لايىق، پەخىرلىنەرلىك ئىش، سىڭدۈرگەن ئەجىر، خىزمەت، ياراتقان نەتىجە. مەسىلەن: تارىختا ئۇلۇغ قەھرىمانلار، ئىجادكارلار، ئالىملار ئۆتكەن، لېكىن تۆهپىلىرىنى هە دېگەندىلا نۇرغۇن كىشىلەر چۈشىنىپ يەتمىگەن.

مەنىداش سۆزى: ئەجىر.

**تۆۋەن** (سۈپەت) ① پەس، ئاستى. مەسىلەن: نۇر ئامىنە خىجىل بولۇپ، بېشىنى ئاستا تۆۋەن سالدى. ② دەرىجە جەھەتتىن كەيىندە تۇرىدىغان. مەسىلەن: بۇ قوشنامىنىڭ ئوغلى تۆۋەن يىللىقتا ئوقۇيدۇ. ③ كۆچمە. نەتىجە، سۈپەت جەھەتتىن ناچار. مەسىلەن: بالامنىڭ نەتىجىسى بەك تۆۋەن.

مەنىداش سۆزى: پەس، ناچار.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يۇقىرى.

**تۇپ** (ئىسىم) ① ئۆسۈملۈك ياكى دەرەخلەرنىڭ هەر دانىسى. مەسىلەن: بۇ كۆچەتنىڭ هەربىر تۇپىنى ئىككى يوەندىن سېتىۋالدىم. ② (مىقدار)

ساناق سانلار بىلەن كېلىپ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مىقدارىدىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بەش تۈپ ئالما كۆچىتى تىكىپ قويسام ھەممىسى تۈتۈپ مېۋىگە كىردى.

**تۈر** (ئىسىم) ① بەلگىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، رولى جەھەتتىن مەلۇم ئومۇملۇققا ئىگە بولغان نەرسىلەر گۇرۇپپىسى، خىلى، ئايرىمىسى. مەسىلەن: كۆزەينەكنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپكەن، قايسىسىنى ئالسام بولار. ② بىر نەرسىنىڭ ئالاھىدىلىك، پەرق جەھەتتىن ئايرىلغان، بۆلۈنگەن بۆلۈنمىسى. مەسىلەن: مەھسۇلات تۈرى. ★ بىر تۈردىكى ھايۋانلار يەنە بىر تۈردىكى ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

**تۈركۈم** (ئىسىم) بىر توپ، بىر گۇرۇپپا. مەسىلەن: بىرىنچى تۈركۈمدىكى باللارنى دادام ئۆزى باشلاپ ماڭغۇدەك. ★ بىزدىمۇ ئىقتىدارلىق بىر تۈركۈم ياشلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** بىر توپ.

**تۇگمەن** (ئىسىم) ئاشلىقتىن ئۇن تارتىش قۇرۇلمىسى، ئىككى دانە يۇملاق، يېسى تاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاستىنقى تېشى ھەرىكەتلەنمەيدۇ. ئۇستۈنكىسى سۇ ياكى شامال كۈچى ۋە توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. مەسىلەن: تاينىڭ ئانىسى، ــ ماۋۇ بىرىم تاغار بۇغداينى تۇگمەنگە ئاپارغىن، ــ دەپتۇ. ★ بىز كىچىك چاغلاردا ئاپام تۇگمەنگە قارايتتى.

**تۇگمەس** (سۈپەت) ھېچ تۇگىمەيدىغان، ئاخىرلاشمايدىغان، چەكسىز. مەسىلەن: ئۇ جىم بولۇپ قالدى، تۇرقىدىن تۇگمەس بىر ئوي دېڭىزىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى. ★ ناۋادا ئاپام بۇ تۇگمەس ئىشلار بىلەن چارچاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا قانداقمۇ قىلارمىز.

**تۈۋ** (ئىسىم) ① دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان يېرى. مەسىلەن: زىرائەتنىڭ كۆكىگە ئىشلىمەي، تۈۋىگە ئىشلە (ماقال). ★دېھقانلار قوناق، قوغۇن-تاۋۇزلارنىڭ تۈۋىگە يەرلىك ئوغۇت تۆكۈپ چۆنەك تارتىۋاتاتتى. ② مەلۇم نەرسە ئورۇنلاشقان جاينىڭ ئاستى، يېنى، ئەتراپى. مەسىلەن: قازاننىڭ تۈۋى تېشىلىپ قاپتۇ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۈچى.

**تېپىش** (پېئىل) ① ئارزۇ قىلغان، ئىزدىگەن نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش. مەسىلەن: ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا گېزىت سېتىپ 20 يۈەن تېپىپ مەكتەپكە ياردەم قىلدى. ② كۆچمە. چۈشىنىش قىيىن بولغان، سىرلىق. مەسىلەن: باللار ئۈلاردىن: — بۇنداق ياخشى ئامالنى قايسىڭلار ئويلاپ تاپتىڭلار، — دەپ سوراپتۇ.

**تېپىشماق** (ئىسىم) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى، ئۇنىڭدا تېپىلىشى لازىم بولغان نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىرى، ئوخشاتمىلىرى، سۈپەتلىرى بېرىلىپ، ئۇنى چۈشىنىش ۋە تېپىشقا ئۈندىلىدۇ. مەسىلەن: ئادىل ئۈچۈن خەتتە يېزىلغان ۋەقەلەر تامامەن سىرلىق بىر تېپىشماق بولۇپ قالدۇ. ★ مۇئەللىم بىزگە تېپىشماق ئېيتىپ بېرىپ، — بۇ نېمە؟ تېپىڭلار! — دېدى.

**تېتىش** (پېئىل) بىر ئاز يەپ، ئىچىپ تەمىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ بېقىش. مەسىلەن: سۇ، رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز سۈيۇقلۇق. يەنى ئاقار جىسىم. ★ مەن ئاشنىڭ تۇزىنى تېتىشنى بىلمەيمەن.

مەنىداش سۆزى: يەپ بېقىش، ئىچىپ بېقىش.

**تېتىك** (سۈپەت) چاققان، شوخ، جانلىق، جۇشقۇن. مەسىلەن: كىشىلەر مېنى سىز نېمە دېگەن تېتىك، دېيىشىدۇ. ★ شۇ چاغدا رېستۇراندا سازەندىلەر شوخ تېتىك پەدىلەرگە چالماقتا ئىدى.

مەنىداش سۆزى: چاققان، روھلۇق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قاشاڭ.

**تېجەش** (پېئىل) پۇل، ماددىي بايلىق ۋە ۋاقىت، كۈچ قاتارلىقلارنى ئاياپ ئىشلىتىش. مەسىلەن: سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ھەربىر كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى.

مەنىداش سۆزى: يىغىش، ئاياش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئىسراپ.

**تېرەك** (ئىسىم) تال-تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان

دەرەخ، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى تۆمۈنە شەكلىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاق تېرەك، قاپاق تېرەك، سۇۋادان تېرەك، تاغ تېرىكى قاتارلىق تۈرلىرى بار. مەسلەن: بۈگۈن بىز مەكتەپ ھويلىسىغا تېرەك كۆچىتى تىكتۇق.

مەنىداش سۆزى: دەرەخ.

**تېگى-تەكتى** ① كېلىپ چىقىشى، ئەسلى زاتى، پەيدا بولۇش سەۋەبى. مەسلەن: دادام ھېلىقى كەلگەن يىگىت بىلەن ئايالنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، كوچىلاپ سورىدى. ② بىرەر ئىش، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، ماھىيىتى. مەسلەن: مۇئەللىم بۈگۈن سىنىپتا يۈز بەرگەن ماجرانىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن، سىنىپ يىغىنى ئاچتى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۈستى.

**تېگىگە يېتىش** گەپ-سۆز، ئىش ھەرىكەتنىڭ تېگى-تەكتى، ماھىيىتى، سىرىنى چۈشىنىش. مەسلەن: ئوغۇللار دادىسىنىڭ سۆزىنىڭ تېگى-تەكتىگە ئەمدى يېتىپتۇ. ★ ئايۇپ ئاكا كۆپ ئويلىنىپ ئاخىرى ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتتى.

مەنىداش سۆزى: بىلىش، چۈشىنىش.

**تېلېفون** (ئىسىم) توكتىن پايدىلىنىپ، ئىككى جايدىكى كىشىلەرنى ئۆزئارا سۆزلەشتۈرىدىغان قورۇلما، ئاساسەن سۆز تارقاتقۇچ، سۆز قوبۇللىغۇچ ۋە ئۆتكۈزگۈچ سىمدىن ئىبارەت ئالاقىلىشىش قۇرالى. مەسلەن: تېلېفون بەرمەك. ★ بىز بۈگۈن ئۆيىمىزگە تېلېفون ئورناتتۇق.

**تېلېگراف** (ئىسىم) تېلېفون، تېلېگىراممىا ياكى رادىئو ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ مەخسۇس خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئالاقە ۋاسىتىسى. مەسلەن: ھەر ھەپتىنىڭ 3 ـ، 5-كۈنلىرى دىلو ۋە قانۇن پروگراممىسى بەرگەندە ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆرىمەن. تۈنۈگۈن پوچتا تېلېگراف ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى كۆرسەتتى.

**تېلېگىرامما** (ئىسىم) شىفىر ئارقىلىق يېزىق، سۈرەت، گرافىكنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەتكۈزۈش ئۇسۇلى ۋە شۇ ئۇسۇل بويىچە يەتكۈزۈلگەن خەۋەر.
مەسىلەن: مەن دادامنىڭ يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.

**تېۋىپ** (ئىسىم) تومۇر تۇتۇپ كېسەللەرنى تەكشۈرىدىغان، ئۆزىگە خاس دورىلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى بولغان تېبابەت مۇتەخەسسىسى، مىللىي تېبابەت دوختۇرى. مەسىلەن: پىشقەدەم تېۋىپ باقى ھاجىم تومۇرۇمنى بىر ھازا تۇتقاندىن كېيىن رېتسېپ يېزىشقا باشلىدى.
**مەنداش سۆزى:** دوختۇر.

**تېيىز** (سۈپەت) ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. مەسىلەن: تېيىز كۆلچەك. ★ — ئۇ دەريانىڭ سۈيى ناھايىتى تېيىز ئىدىغۇ، — دېيتۇ تاينىڭ ئانىسى. ★ دەريا سۈيى ئەسلىدە كالا ئېيىتقاندەك تېيىزمۇ ئەمەس، تېيىن ئېيتقاندەك چوڭقۇرمۇ ئەمەس ئىكەن.

**تىت-تىت بولۇش** مەلۇم بىر ئىش يۈز بېرىدىن دىققەتتە بولۇش، تاقەتسىزلىنىش. مەسىلەن: ئايشەم ئەتىگەندە ساۋاقدىشى زەينەپنى ساقلاپ تىت-تىت بولۇپ كەتتى. ★ مېھرىگۈل ئۆزىنىڭ ئامىنە مۇئەللىمگە ئاتاپ تەييارلىغان سوغىتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەتتى.
**مەنداش سۆزى:** جىلى بولۇش، تاقەتسىزلىنىش.

**تىرەك** (ئىسىم) بىرەر نەرسىنى يۆلەپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەر. مەسىلەن: بۇ شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئالمىلارغا تىرەك تىرەپ قويۇلغانىدى.
**مەنداش سۆزى:** يۆلەك.

**تىرناق** (ئىسىم) ① ئادەم ۋە بەزى ھايۋان ھەم ئۇچار قۇشلارنىڭ بارماق ۋە پۇت پەنجىلىرىدىكى گۆشكە يېپىشقان مۈڭگۈزسىمان قىسمى. مەسىلەن: تىرناق ئالماق. ★ مۈشۈك ئېتىلىپ بېرىپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن كەپتەرنىڭ باچكىسىنى باسماداپ تۇتۇۋالدى. ② تىنىش بەلگىسى، ئاساسلىقى تېكىست ئىچىدىكى ئىزاھ قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.
مەسىلەن: يالاڭ تىرناق ‹›. قوش تىرناق «».

**تىزلىنىش** (پېئىل) تىزنى پۈكۈپ، پەللىكىنى ئىككى تىقىمغا قويۇپ ئولتۇرۇش. مەسىلەن: تۆگە تىزلىنىپ، بېشىنى پەس قىلىپ ئىشكتىن كىرىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ. ★ ساقچىلار قاتىلنىڭ دۈمبىسىگە تىزلاپ تۇرۇپ قولنى كەينىگە قايرىپ كويزا سالدى.

مەنىداش سۆزى: پۈكۈنمەك.

**تىزىش** (پېئىل) ① نەرسىلەرنى سىم قاتارلىق نەرسىلەرگە ئۆتكۈزۈپ، تىزىق ھالىتىگە كەلتۈرۈش. مەسىلەن: ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۈۋرۈككە بىر يىپقا تىزىلغان مىس داچەن ئىسسىقلىق تۇراتتى. ② كىشىلەر ياكى نەرسىلەرنى يانمۇ-يان، قاتار قىلىپ مەلۇم تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇش. مەسىلەن: سۈت قاچىلىرى بوتكىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇلغانىدى.

مەنىداش سۆزى: رەتكە سېلىش، رەتكە تۇرغۇزۇش.

**تىزىق** ① (ئىسىم) يىپقا ئۆتكۈزۈپ تىزىلغان نەرسە. مەسىلەن: سۆزلەر ئالمىچىنىڭ ئاغزىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزغان مېغىزدەك تىزىلىپ چىقاتتى. ② (مىقدار) ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، تىزىق ھالىتىدىكى مىقدارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بىر تىزىق مېغىز.

**تىك بۇلۇڭ** ئىككى تۈز سىزىق ياكى ئىككى تەكشىلىك تىك ھالدا كېسىشكەندە ھاسىل بولغان بۇلۇڭ. مەسىلەن: تىك بۇلۇڭ 90 گرادۇس بولىدۇ.

**تىكىش** (پېئىل) ① سانجىپ، تىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، قاداش، ئورنىتىش. مەسىلەن: كۆچەت تىكىش. ② يىپ-يىڭنە ۋە ماشىنا قاتارلىقلار بىلەن تۈنەپ، تەپچىپ بىر-بىرىگە ھەم جىپسىلاشتۇرۇش. مەسىلەن: كىيىم-كېچەك تىكىش. ★ تاغارنىڭ ئاغزىنى تىكىپ قويدۇم.

**تىكىلىش** (پېئىل) بىرەر نەرسىگە دىققەت بىلەن قاراش. مەسىلەن: 30 نەچچە جۈپ كۆز مۇئەللىمگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ★ ئۇلار ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغاچقا دەيدىغان گېپىمنى تاپالمىدىم.

www.uyghurkitap.com

**مەنداش سۆزى:** قاراش، سەپسېلىش.

**تىلەمچى** (ئىسىم) كىشىلەردىن بىرەر نەرسە تىلەپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى. مەسىلەن: بۇ مەھەللىدە بىر تىلەمچى بار بولۇپ، ئىسمى ھاشىم ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** دىۋانە، ساھىل، قەلەندەر.

**تىللاش** (پېئىل) قوپال، سەت گەپ سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلىش، كەمسىتىش. مەسىلەن: ئەسقەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەن تىللىدى. ★ ئوقۇتقۇچىمنى خاپا قىلمايمەن، ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇرۇشمايمەن، تىللاشمايمەن، ئۇلار بىلەن ئاكا-ئۇكىدەك ئۆتىمەن.

**مەنداش سۆزى:** ھاقارەتلەش.

**تىنچ** (سۈپەت) قىمىرلىمايدىغان، ھەرىكەت سېزىلمەيدىغان، جىمجىت، چۇقان-سۈرەندىن خالىي، ۋاراڭ-چۇرۇڭ يوق، كىشىنى بىزار قىلمايدىغان، خاتىرجەم. مەسىلەن: سىنىپتا تىنچ ئولتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچۇم سۆزلىگەن دەرسنى دىققەت بىلەن ئاڭلايمەن.

**مەنداش سۆزى:** جىمجىت، خالىي.

**تىنىم تاپماي** تىنچ تۇرماي، بىكار تۇرماي، ئارام ئالماي. مەسىلەن: رەھمەتلىك دادام بەك ئىشچان بولغاچقا، كېچىلىرىمۇ تىنىم تاپماي ياغاچچىلىق قىلاتتى.

**مەنداش سۆزى:** بىكار تۇرماي، ئارام ئالماي.

**تىيىن** (ئىسىم) ① سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، سىرتقى شەكلى چاشقانغا ئوخشايدۇ. تېنى چاشقاندىن سەل چوڭ، قۇيرۇقى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، چېچىلىپ تۇرىدۇ، قارىغايلىقتا ياشايدۇ. مەسىلەن: تىيىن-تايىچاق ئۆتىمگىن، ئۆتىمگىن، سوغا چۆكۈپ ئۆلىسەن، — دەپ تووۋلاپتۇ. ② ئون داچەن قىممىتىگە ئىگە مىس پۇل، تومپۇر. ③ بىر كوينىڭ يۈزدىن بىرى، سىنىت.

# ج

**جاپالىق** (سۈپەت) جەبىر-جاپاسى بار؛ مۇشكۇل، قىيىن، تەس. مەسىلەن: جاپالىق يىللار. ★ — بىز جاپالىق يىللاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولغاچقا، ئىسراپچىلىقنى كۆرسەك چىداپ تۇرالمايمىز، — دېدى دادام.

**مەنىداش سۆزى:** قىيىنچىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** راھەتلىك.

**جادا** (ئىسىم) ئوت-چۆپ توغراش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، جازىغا بېكىتىلگەن تىغلىق تۆمۈر سايمان. مەسىلەن: لىيۇخۇلەننى دۈشمەنلەر جادىغا بېسىپ كاللىسىنى ئالدۇ، ئۇ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدۇ.

**جارقىراش** (پېئىل) جار-جۇر ۋارقىراش، توۋلاش. مەسىلەن: ئۇ ئايال ئالتاغىل جارقىراپ كوچىنى بېشىغا كىيدى.

**مەنىداش سۆزى:** ۋارقىراش، توۋلاش.

**جازا** (ئىسىم) ياغاچ ۋە باشقا تۇرلۇك مېتاللاردىن قىلىنغان ياغاچ ياكى بالداقلارنى بىر-بىرىگە چېتىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. مەسىلەن: كۆۋرۈك جازىسى پۈتۈپ قالاي دەپتۇ. ★ دىلشات ئېگىز بىر جازىغا چىقىۋېلىپ توك سىمىنى ئۇلىشاۋاتقانىكەن.

**جازالاش** (پېئىل) جازا بېرىش، جازاغا تارتىش، ئەدىپىنى بېرىش، دەككىسىنى بېرىش. مەسىلەن: ئۇ تەنتەربىيە دەرسىگە كېچىكىپ قالغانلىقتىن، مۇئەللىم ئۇنى جازالاش ئۈچۈن مەيداننى ئون قېتىم ئايلىنىپ يۈگۈرۈشكە بۇيرۇدى.

**مەنىداش سۆزى:** چارە كۆرۈش، جازاغا تارتىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مۇكاپاتلاش.

**جاھان** (ئىسىم) ① يەر يۈزى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىقلار؛ دۇنيا، ئالەم. مەسىلەن: جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان (ماقال). ② كۆچمە. جەمئىيەت، يۇرتنىڭ بەلگىلىك ۋەزىيىتى، ھالىتى؛ زامان. مەسىلەن: بۇگۈنكى جۇڭگودا جاھان ئىقتىدارلىقلارنىڭ بولۇپ قالدى.

**مەنداش سۆزى:** ئالەم، دۇنيا، ۋەزىيەت.

**جاھانگىر** (ئىسىم) دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىنى ياكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى. مەسىلەن: ئۇنىڭ بۇ جەڭگىۋار ناخشىلىرى كىشىلەرنى جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

**جەزمەن** (رەۋىش) قەتئىي، چوقۇم، سۆزسىز، شۈبھىسىز. مەسىلەن: بۇ تاغ ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ، بىز جەزمەن چوققىغا يېتىپ چىقالايمىز.

**مەنداش سۆزى:** چوقۇم، مۇقەررەر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ناتايىن.

**جەنۇب** (ئىسىم) تۆت ئاساسىي تەرەپنىڭ بىرى. كۈن چىقىشنىڭ ئوڭ تەرىپى، كۈن پېتىشنىڭ سول تەرىپى. مەسىلەن: مەن جەنۇبتىن كەلدىم. ★ جەنۇب ئىسسىق، شىمال بەك سوغۇق ئىكەن. ★ قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، جەنۇبقا پاتىدۇ.

**جۇدا بولۇش** يېقىن كىشىسىدىن ياكى نەرسىسىدىن ئايرىلىش، مەھرۇم بولۇش. مەسىلەن: تۈلكە چىشلەپ كېلىدىن، / قان ئاققۇزۇپ تېنىدىن. / كۆرەڭلىگەن خورازچاق، / جۇدا بوپتۇ جېنىدىن.

**مەنداش سۆزى:** مەھرۇم قىلىش، ئايرىلىپ كېتىش.

**جۇدۇن** (ئىسىم) ھاۋانىڭ قاتتىق ئۆزگىرىشى، سوغۇق شامال، بوران-چاپقۇن. مەسىلەن: مەن بۈگۈن بىر جۇدۇننىڭ كېلىدىغانلىقىنى سېزىپ، قورودىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇردۇم.

**مەنداش سۆزى:** قاتتىق سوغۇق.

**جۇدۇن-چاپقۇن** يېغىن ئارىلاش شىۋىرغانلىق سوغۇق ئېقىم؛ ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى زور توسالغۇ، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق. مەسىلەن: بىز ساغلاملىقىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇدۇن-چاپقۇنغا قارىماي چېنىقىشنى داۋاملاشتۇردۇق.

**جۇلالىنىش** (پېئىل) نۇر چېچىش، چاقناش، پارقىراش، يالتىراش. مەسىلەن: يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلىپ، كۈننىڭ نۇرى جۇلالىنىپ، پۈتۈن جاھان قىزىللىققا تولدى. ★ كەچقۇرۇن يامغۇر توختاپ كۈننىڭ غەربتىكى

نۇرلىرى ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، شەرقتە شۇنداق چىرايلىق ھەسەن-ھۈسەن پەيدا بولدىكى، ھابھاي! جاھان جۇلالىنىپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل بولدى.

**جېنىدىن تويۇش** ياشاشتىن زېرىكىش، ئۆلۈمگە رازى بولۇش. مەسىلەن: بوۋاي ھاياجان بىلەن ئۇلارغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى: -جاندىن تويدۇق، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!

**مەنىداش سۆزى:** ياشاشنى خالىماسلىق، تەركىدۇنيا بولۇش.

**جېنىغا زامىن بولۇش** ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇش. مەسىلەن: — يولداشلار، — دېدى بارات دۈيجاڭ، — تۆت ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بۇ قاتىللىنى تۇتۇش بىزنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇش.

**جىسىم** (ئىسىم) مەلۇم بوشلۇقنى ئىگىلەپ، ئىشغال قىلىپ تۇرغان ماددا. مەسىلەن: ئاسمان جىسىملىرى بولغان ئاي، يۇلتۇز، قۇياش قاتارلىقلار تىنماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ماددا.

**جىمىرلاش** (پېئىل) ① جىمىر-جىمىر قىلىپ نۇر چېچىش، پارقىراش، يالتىراش. مەسىلەن: غەيرەت بىر تۇپ قارىياغاچنىڭ دالدىسىغا كىلىپ، ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ بىردەم تۇردى. ② مەۋج ئۇرۇش، دولقۇنلاش. مەسىلەن: ئۆستەڭ سۈيى ئۈستىگە پىلتىڭلاپ چىققان بېلىقلار ھاسىل قىلغان ئۇششاق دولقۇنلار ئاي شولىسىدا جىمىرلايتتى.

**مەنىداش سۆزى:** يالتىراش، پارقىراش.

## چ

**چاپسان** (رەۋىش) تېز، تېزلىك بىلەن، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئاز ۋاقىت ئىچىدە؛ دەررۇ، ئىلدام. مەسىلەن: چاپسان ماڭ داداڭنى چاقىر، ماشىنا ساقلاپ قالدى. ★ — ئاي قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنى چاپسان سۈرۈۋالايلى، — دەپ ۋارقىرشىپتۇ مايمۇنلار.
**مەنىداش سۆزى:** تېز، ئىتتىك، چاققان، جەبدەس.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاستا، ئەزمە.
**چاتاق** I (ئىسىم) بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى تۇيۇقسىزدىن يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق، پېشكەللىك، ماجىرا. مەسىلەن: — ئاپلا يامان بوپتۇ، چاتاق بوپتۇ! ئاي قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ كىشىلەر. ★ باللار چاتاق چىقارماي ئويدان ئويناڭلار، ئۇرۇشماڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** پېشكەل، كاشىلا.
**چاتاق** II (ئىسىم) دەرەخ غولىدىن ئايرىلىپ چىققان شاخ؛ پۇتاق. مەسىلەن: چاتاق كەسمەك. چاتاق پۇتىماق. ★ ھازىر دېھقانلار كېۋەز چاتاقلىرىنى پۇتاش بىلەن تازا ئالدىراش ئىكەن.
**چاچما يىلتىز** يىلتىزنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل يىلتىزدا ئېنىق دەرىجىدە ئوق يىلتىز بولمايدۇ، پەقەت ساقالغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە يىلتىزلا بولىدۇ. بۇغداي، شال قاتارلىقلار تاق يوپۇرماقلىق، يىلتىزى چاچما يىلتىز.
**چارەكلىك** (سۈپەت) ① بىر نەرسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى بىرلىك قىلغان؛ چارەك بويىچە ھېسابلانغان. مەسىلەن: مەن چارەكلىك ئىمتىھاندا 100 نومۇر ئالدىم. ② ئاشلىق ئۆلچەيدىغان چارەك بىرلىك قىلىنغان، چارەك بويىچە ھېسابلانغان. مەسىلەن: ئالتە چارەكلىك تاغار.
**چارچاش** (پېئىل) بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ئەمگەك، پائالىيەتكە قاتنىشىش نەتىجىسىدە ھېرىش-چارچاش. مەسىلەن: ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ راسا چارچىغان ئوقۇغۇچىلار شەنبە-يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئوبدان ئارام ئېلىۋالدى. ★ سەپەردە چارچاپ كەتكەن دادىسى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.
**مەنىداش سۆزى:** ھېرىش.
**چاق** (ئىسىم) قاتناش قوراللىرى، ھەر خىل ئەسۋابلار ۋە قۇرۇلمىلارنىڭ ئايلىنىدىغان دۈگىلەك قىسمى. مەسىلەن: ماشىنا

چاقى. ★ ھارۋىنىڭ چاقى چىقىپ كەتكەنىكەن، ۋېلسىپىت بىلەن تۇغقانلارنى يوقلاپ كەلدۇق.

**چاقپەلەك** (ئىسىم) سۇ ۋە شامال كۈچى بىلەن ئايلىنىپ، ئايرۇپىلان، ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قاناتلىق چاق. مەسىلەن: بۇرۇنقى ئادەملەر چاقپەلەك ئارقىلىق ئېگىزلىككە سۇ چىقىرىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىكەن.

**چاقماق** I (ئىسىم) بۇلۇت بىلەن بۇلۇت ياكى بۇلۇت بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى زەرەتلىنىش ھادىسىسى. مەسىلەن: ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، بىردەمدىلا يامغۇر چېلەكلەپ قويۇۋەتتى. ★ — يوشۇرۇشقىمۇ، تۇتۇشقىمۇ بولمىسا، ئاسماندىكى چاقماق بولۇشى مۇمكىن، — دېيىشتى باللار.
**مەنداش سۆزى:** چېقىن.

**چاقماق** II (ئىسىم) كىچىك ۋە ئەپلىك بولغان بىر خىل ئوت ياندۇرۇش ئەسۋابى. گازلىق چاقماق، تاشلىق چاقماق ۋە ئېلېكترونلۇق چاقماق قاتارلىق تۈرلىرى بار. مەسىلەن: چاقماق تاش. چاقماق ياندۇرماق. ★ چاقماقنى ئاتقا تېگىشكەن ئەخمەق (ماقال).

**چاقماق** III (ئىسىم) ئېتىش قوراللىرىنىڭ مىشەككە تېگىپ ئوت ئالدۇرۇش قىسمى؛ تەپكە. مەسىلەن: مىلتىقنىڭ چاقمىقى. چاقماقنى باسماق. ★ رىزۋان ھېچقانداق تەمتىرەپ تۇرماستىن مىلتىقنى ئېلىپلا چاقماقنى ئورنىغا سېلىپ قويدى.

**چاقماق** IV (سۈپەت) تۆت بۇرجەك، كۋادرات شەكلىدىكى، چاسا شەكىللىك. مەسىلەن: چاقماق قەنت. ★ بۇ ھويلا چاقماق شەكلىدە بولۇپ، ئىشىك دېرىزىلىرى ھويلىغا قارايتتى.
**مەنداش سۆزى:** تۆت چاسا.

**چاقماق** V (پېئىل) قاتتىق نەرسىلەرنى سۇندۇرۇپ ئۇششاقلىماق؛ پارچىلىماق. مەسىلەن: ياڭاق چاقماق. چىنە-قاچا چاقماق. ★ بۈگۈن كونا ئۆيلەرنى چاقماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئورنىغا يېڭى بىنا سالىدىكەن.
**مەنداش سۆزى:** ئۆرۈش، يىقىتىش.

www.uyghurkitap.com

**چاقناش** (پېئىل) نۇر چېچىش، ۋال-ۋۇل قىلىش، يالتىراش، پارقىراش، ۋالىلداش. مەسىلەن: كۆن نۇرىدا يېشىل تۇسكە كىرگەن دالىلار مەرۋايىتتەك چاقنىماقتا.

مەنىداش سۆزى: يالتىراق، پارقىراش، نۇر چىقىرىش.

**چاقىرىش** (پېئىل) ① ئاۋاز چىقىرىپ، خەۋەردار قىلىش، قىچقىرىش. مەسىلەن: كۆنلەرنىڭ بىرىدە باي بالىسىنى چاقىرىپ نەسھەت قىپتۇ. ② تەكلىپ قىلىش، چىللاش. مەسىلەن: بۈگۈن ئالىم خەسەن سۈننەت تويىغا چاقىرىپتۇ. ③ دالالەت قىلىش، دەۋەت قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، ئۈندەش. مەسىلەن: باشقىلار مېنىمۇ بۇ ئىشقا چاقىرىپتىكەن.

**چاكار** (ئىسىم) بىر كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ياللانغان كىشى؛ خىزمەتكار، مالاي. مەسىلەن: سەمىرىپ كەتكەن ۋاڭ چاكارلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن تەستە ئورنىدىن تۇردى ــ دە، بۇيرۇق بېرىشكە باشلىدى.

مەنىداش سۆزى: مالاي، خىزمەتكار.

**چامادان** (ئىسىم) كىيىم-كېچەك سالىدىغان، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك ياسالغان ساندۇق. مەسىلەن: مەن چامادانىنى كۆتۈرەلمەي، سۆرەپ ئەكەتتىم. ★ ئاپام يۇيۇپ، دەزماللاپ چامادانغا سېلىپ قويغان يېڭى كىيىملىرىمنى كىيدىم.

**چايقاش** (پېئىل) سىلكىش، ئىرغىتىش، لىڭشىتىش. مەسىلەن: ئۆچكە بېشىنى چايقاپ، بۇنىڭغا قايىل بولماپتۇ. ★ بېشىڭنى چايقىماي، مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ ماقۇل دەپ يولۇڭغا ماڭ.

مەنىداش سۆزى: ئىرغىتىش.

**چەبدەس** (سۈپەت) ئىش-ھەرىكىتى تېز، چاققان، تېتىك، ئەپچىل. مەسىلەن: ياسىن ناھايىتى چەبدەس بالا بولدى.

مەنىداش سۆزى: تېز، چاققان، ئەپچىل.

**چەكچىيىش** (پېئىل) كۆزىنى يوغان ئېچىپ، تىكىلىپ قاراش. مەسىلەن: بىر ساۋاقداش بار، ئېتى دانىيار / تۇيۇقسىز ئولتۇرۇپ دەرسنى ئاڭلار / لېكىن ئولتۇرۇپ ئويلاپ باشقىنى / كۆزى چەكچىيىپ قاراپلا تۇرار. ★ جامالنىڭ

قوشۇمىسى تۇرۇلۇپ كۆزلىرى چەكچەيدى.
**چەكسىز** (سۈپەت) ① چېكى، چېگرىسى يوق، ناھايىتى كەڭ، كۆز يەتكۈسىز، بىپايان، پايانسىز. مەسىلەن: چەكسىز كەتكەن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ يەر ئاستىدا ئىنتايىن زور نېفىت زاپىسى بايقالدى. ② ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان سانى يوق، ناھايىتى نۇرغۇن؛ سانسىز، ھېسابسىز. مەسىلەن: چەكسىز بايلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چەكلىك، ھېسابلىق.
**چەمبەر** (ئىسىم) مەلۇم نەرسىنى سىقىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا قورۇپ كىرگۈزۈلگەن ھالقىسىمان نەرسە. مەسىلەن: تۇڭنىڭ چەمبىرى. ★ سېرىكچى قىزلار چەمبەردىن ئۆتۈش ئويۇنىنى ئويناۋاتاتتى. ★ ھازىر گۈزەل ھايات رېستورانىدىكى چەمبەر ئايلاندۇرىدىغان قىزنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ كەلدۇق. ھەقىقەتەن ياخشى ئوينايدىكەن.
**چەمبىرەك** ① (ئىسىم) سىم ياكى ئىنچىكە نوتا قاتارلىق ئېگىلىشچان ماتېرىياللاردىن ياسالغان دۈگىلەك ھالقا. ② (سۈپەت) ئايلانما، دۈگىلەك، يۇمىلاق. مەسىلەن: مەن بىر دانە گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلدىم.
**چوتكا** (ئىسىم) نەرسىلەرنى يۇيۇش، تازىلاش، پەردازلاش ئۈچۈن، قىل ياكى سىمدىن مەخسۇس ياسالغان بۇيۇم. مەسىلەن: چىش چوتكىسى. كىيىم چوتكىسى. ★ مەن ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ چىشىمنى چوتكا بىلەن يۇيىمەن.
**مەنىداش سۆزى:** يۇيۇش، تازىلاش.
**چوڭقۇر** ① (ئىسىم) قېزىلغان، كولانغان، ئويۇلغان ياكى تەبىئى ھاسىل بولغان ئويمان. مەسىلەن: ئۇ ئۇيقۇلۇقتا ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، يېنىدىكى چوڭقۇر ئويمانغا چۈشۈپ كەتتى. ② (سۈپەت) تېرەن، ئوي. مەسىلەن: چوڭقۇر ئازگال. ★ قۇدۇق چوڭقۇر، ئارغامچا قىسقا (ماقال). ③ (سۈپەت) كۆچمە. ھەر تەرەپلىمە، ئەتراپلىق، كەڭ مەسىلەن: بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ئارقىلىق چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنىداش سۆزى: ئويمان، ئازگال.

**چوڭقۇرلۇق** (ئىسم) چوڭقۇر، تېرەن بولۇش، تېرەن ھالەت، تېرەنلىك. مەسىلەن: بۇ يەر ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىنىپ تورۇبا ياتقۇزۇلىدىكەن. ★ بۇ ئازگالنىڭ چوڭقۇرلىقى ئىككى، ئۈچ مېتىر كېلىدىكەن.

مەنىداش سۆزى: ئويمانلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تېيىز.

**چولا** (ئىسم) ۋاقىت، پۇرسەت. مەسىلەن: ئىشكارنىڭ چولىسى يوق. قىلغىلى ئىشى يوق (ماقال). ★ دىلشاتنىڭ بەزى كۈنلىرى چۈشلۈك تاماق يېگىلىمۇ چولىسى تەگمەيتتى.

مەنىداش سۆزى: ۋاقىت، پۇرسەت.

**چۇرقىراش** (پېئىل) «چۇر» قىلغان ئاۋاز چىقىرىش، تۇۋلاش، ۋارقىراش. مەسىلەن: بالا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي خۇشال بولۇپ چۇرقىراپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: چىرقىراش.

**چۆكۈش** (پېئىل) تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇرۇش، يۈكۈنۈش، تىزلىنىش؛ ئېگىز چوڭقۇرلاپ كىرىش، كۆمۈلۈش، پېتىش. مەسىلەن: سۇغا چۆكۈش. خىيالغا چۆكۈش. ★ ئىككى ياقتا ئايرىلىپ سۇلار / سۇ ئاستىغا چۆكۈپتۇ ئۇلار.

مەنىداش سۆزى: چۆمۈش، غەرق بولۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: لەيلەش.

**چۆل** (ئىسم) ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخ ئۆسمىگەن، سۇسىز، دەشت-باياۋان. مەسىلەن: ـــ بۇ ئازگالغا چۈشۈپ جىنىم راھەتلىنىپ قالدى، چۆل-دالىدا يۈرۈپ ئۇسساپ كەتكەنىدىم، ـــ دەپتۇ تۈلكە، ئۆچكىگە.

مەنىداش سۆزى: دەشت، باياۋان، جەزىرە، ساي.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بوستان، يېشىللىق، چىمەن.

**چۈرۈك** (سۈپەت) ① يۇمشاقلىقىنى، ئېگىلىشچانلىقىنى يوقاتقان، ئاسان سۇنىدىغان، ئاسان ئۈشتىلىدىغان. مەسىلەن: چۈرۈك ياغاچ.

چۈرۈك مىتال. ② سۇلۇق، چىشلىگەندە تارسىلداپ تۇرىدىغان، ئاسان يېرىلىدىغان (قوغۇن، مېۋە ھەققىدە). مەسىلەن: چۈرۈك قوغۇن. چۈرۈك ئالما. ★ قومۇلنىڭ ئۈزۈمى، غۇلجىنىڭ ئۈزۈمىگە قارىغاندا چۈرۈك ھەم تاتلىق كېلىدۇ.

**چۈشەندۈرۈش** (پېئىل) شەيئىنىڭ ياكى بىرەر گەپ، سۆزنىڭ ئىش-ھەرىكەت ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، سەۋەبىنى ۋە مەنىسىنى بىلدۈرۈش. مەسىلەن: — مۇئەللىم، مېنىڭ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشۈم يېتەرلىك بولماپتۇ، — دېدى زۇلپىيە تارتىنغان ھالدا يەرگە قاراپ.

مەنىداش سۆزى: بىلدۈرۈش.

**چۈمۈلە** (ئىسىم) بىر خىل ھاشارات، تېنى كىچىك ۋە ئۇزۇنچاق، قارا ۋە بېغىر رەڭدە بولۇپ، بىر جۈپ مۈرەككەپ كۆزى بولىدۇ. سەزگۈر مۇڭگۈزچىسى ئۇزۇن، قورسىقى تۇخۇم شەكىللىك، قاناتلىق بولىدۇ. ئىشچى چۈمۈلىلەرنىڭ قانىتى يوق، يەر ئاستىغا ئۇۋا سالىدۇ، توپلىشىپ ياشايدۇ. مەسىلەن: چۈمۈلىنىڭ ئۆيىنى دەسسىۋاپتىمەن، پۇتۇمنى چېقىۋالدى.

**چېتىش** (پېئىل) ئۇ يەر بۇ يەردىن تىكىپ ئۇلاش، بىرىكتۈرۈپ بېكىتىش، بىرلەشتۈرۈپ باغلاش، بىر-بىرىگە قوشۇش. مەسىلەن: يەڭنى چېتىش. ★ ئۇلاغلارنى بىر-بىرىگە چېتىش. ★ ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىر-بىرىگە چېتىش ئىدى.

مەنىداش سۆزى: تىكىش، چىگىش، قوشۇش.

**چېچەك** (ئىسىم) مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسلىق كۆپىيىش ئورگىنى. مەسىلەن: قېنى چېچەكى بار چايلىرىڭىزدىن جىگلاپ بېرىڭا! ★باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەك چىقىرىشقا ئاز قاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: غۇنچە، پورەك.

**چېچەكلەش** (پېئىل) ① چېچەك ئېچىش، گۈل ئېچىش. مەسىلەن: باغدا ئۆرۈكلەر رەڭمۇرەڭ چېچەكلەپ، ئىبرىقلارنىڭ بويلىرى يېشىل مەخمەلدەك كۆكەردى. ② كۆچمە. گۈللەپ، ياشناش (ئادەم ھەققىدە). مەسىلەن:

ئەلانۇر خېنىم شۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئۆز ئارزۇـئىستەكلىرىنىڭ قايتىدىن چېچەكلىشىگە چوڭقۇر ئىشەندى.

مەنىداش سۆزى: گۈل ئېچىش، گۈللەش.

**چېكەتكە** (ئىسىم) بىر خىل ھاشارات، خىللىرى كۆپ بولىدۇ. ئېغىز ئورگىنى مەزمۇت، ئالدىنقى قانىتى تار ۋە قاتتىق؛ ئارقا قانىتى كەڭ، يۇمشاق، ئارقا پۇتى تەرەققىي قىلغان، سەكرەشكە ماھىر، دېھقانچىلىققا زىيانلىق ھاشارات. مەسىلەن: ئالتاي رايونىغا چېكەتكە ئاپىتى چۈشتى. ★ ئاما سەپەرۋەرلىككە كېلىپ چېكەتكە ئاپىتىگە قارشى تۇردى.

**چېلىش** (ئىسىم) ① تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا، ئىككى ئادەم قۇچاقلىشىپ، ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ كۈچى ۋە ماھارىتىگە تايىنىپ، قارشى تەرەپنى يىقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن: چېلىشىش مۇسابىقىسى. ② كۆچمە. جەڭ، كۈرەش. مەسىلەن: كەلدى ئېسىل گۈلباھار، / پەسىللەرنىڭ ئەركىسى. / ئاڭلىنىدۇ ئەتراپتىن، / جەڭ چېلىشىنىڭ نەغمىسى.

**چىدامىلىق** (سۈپەت) ① چىدىيالايدىغان، سەۋرى-تاقەتلىك، بەرداشلىق. مەسىلەن: ساۋاقدىشىم قەيسەر ھەرقانداق جىسمانىي ئەمگەكلەرگە كەلگەندە چاققان ۋە چىدامىلىق ئىدى. ② ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ئاسان يوقاتمايدىغان، چىداشلىق. مەسىلەن: ئۇتقا چىدامىلىق خىش.

مەنىداش سۆزى: بەرداشلىق، بەردەم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چىدامسىز، چىدىماس، يارامسىز.

**چىدىماسلىق** (ئىسىم) بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، مەزمۇت تۇرالماسلىق، نامەرتلىك، يېنىۋېلىش. مەسىلەن: سۇغۇققا چىدىمىغان قارلىغاچ لەمپە ئاستىدىكى ئۇۋىسىغا كىرىۋاپتۇ. ★ — ھېچ بولمىسا ھېلىقى 30 كويىنمۇ قايتۇرۇپ بېرەلا، — دېدى سىدىق، — بۇ بىر چىدىماسلىقۇ سىدىق، — دەپ جاۋاب بەردى نۇراخۇن.

**مەنداش سۆزى:** بەرداشلىق بېرەلمەسلىك.

**چىراغ** (ئىسىم) ① ئۆي-ئىمارەتلەرنى يورۇتۇش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى؛ لامپا. مەسىلەن: قارا چىراغ. ② كۆچمە. باشقىلارغا ئاتىدارچىلىق قىلغۇچى، باشپاناھ. مەسىلەن: ئوقۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغقا ئوخشايدۇ. ★ يورۇتار دىلنى ھامان، /ياندۇرۇپ نۇرلۇق چىراغ.

**چىراي** (ئىسىم) ھۆسن، جامال، كۆرك، يۈز، بەت: چىراي كۆرۈپ ھال سورا، / دېگەنىكەن كونىلار. / نېمە بولغاندۇ جان ئانام، / خۇشال ئىدى بايىلا. ★ چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس (ماقال).

**مەنداش سۆزى:** يۈز، جامال.

**چىراي ئېچىش** (سۈپەت) كۈلۈپ قاراش، بېقىش، خۇش مۇئامىلە قىلىش. مەسىلەن: سىز بۈگۈن ئۇنىڭغا ئېلىپ بارسىڭىز ئۇ چوقۇم چىرايىنى ئاچىدۇ. ★ ئۇنىڭغا قاراپ قۇياش ئىسسىق چىراي ئېچىپتۇ، قۇشلار يەنە خۇشال سايراشقا باشلاپتۇ.

**مەنداش سۆزى:** قاپىقىنى تۈرۈش، چىراي ئاچماسلىق.

**چىرايلىقچە** (رەۋىش) ياخشىلىقچە، ياخشىلىق بىلەن، چىرايلىق؛ ياۋاشلىق بىلەن. مەسىلەن: — چىرايلىقچە بەرگەندە ئاندىن باشقىلارنىڭ ئالغۇسى كېلىدۇ، — دېدى غوپۇر. ★ بىز مەسلىھەت قىلايلى، چىرايلىقچە قىلغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىمۇ چىرايلىق بولىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** ياخشىلىقچە.

**چىقىش** (پېئىل) پەستىن مەلۇم ئېگىزلىككە، يۇقىرىغا، ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئۆرلەش. مەسىلەن: باللار كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. ★ كۈن چىقىش ئۈچۈن يەنە بىر سائەت بار ئىكەن.

**مەنداش سۆزى:** ئۆرلەش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چۈشۈش.

**چىلان** (ئىسىم) خوزور ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال

www.uyghurkitap.com

ياكى دەرەخ، يېڭى شاخلىرىدا جۈپ-جۈپ تىكىنى بار. يوپۇرمىقى سارغۇچ يېشىل، سوزۇنچاق تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى سارغۇچ يېشىل، مېۋىسى ئۇچكىلىك، شارسىمان ياكى تۇخۇمسىمان، رەڭگى قىزىل، تەمى تاتلىق بولۇپ ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن: چىلان رەڭ. ★ چىلان دەرىخى كۆپ ئۆسكەن يەر. ★ چىلان دەرىخىنى يىلتىزىنى كۆچۈرۈش ئارقىلىق كۆپەيتىدۇ.

**چىقىشقاق** (سۈپەت) كىشىلەر بىلەن ئاسان ۋە تېز چىقىشىپ كېتىدىغان، كىشىنى يات كۆرمەيدىغان. مەسىلەن: ئۇ ناھايىتى مۇلايىم، باتۇر ھەم چىقىشقاق بالا بولدى. ★ چىقىشقاق ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئەپ (ئەپ ئۆتىدىغان).

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قېرىشقاق.

**چىغىر** (سۈپەت) كەڭ ئەمەس، تار (يول ھەققىدە). مەسىلەن: چىغىر يول. ★ مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى دەرەخزارلىقتىكى چىغىر يوللاردا ياڭرايدۇ.

**چىڭ** ① (سۈپەت) مۇستەھكەم، چىدامىلىق، پۇختا، پىششىق. مەسىلەن: چىڭ رەخت. ② (رەۋىش) كۈچ بىلەن، مەھكەم، قاتتىق، بوشاشتۇرۇپ قويماي. مەسىلەن: چوڭ مايمۇننىڭ پۇتىنى كىچىك مايمۇن چىڭ تۇتۇپ ساڭگىلاپتۇ. ③ (رەۋىش) يۇقىرى، قاتتىق، ئۈنلۈك (ئاۋاز ھەققىدە). مەسىلەن: شۇۋىرلىماي، چىڭ-چىڭ، نان يېگەندەك گەپ قىلە. ④ (سۈپەت) ئۆز ئىشىغا پۇختا، باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، بېخىل، پىششىق. مەسىلەن: ئۇنىڭ مۇنچىۋالا چىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمەپتىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** مۇستەھكەم، مەھكەم، ئۈنلۈك، بېخىل.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چىدامسىز، ئاستا، سېخى.

**چىمەن** (ئىسىم) ① ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھدىن ئىبارەت يېشىللىق. مەسىلەن: غالىپ چىمەنلەر ئارىسىغا كىرىپ مۆكۈپ ئولتۇردى. ② يېشىللىق ياكى گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان، گۈل-چېچەكلەر ئۆستۈرۈلگەن جاي؛ گۈلزار، گۈلشەن. مەسىلەن: بۇلبۇل چىمەننى

سۆيەر، ئادەم ۋەتەننى سۆيەر (ماقال).
مەنداش سۆزى: گۈلزار، گۈلشەن، بوستان.

# خ

**خاپا** (سۈپەت) رەنجىگەن، تېرىككەن، ئاچچىقلانغان. مەسىلەن: ئوقۇتقۇچۇمنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنى، دەرسنى دىققەت بىلەن ئاڭلايمەن، شوخلۇق قىلىپ، دەرسخانىنىڭ تەرتىپىنى بۇزمايمەن، ئوقۇتقۇچۇمنى خاپا قىلمايمەن.
مەنداش سۆزى: رەنجىش، ئاچچىقلاش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خۇشال، شاد.

**خاتالىق** (ئىسىم) توغرا بولمىغانلىق، ناتوغرىلىق، ئاداشقانلىق. مەسىلەن: ئۇ ئۆز خاتالىقىنى تونۇدى. ★ — تونۇمىغان ئادەمگە شۇنچە جىق پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويغان ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقى، — دېدى ئۇ.
مەنداش سۆزى: كەمچىلىك، گۇناھ.

**خاتىرە** (ئىسىم) ① بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسە ھەققىدىكى ئىش-ھەرىكەت، ھادىسىلەرنى ئەستە ساقلاش، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى؛ ئەس، ياد، زېھىن. مەسىلەن: خاتىرىسىگە كەلتۈرمەك. ② مۇھىم ۋە زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان ئىشلارنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تۇتۇلىدىغان دەپتەر. مەسىلەن: مەن ئۈچۈن كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئادەتكە ئايلانغانىدى.

**خاتىرجەم** (سۈپەت) بىرەر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا ئىشەنچ كامىل؛ ئىشەنچلىك. مەسىلەن: بالامنى يەسلىگە بەرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ★ زۆھرەم مۇھىم بىر ئىشنى تۈگىتىۋالغاندەك خاتىرجەم بولۇپ قالدى.
مەنداش سۆزى: كۆڭلى توق، غېمى يوق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەندىشىلىك، پاراكەندىچىلىك،

www.uyghurkitap.com

ئەنسىز چىلىك.

**خاتىرىلەش** (پېئىل) سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئۆتكەن بىرەر كىشى ياكى بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىش-ھادىسە، ۋەقە ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئەسكە ئېلىش، ئەسلىنىدىغان پائالىيەت ئۆتكۈزۈش. مەسىلەن: ساۋاقداشلار ھەر خىل نومۇرلارنى كۆرسىتىپ، 1-ئىيۇن باللار بايرىمىنى خاتىرىلىدى.

**خار** (سۈپەت) ① ئېتىبارغا، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمەس، ئېتىبارى يوق، ئېتىبارسىز، ئەزىز ئەمەس؛ كەمسىتىلگەن. مەسىلەن: ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس (ماقال). ② قىممىتى يوق، قەدىرسىز. مەسىلەن: — شۇ بالا ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ خار بولۇپ قالدى، — دېدى موماي ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ.

مەنىداش سۆزى: ئېتىبارى يوق، ئىناۋىتى يوق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەزىز، ئەتىۋارلىق.

**خاسىيەتلىك** (ئىسىم) ئىجابىي خۇسۇسىيەت، خىسلەت، خاسلىق، ئالاھىدىلىك. مەسىلەن: گۈل-گۈلىستان يېزامغا، / خاسىيەتلىك كۈز كەلدى. / ئېتىز-دالا، باغ-ۋاران، / تەتىللادىن تون كىيدى. ★ بوۋام مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆزلىرىنى جىگدە دەرىخىگە تىككىنىچە «جىگدە دەرىخىنىڭ خاسىيىتى بەك تولا» دەپ سۆزىنى باشلىدى.

مەنىداش سۆزى: خىسلەتلىك.

**خالاش** (پېئىل) بىرەر نەرسىنى ئارزۇ ۋە ئىختىيار قىلىش، ئۇنىڭغا ئېرىشىش، يېتىشنى زۆرۈر دەپ بىلىش. مەسىلەن: ئۇ بۈگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشنى بەكمۇ خالايتتى. ★ ئۇ ئۆزى خالاپ ئېتىزغا قوناق چانىغلى دادىسى بىلەن كەتتى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خالىمالىماسلىق.

**خالايىق** (ئىسىم) ئادەملەر توپى، كۆپچىلىك، ئامما، خەلق، كىشىلەر. مەسىلەن: توپلانغان خالايىق دوسكىغا چاپلانغان يېڭى ئېلاننى ئوقۇشۇۋاتاتتى. ★ ۋاي خالايىق، بۆرە كەلدى! ... قويلارغا بۆرە كەلدى! ... چاپسان

بولۇڭلار! دەپ ۋاقىراپتۇ پادىچى بالا.

مەنىداش سۆزى: ئادەملەر، كىشىلەر.

**خالتا** (ئىسىم) ئىچىگە بىرەر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن قاپ شەكلىدىكى بۇيۇم. مەسىلەن: دېھقاننىڭ بىر قولىدا كەتمەن، يەنە بىر قولىدا خالتىغا سېلىنغان قاتتىق نان بار ئىدى.

**خائىن** (ئىسىم) ① قەسىمىنى، ئەھدىسىنى بۇزۇپ، خىيانەتكارانە ئىش قىلغان كىشى؛ خىيانەتكار ئادەم. ② ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقى، مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە زىت ئىش قىلغان، يۈز ئۆرىگەن، دوستلىرىغا خىيانەت قىلغان، ئىپلاس كىشى. مەسىلەن: خائىننىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن ياش پارتىيە ئەزاسى ليۇخۇلەن قولغا ئېلىندى.

مەنىداش سۆزى: ئىشپىيون، ساتقىن.

**خەجلەش** (پېئىل) خىراجەت قىلىش، سەرپ قىلىش. مەسىلەن: تۈنۈگۈن دادام ماڭا كەمپۈت ئېلىپ يېگىن دەپ بەش موچەن بەرگەنىدى، بىراق مەن ئۇنى خەجلىمىدىم.

مەنىداش سۆزى: خىراجەت قىلىش.

**خەلق** (ئىسىم) ① بىرەر مەملىكەتنىڭ ئەمگەكچى ئاممىنى گەۋدە قىلغان ئاھالىسى. مەسىلەن: جۇڭگو خەلقى. خەلق تۇرمۇشى. ② مىللەت. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقى. رۇس خەلقى. ③ بىرەر جاينىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر شۇ جاينىڭ «يەرلىك ئاھالىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھەر خەلقى. بېزا خەلقى.

**خەنزۇ** (ئىسىم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. خەنزۇلار ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشايدۇ. دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەت. مەسىلەن: مېنىڭ قوشنام خەنزۇ، لېكىن ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ.

**خوراز** (ئىسىم) توخۇنىڭ ئەركىكى. مەسىلەن: تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ

www.uyghurkitap.com

جاۋابى بار (ماقال). ★ بىر توپ توخۇ يالاڭ تاج خورازغا ئەگىشىپ، تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىدىن ئەرز قىلىپ، ئىبىقىنىڭ ئالدىغا بىرىپتۇ.

**خويىمۇ** (رەۋىش) بەكمۇ، تولىمۇ، ئەجەپمۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئاللىق چىرايى ماڭا خويىمۇ تونۇش بىلىندى. ★ بۇ سىنىپنىڭ ئىچى خويىمۇ چىرايلىق بولۇپ قاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئەجەپمۇ، بەكمۇ، تازىمۇ.

**خۇشتار** (سۈپەت) ① بىرەر نەرسە ياكى ئىشقا قىزىقىدىغان، ئىشتىياقى بار، بېرىلگەن، ھەۋەسمەن، زوقمەن، ئىشقىۋاز. مەسىلەن: پاتىگۈل كەشتە تىكىشكە ناھايىتى خۇشتار بولغاچقا، ۋاقتى بولسىلا كەشتە تىكىدۇ. ② بىرەر نەرسىگە ناھايىتى قىزىققان، ھېرىسمەن كىشى؛ ھەۋەسكار. مەسىلەن: ئىشچانلىقىڭ دىمىسەم، / يارىم ساڭا كۆيمەسمەن. / ئۆزۈم ئەمگەك خۇشتارى، / ھۇرۇنلارنى سۆيمەسمەن.

**خۇيزۇ** (ئىسىم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. نىڭشيا، گەنسۇ، خېنەن، چىڭخەي، شەندۇڭ، يۈننەن، ئەنخۇي ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا ياشايدۇ. مەسىلەن: — خۇيزۇلار سانجىدىن باشقا ئۈرۈمچى، قارا شەھەر قاتارلىق جايلاردا بار، — دىدى مەمەت.

**خېنىگۈل** (ئىسىم) خېنىنىڭ بىر تۈرى. گۈل ئورنىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. گۈلى قات-قات بولىدۇ. مەسىلەن: باقىا سەبدەر گۈل، چىنىگۈل، خېنىگۈل، توپچىگۈل، قاچىگۈل، لەيلىگۈللەرنى تېرىدىم.

**خىجىل** (سۈپەت) بىرەر ئىش، مەسىلە تۈپەيلى كىشى ئالدىدا مۇشكۈل، قىيىن ئەھۋالغا چۈشكەن، خىجالەتتە قالغان؛ ئىزا تارتقان. مەسىلەن: ئۆچكە مۇئەللىم تاپشۇرۇق تەكشۈرگىلى كەلگەندە، مايمۇنچاق ئەمدىلا ئويغانغاندى، ئۇ خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىزا، ئۇيات.

**خىسلەت** (ئىسىم) ئادەم ياكى نەرسىنىڭ مۇھىم ئىجابى بەلگىسى، تەرتىپى، سۈپىتى، خۇسۇسىيىتى، پەزىلىتى قاتارلىقلار.

مەسىلەن: ئۇ ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ياخشى خىسلەتنى يېتىلدۈرگەن پىئونېر بولغانلىقى ئۈچۈن، تېپىۋالغان 10 مىڭ يۈەن پۇلنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى: پەزىلەت.**

# د

**دادىل** (سۈپەت) **قورقماس، يۈرەكلىك.** مەسىلەن: دادىل كىشى. دادىل سۆزلىمەك. ★ — ئۆلۈمدىن قورققانلار پارتىيە ئەزاسى بولالمايدۇ، — دېدۇ لىيۇخۇلەن دادىل ھالدا.

**مەنىداش سۆزى: باتۇر، قورقماس، مەردانە.**

**داستىخان** (ئىسىم) ① **رەختتىن تەييارلانغان، ئوتتۇرىغا يېيىلىپ، ئۈستىگە نازۇنېمەت تىزىلىدىغان ياكى غىزالانغاندا ئوتتۇرىغا سالىدىغان ئۆي بۇيۇمى.** مەسىلەن: گۈللۈك داستىخان. ② **داستىخانغا تىزىلغان نازۇنېمەت ياكى ئومۇمەن غىزا-تاماق.** مەسىلەن: تۆلكە، تۇرنىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ ياپياڭ تەخسىدە تاماق ئەكەپتۇ.

**داڭق** (ئىسىم) **نام، ئاتاق، شۆھرەت، ئىناۋەت.** مەسىلەن: بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئىغىرلىق كۆتۈرۈشتە داڭقى خېلى چىقىپ قالدى. ★ تەلكىدىن چىقىپ كەلسەم، / ئېلى باغلىرى بوستان. / بۇلبۇللارغا قولاق سالسام، / داڭقىنى قىلۇر داستان.

**مەنىداش سۆزى: شۆھرىتى، نامى.**

**دالا** (ئىسىم) ① **ئادەم ياشايدىغان جاينىڭ سىرتىدىكى كەڭ كەتكەن يەر.** مەسىلەن: باھار كۈنلىرى قۇياش چاقناپ، ئېتىز-دالىلاردا خىلمۇخىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغانىدى. ② **سەھرا، يېزا-قىشلاق.** مەسىلەن: دالانىڭ بېگى بولغۇچە، شەھەرنىڭ ئىتى بولغىن (ماقال).

**مەنىداش سۆزى: سىرت.**

www.uyghurkitap.com



قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۆي.

**دان** (ئىسىم) بۇغداي، قوناق قاتارلىق باشاقلىق زىرائەتلەر ۋە پۇرچاق، ماش، چوكا قاتارلىقلارنىڭ دېنى. مەسىلەن: — بالام بۇغداينى ۋاقتىدا ئورىۋالايلى، بولمىسا دېنى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. — دېدى دادام. ★ مەن كەپتەرلىرىمگە دان، سۇ بەردىم.

مەنىداش سۆزى: ئاشلىق.

**دانە** (مىقدار) ساناق سانلار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، ئاساسەن يۇمىلاق نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تەخسىدە ئاران 3 دانە شاپتۇل قاپتۇ. ★ دادام 5 دانە تاۋۇز سېتىۋالدى.

**دانىشمەن** (ئىسىم) چوڭقۇر بىلىملىك، كۆپ نەرسىلەرنى بىلگۈچى دانا كىشى، ئالىم. مەسىلەن: مۇئەللىم دانىشمەن نەسرىدىن ئەپەندى ئارقىلىق بەزى چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرمەكتە ئىدى.

مەنىداش سۆزى: ئالدىن بىلگۈچى، ئەقىللىق، ئالىم.

**دانىشمەنلىك** (ئىسىم) بىلىملىك، بىلىمى كۆپلۈك، ئالىملىق. مەسىلەن: مەرگەنلىكىڭ بىلەن بىللە دانىشمەنلىكىڭمۇ جايىدا ئىكەن.

مەنىداش سۆزى: ئەقىللىق.

**داھىي** (ئىسىم) دۆلەت، سىياسىي تەشكىلات، ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ يول باشچىسى. مەسىلەن: ئۇلۇغ داھىي ماۋجۇشى جۇڭگو خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈردى. ★ داھىي ماۋزېدۇڭ قىلغاندا چاكا، سۈزۈلۈپ بولۇت يۈز ئاچتى ئاسمان، / بېيجىڭگە شۇدەم تىكلەنگەندە تۇغ، جوڭخوا ئەلىگە ياغدى شەرەپ-شان.

**داھىيلىق** (ئىسىم) يولباشچىلىق، باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك: مەسىلەن: ئاممىۋى ھەرىكەت كۆتۈرۈلگەندە ئاما بىر دانا يولباشچىنى داھىيلىققا كۆتۈردى.

**داۋامەت** (رەۋىش) دائىم، ھەمىشە، ھەر ۋاقىت، ھەر چاغ. مەسىلەن: يوقلۇقىدىن ئادالەت، / كۆكلۈمدە كۆپ ئاداۋەت. / قولدا قىساس قىلىچىم، / يالترايدۇ داۋامەت.

مەنداش سۆزى: مەڭگۈ، مەڭگۈگە، ھەرقاچان.

**دەخلى** (ئىسىم) ئارىلىشىش، مۇناسىۋەت، ئالاقە: — بالىلار ۋارقىرىماي ئويناڭلار، باشقىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا دەخلى قىلماڭلار! — دېدى بوۋاي.

**دەخلى يەتكۈزۈش** يامان تەسىر يېتىش، كاشىلىسى تېگىش، توسالغۇ بولۇش. مەسىلەن: بۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭ ئىشىغا بىرمۇنچە دەخلى يەتتى. ★ ئۇ: — ئۆگىنىشكە دەخلى يەتكۈزمەي بۇرۇنقىدەكلا يەنە ئوبدان ئۆگىنىمەن، — دېدى.

مەنداش سۆزى: كاشىلا بولۇش، ئىشىنى بۇزۇش.

**دەردىگە دەرمان بولۇش** بېشىغا ئېغىرلىق چۈشكەن ياكى موھتاجلىقتا قالغانلارغا ۋاقتىدا ياردەم بېرىش، ھەمدەمدە بولۇش، ھاجىتىدىن چىقىش، كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق قىلىش. مەسىلەن: مەنمۇ ئەمدى چوڭ بولدۇم، ئاپامنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشۇم، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ كامال.

مەنداش سۆزى: ھالىغا يېتىش.

**دەرمان** (ئىسىم) ماغدۇر، مادار، كۈچ. مەسىلەن: ھەسەن دولانمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ ياستۇقىدىن بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدى ـ يۇ، دەرمانى يەتمىدى. ★ — ئاشۇ ئالتۇن-يامبۇلارنى تېپىپ، بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە دەردىڭلارغا دەرمان قىلىڭلار، — دەپتۇ بوۋاي باللىرىغا.

مەنداش سۆزى: ماغدۇر، مادار، كۈچ-قۇۋۋەت.

**دەرھال** (رەۋىش) شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، كېچىكتۈرمەي، تېزدىن. مەسىلەن: ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆيگە مېھمان كەلسە دەرھال ئالدىغا داستىخان سېلىنىدۇ. ★ دەرھال ماڭ، دەرسكە كېچىكىپ قالمىغىن. ★ ئۇ ئاۋازنىڭ بۆلەكچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ۋە دەرھال يەرگە قارىۋالدى.

مەنداش سۆزى: شۇ ھامان، ھازىر.

**دەريا** (ئىسىم) ۋادا سىرغىمىسىدىن مەركەزلىشىپ قويۇلۇش جايىغا ئېقىپ تۇرىدىغان تەبىئىي چوڭ سۇ ئېقىنى. مەسىلەن: تارىم دەرياسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

★ — دەريانىڭ سۈيى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن، — دەپتۇ تايچاق.

**دەرۋەقە** (ئۈكلىمە) ھەقىقەتەن، راستىنلا، دېگەندەك. مەسىلەن: سىلى بۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن ئويلاپ باقسام دەرۋەقە شۇنداق بولغان ئوخشايدۇ. ★ دەرۋەقە، مېنىڭ ئۇكام ناھايىتى ئەقىللىق، ساغلام چوڭ بولۇۋاتىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** راستىنلا.

**دەملەش** (پېئىل) دەملەپ تەمىنى چىقىرىش. مەسىلەن: قاسىم ئاكا بىردەم ئولتۇرۇڭ، چاي دەملەپ بىرەي، بىرەر چىنە چاي ئىچىپ كېتىڭ. ★ گۈرۈچ ئاش ئوبدان دەملەنمىسە پىرىك بولۇپ قالىدۇ.

**دەۋەت** (ئىسىم) بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسىلەك قاتارلىقلارغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان تەكلىپ، چاقىرىق، ئۈندەش، تەشەببۇس. مەسىلەن: دەۋەت قىلماق. ★ خوجىنىياز ھاجى بۆرتالادىن قومۇلغا بېرىپ، ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈۋالغاندىن كېيىن، يۈسۈپ تەيجىنىڭ دەۋىتى بىلەن باغداشقا قاراپ يول ئالدى. ★ «ئوقۇيلى» دېگەن شېئىردا ئوقۇغۇچىلار نېمىگە دەۋەت قىلىنغان؟

**مەنىداش سۆزى:** ئۈندەش، تەكلىپ، تەشەببۇس، دالالەت.

**دەۋر** (ئىسىم) ① تارىختىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللار ئاساس قىلىنىپ بۆلۈنگەن مۇئەييەن مەزگىل. مەسىلەن: تاش قورال دەۋرى. ياشلىق دەۋرى. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەت ۋە ھادىسە بولۇپ ئۆتكەن، بېجىرىلىدىغان بەلگىلىك ۋاقىت؛ زامان. مەسىلەن: ئوقۇپ بىلىم ئالىدىغان دەۋر كەلدى. ★ تىرىشىپ ئوقۇپ دەۋرگە ئەگىشىپ ماڭايلى.

**مەنىداش سۆزى:** مەزگىل، زامان.

**دوست** (ئىسىم) ئۆزگە نىسبەتەن قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىغان كۆڭلى يېقىن ئادەم، ئاغىنە، بۇرادەر. مەسىلەن: ھەقىقىي دوست. ★ دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن ئاياغقا (ماقال).

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۈشمەن.

**دوستلۇق** (ئىسىم) دوستلارغا خاس مۇئامىلە، مۇناسىۋەت، دوستانە ئالاقە. مەسىلەن: ئۇلار قۇمۇللۇق كىشىنىڭ بىلىمگە قايىل بولۇشتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. ★ 19-باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن 22-باشلانغۇچ مەكتەپ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

**دوڭغاسلاش** (پېئىل) بېلىنىڭ ئۈستى ئالدىغا، ئاستى كەينىگە ئېگىلگەن، دوڭغايغان ھالدا مۈكچىيىپ مېڭىش. مەسىلەن: ئاغىچە قېرى مايمۇنمۇ دوڭغاسلاپ يېتىپ كەپتۇ. ★ ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، دوڭغاسلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

**دۈچ كېلىش** ئۇچراش، ئۇچرىشىش، يولۇقۇش، ئۇدۇل كېلىپ قېلىش، روبىرو كېلىش. مەسىلەن: مەن نۇرغۇن ئىشلارغا دۈچ كەلدىم، بەزىلەر تېپىشماق، بەزىلىرى سىرلىق ئىدى.

مەنىداش سۆزى: يولۇقۇش، ئۇچراش.

**دۇرۇس** (سۈپەت) ① توغرا، خاتا ئەمەس، ياخشى، ئوبدان، ئەۋزەل. مەسىلەن: — ئۇنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغىنى دۇرۇس بولدى، بىز قوشۇلىمىز، — دەپ چۇرقىراشتى ساۋاقداشلار. ② توغرا، ياخشى، ئوبدان. مەسىلەن: ئۇ كىشىگە يامانلىق ئويلىمايدىغان ناھايىتى دۇرۇس ئادەم ئىدى.

مەنىداش سۆزى: ئوبدان، سەمىمىي، ياخشى.

**دۇمباق** (سۈپەت) كۆپۈپ، كۆتۈرۈلۈپ، ئۆرلەپ چىققان، تومپايغان. مەسىلەن: ئۇ قارىسا قىزنىڭ يانچۇقى دۇمباق تۇرغۇدەك، قاراپ ئۇنىڭ بېھى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

**دۇمباق كۆز** (سۈپەت) كۆپۈپ، كۆتۈرۈلۈپ، تومپىيىپ، پولتىيىپ چىققان كۆز. مەسىلەن: — ھەي، دۇمباق كۆز ھەرىچاق، چىرايلىقلىقىمىزنى سىلىشتۇرۇپ باقايلىچۇ، — دەپتۇ خوراز. ★ ئايشەم پاقىنىڭ كۆزىدەك دۇمباق كۆزلىرىنى چىملىدىتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

**دۆت** (سۈپەت) ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان، پىكىر قىلىشى ئاجىز، ئۆتكۈر ئەمەس، ئەقىلسىز، ھاماقەت. مەسىلەن: دادام دائىم ماڭا:

www.uyghurkitap.com



«ئادەم ئەقلىنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا، دۆت بولۇپ قالىدۇ» دەيتتى.

**مەنىداش سۆزى:** گالۋا، لەقۋا، گالۋاڭ، تەلۋە، قاپاقباش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەقىللىق، چېچەن، زېرەك.

**دۆلەت** I (ئىسىم) ① مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالى. يەنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشىدىكى زوراۋانلىق تەشكىلى. مەسىلەن: دۆلەت بايرىقى. ★ دۆلەت گېمنى بېكىتىلدى. ② بىر دۆلەتكە قاراشلىق پۈتكۈل زېمىن. مەسىلەن: دۆلەت چېگرىسى. دۆلەت تەۋەلىكى.

**دۆلەت** II (ئىسىم) ① مال-دۇنيا، بايلىق. مەسىلەن: ئۇشۇق دۆلەت باشنى يارماس (ماقال). ② كۆچمە. بەخت-پاراغەت، راھەت، ھالاۋەت. مەسىلەن: تەن ساقلىق-دۆلەت ئىكەن. ③ ئەر-ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** بايلىق، بەخت، راھەت-پاراغەت.

**دۆۋە** ① (ئىسىم) بىر يەرگە توپلىنىپ، ئۈستى-ئۈستىگە ئارتىلىشتىن ھاسىل بولغان ئېگىزلىك، دۆمبەل. مەسىلەن: پاختا دۆۋىسى. ئەخلەت دۆۋىسى. ② (مىقدار) ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە تاۋۇز تۇراتتى. ③ (رەۋىش) لىقمۇلىق. مەسىلەن: ئابلىز تاۋاقتا دۆۋە ئۇسۇلغان پولونى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

**دۆۋىلەش** (پېئىل) يىغىپ، توپلاپ دۆۋە ھالىتىگە كەلتۈرۈش؛ توپلاش، بىر يەرگە جەم قىلىش. مەسىلەن: بىرمۇنچە كىر-قاتلار دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ★ ئۇلار كۆزدە ئاشلىقلىرىنى خامانغا دۆۋىلەپ قوياتتى. ★ بالىلار قۇرۇق مېۋە-چېۋىلەرنى دۆۋىلەپ تىزىپ قويۇپتۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بۇزۇش، چېچىش.

**دېرەك** (ئىسىم) بىرەر يەردىن، بىركىم ياكى بىرەر نەرسە ھەققىدە بېرىلگەن بەلگە، بېشارەت، خەۋەر. مەسىلەن: ھاۋانىڭ تۇتۇلۇشى يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ★ ھېچ يەردىن قىزنىڭ دېرىكى چىقمىدى.

مەنداش سۆزى: بەلگە، بىشارەت، خەۋەر، ئۇچۇر.

**دېكلاماتسىيە** (ئىسم) شېئىرى ئەسەرلەرنى چىرايلىق، تەسىرلىك قىلىپ، ئۈنلۈك يادقا ئوقۇش سەنئىتى. مەسلەن: بىز مەكتەپ بويىچە شېئىر دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق.

**دىت** (ئىسم) ① گۈزەللىكنى، نەپىسلىكنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئىستېتىكىلىق زوق ئېلىش قابىلىيىتى. مەسلەن: ئۇ تۇرمۇشنى يازغۇچىلىق دىت بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ② ئەقىل، ھوش، پەم، ئىدراك. مەسلەن: ھەممىمىز بۇ بوۋاينىڭ قوي بېقىشتىكى دىتىغا قايىل بولۇپ، كۈلۈپ كەتتۇق.

مەنداش سۆزى: پەم، ئەقىل، ھوش.

**دىرىژور** (ئىسم) كوللېكتىپ ئورۇنلىنىدىغان بىرەر مۇزىكا ئەسىرى ياكى خورغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشى. مەسلەن: قەيسەر بىزنىڭ خور ئېيتىش ئەترىتىمىزگە دىرىژور بولدى.

**دىققەت** (ئىسم) ① پىكىر، ئەس-ياد، ئوي-خىيال؛ ئېتىبار، زېھىن. مەسلەن: باللار ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ ھېچقايسىسى بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ② باشقىلارنى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئۈندەش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدۇ. مەسلەن: — دىققەت، ھازىر دەرس باشلايمىز، — دېدى مۇئەللىم مۇنبەرگە چىقىپ.

**دىل** (ئىسم) كۆڭۈل، قەلب، يۈرەك، ئىچكى، روھىي دۇنيا. مەسلەن: مەكتەپ پۈتمەس بۇلاق، بىز ئۇنىڭدىن بىلىم ئېلىپ، بىلىم ئارقىلىق دىلىمىزنى نۇرلاندۇرىمىز، بىلىمگە بولغان تەشنالىقىمىزنى قاندۇرىمىز.

مەنداش سۆزى: يۈرەك، قەلب، كۆڭۈل.

**دىيار** (ئىسم) مەملىكەت، ۋەتەن، يۇرت. مەسلەن: سۆيۈملۈك دىيار. ئەزىز دىيار. ★ ئۈمىد بىلەن ئەل ئىشىغا قويىدۇم قەدەم، / ئەجرىم بىلەن بۇ دىيارغا تۆكمەككە زەر.

مەنداش سۆزى: ۋەتەن، يۇرت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىتى

# ر

**رازىلىق** (ئىسىم) ① مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك، شادلىق. مەسىلەن: مۇئەللىم باللارنىڭ بۇگۈنكى سىناق نەتىجىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، رازىلىق بىلەن كۈلۈپ تاشلىدى. ② بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە ئۇنىغانلىق، قوشۇلغانلىق، كۆنگەنلىك، رىزالىق. مەسىلەن: رازىلىق بەرمەك. ★ ئاتا-ئانامنىڭ رازىلىقىسىز مەن شەنبە-يەكشەنبىلەردە بىر ياققا بارالمايمەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نارازىلىق.

**راستچىل** (سۈپەت) راست سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن، راست سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ راستگۆي. مەسىلەن: راستچىل ئادەم. ★ بۇ بالا ناھايىتى راستچىل ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك بالا بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** توغرا سۆزلۈك، راستگۆي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يالغانچى، ساختىپەز.

**راھەتلىنىش** (پېئىل) راھەت ھېس قىلىش؛ ھۇزۇر ئېلىش، ھۇزۇرلىنىش. مەسىلەن: ئىسسىقتا سالقىن راھەت، سوغۇقتا يالقۇن راھەت (ماقال). ★ مەن مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم، ئۇكام تېخىچە يوتقاندا راھەتلىنىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ھۇزۇرلىنىش.

**رەخت** (ئىسىم) پاختا، يۇڭ، كەندىر قاتارلىقلاردىن توقۇلغان، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بۇيۇم، توقۇلما. مەسىلەن: رەخت سېتىۋالماق. ★ يازنىڭ كۈنى ئېپەك رەختتە تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيسىڭىز سالقىن بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** گەزمال.

**رەزگى** (سۈپەت) ① بۇزۇلغان، چىرىگەن، كىرەكسىز، تاشلاندۇق، ئەسكى-تۇسكى. مەسىلەن: ئەگەر سەن بەكمۇ بېيىنىڭ بولساڭ، ھايات دەرياسىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى سېنى خۇددى رەزگى يوپۇرماقلاردەك ئېقىتىپ

كېتىۋېرىدۇ. ② پەس، ئىپلاس، رەزىل. مەسىلەن: ئۇنىڭ رەزگى چىرايىغا زادى قارىغۇم كەلمىدى. ★ رەزگى كۆرۈنگەن چۆمۈللەر ئۆملىشىپ كېلىپ يىلاننى چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئەسكى، پەس، ئىپلاس.

**رەستە** (ئىسىم) شەھەر ياكى بازارنىڭ ئىككى ياقىسىغا ھەر خىل سودا دۇكانلىرى قاتار ئورۇنلاشقان ئاۋات كوچىسى. مەسىلەن: ئۇ لىق يۈك بېسىلغان ماشىنىنى كوچا رەستىلىرىدىن ئاۋايلاپ ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. ★ ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈك رەستىسى ئەڭ ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرى.

**رەسمىيەت** (ئىسىم) ① بىرەر ئىشنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى بىرەر تەشكىلات تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بېجىرىلىش تەرتىپى. مەسىلەن: رەسمىيەت ئۆتەش. ② بىرەر ئىشنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ياكى بىرەر تەشكىل تەرىپىدىن بېجىرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئىسپات. مەسىلەن: يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىڭىز تولۇقمۇ؟

**رەقەم** (ئىسىم) يېزىقتا سانىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. مەسىلەن: ئەرەب رەقىمى. رىم رەقىمى. ★ ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار ئىچىدە ئوندىن يۇقىرى بولغان سانلار رەقەم بىلەن يېزىلىدۇ.

**رەڭدار** (سۈپەت) بىرەر رەڭدە بويالغان؛ رەڭلىك. مەسىلەن: رەڭدار قەغەز. رەڭدار كىگىز. ★ توي-تۆكۈن، مەشرەپ-ئولتۇرۇش دېگەنلەرنىڭ باغىقى رەڭدار بولۇشى كېرەك. ★ ئەزىز قەشقەر سېغىنغاچقا سېنى مەن كۆرگىلى كەلدىم، / گويا جەننەستىدەك رەڭدار لېۋىڭنى سۆيگىلى كەلدىم.

**مەنىداش سۆزى:** رەڭلىك، گۈللۈك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رەڭسىز، سىيدام.

**رەھبەرلىك** ① (ئىسىم) تەلىم-تەربىيە، يولىيورۇق بېرىش، يېتەكچىلىك قىلىش، باشقۇرۇش ئىشى، خىزمىتى. مەسىلەن: ماۋجۇشى رەھبەرلىك قىلغان ئارمىيە دۆلىتىمىزنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلدى. ② (سۈپەت) باشقۇرۇش ئىشى ياكى مەلۇم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com كىتاب تورىكتابى

رەھبەرلىك گۇرۇپپا. ③ (ئىسىم) بىرەر ئىدارە ياكى كوللېكتىپنى باشقۇرىدىغان ئورۇن. مەسىلەن: مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى كېرەك.

**رەڭگى ئۆچمەك** ئەسلى رەڭگى، چىرايى ئۆزگەرمەك، رەڭگى ئۆڭمەك. مەسىلەن: بۇ گەپنى ئاڭلىغان زۇنۇننىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. ★ ئويلىمىغان يەردىن سورالغان بۇ سوئالغا نىمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىگەن پەزىلەتنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: چىرايى تۇتۇلماق، چىرايى ئۆزگەرمەك.

**رەھمەت** (ئىسىم) ① بىرىگە بىلدۈرگەن تەشەككۈر ۋە مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: رەھمەت ئېيتماق. ★ — سوۋغاتلىرىڭلارغا رەھمەت، — دېدى مۇئەللىم. ★ ئاسىم بېشىنى ئېگىپ رەھمەت ئېيتتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

مەنىداش سۆزى: بارىكاللا، ھەشقاللا، تەشەككۈر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: لەنەت.

**رەئىس** (ئىسىم) بەزى دۆلەت، دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە-گۇرۇھ، ئىدارە-تەشكىلاتلارنىڭ رەھبىرى. مەسىلەن: ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس بولۇپ تۇرغان كۆللەردە ئىشى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى.

**روزا** (ئىسىم) ① يىلدا بىر قېتىم رامىزان ئېيى داۋامىدا مۇسۇلمانلار بىر ئاي سۇبھىدىن كۈن پاتقۇچە پۈتۈن كۈن يېيىش-ئىچىشتىن ئۆزىنى تۇتۇش ئادىتى. مەسىلەن: روزا تۇتۇش. روزىنى بۇزۇش. ② رامىزان ئېيى. ★ — روزا-رامىزان كەپ قالدى مەن يۇرتۇمغا قايتاي، — دېدى بوۋاي.

مەنىداش سۆزى: رامىزان، نىيەت.

**روزا ھېيت** رامىزان ئېيىنىڭ تۈگىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى. مەسىلەن: روزى ھېيتتا شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت-ھېيتكار مەسچىتنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ناغرا-سۇناي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ساما سېلىۋاتقان

كىشىلەرنىڭ چىرايى چەكسىز شاد-خۇراملىققا چۆمگەنىدى.

**روھلىنىش** (پېئىل) روھى كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، جۇشقۇن ھالەتكە كېلىش، ئىلھاملىنىش. مەسىلەن: ئوغۇللار روھلىنىپ، باغدا كەتمەن چېپىشنى داۋام قىلىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: جانلىنىش، تېتىكلىشىش.

**رۇلېتكا** (ئىسىم) ئۇزۇنلۇقنى تېخنىكىلىق جەھەتتىن ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئەسۋاب؛ يۆگەلمە سىزغۇچ. مەسىلەن: رۇلېتكىدىن پايدىلىنىپ سىنىپنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىسەك قانچە چىقىدۇ؟

**رېمونت قىلىش** بۇزۇلغان، ئىشتىن چىققان، سۇنغان، كونىرىغان نەرسىلەرنى تۈزەش، ئوڭشاش، ياساش. مەسىلەن: ئۆي رېمونت قىلىش. ماشىنا رېمونت قىلىش. ★ ئۇ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان بالا بولدى، ئېلېكتر سايمانلىرىنى شۇنداق ئەپلىك رېمونت قىلالايدۇ.

مەنىداش سۆزى: تۈزەش، ئوڭشاش، ياساش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بۇزۇش.

# ز

**زار** (ئىسىم) ھەسرەتلىك يىغا، نالە-پەرياد، پىغان. مەسىلەن: قازاننىڭ ھورى يامان، يېتىمنىڭ زارى (ماقال). ★ يىگىت ئاخىرى بىر پارچە نانغا زار بولۇپ يىغلاپ، قاقشاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: نالە-پەريات، شىكايەت، پىغان.

**زارلىنىش** (پېئىل) بىرەر نەرسىدىن نالە قىلىش، ھەسرەتلىنىش، شىكايەت قىلىش، قاتتىق ئېچىنىش. مەسىلەن: ئاكام تېلېفوننى قولغا ئېلىپلا، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدىن يېتىشەلمەيۋاتقانلىقىدىن زارلىنىپلا كەتتى.

مەنىداش سۆزى: داتلىنىش، قاقشاش، شىكايەت قىلىش.

**زاڭلىق** (ئىسىم) باشقىلارنى كەمسىتىش؛ مەسخىرە. مەسىلەن: زاڭلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتمەك. ★ ــ ئال، دوستۇم، يە، ــ دەپ تۇرنىنى زاڭلىق قىلىپ، تۈلكە ھەممىنى ئۆزى يەپ قويۇپتۇ.

مەنداش سۆزى: كەمسىتىش، مەسخىرە، شاڭخو.

**زامىن بولۇش** بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز ۋە ياكى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇش؛ ئەيىبكار، جاۋابكار بولۇش. مەسىلەن: سەن ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ.

**زەرەتلىنىش** (پېئىل) تۇراقلىق توك مەنبەسىنى ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئىككى قۇتۇپىغا ئۇلاش ئارقىلىق ئاككۇمۇلياتورنى توك بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش.

**زەربىدار** (ئىسىم) جەڭگىۋارلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇندايدىغان، ھەممە جەھەتتىن باشقىلارغا نەمۇنە بولالايدىغان ئىلغار شەخس، ئىلغار كوللېكتىپ. مەسىلەن: بىز زەربىدارلار ئەترىتى، ئەمگەك ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئاشۇرۇپ مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندايمىز.

**زەن سېلىش** دىققەت قىلىش، ئەستايىدىل كۆرۈش، نەزەر تاشلاش، كۆزىتىش. مەسىلەن: مۇرات ئۇتتۇن بېرىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھويلىغا كىرگەن كىشىلەرگە زەن سالمىدى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دىققەت قىلماسلىق، نەزەر سالماسلىق، كۆزەتمەسلىك.

**زوق** (ئىسىم) ① ھۇزۇر. مەسىلەن: زوق ئالماق. ★ مەن گۈزەللىكنىڭ چالغان سازى ۋە ناخشىلىرىدىن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ زوق ئالىمەن. ② ئىشتىياق، ھەۋەس، قىزىقىش. مەسىلەن: ــ ئالتۇندەك يەرلەر ئىكەن-دە، ــ دەۋەتتى زوقىنى باسالماي قالغان رەيىق ئاكا ئىتىزغا قاراپ.

**زىرەك** (سۈپەت) تېز ئۆيلىيالايدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، كاللىسى ئىشلەيدىغان؛ چېچەن، ھوشيار، سەزگۈر، ئەقىللىق. مەسىلەن: زىرەك ئايال. ★ نادان گۈلگە يۇگۈرەيدۇ، زىرەك مېۋىگە (ماقال).

مەنداش سۆزى: ئەقىللىق، ئۆتكۈر، سەگەك، ھوشيار،

چېچەن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دۆت، كالۋا، لەقۋا، كومشا.

**زېمىن** (ئىسىم) يەر، تۇپراق، ئۆي-جاي، يەر شارى. مەسىلەن: كۆن زېمىننى يورۇتار، بىلىم مېڭىنى (ماقال). ★ بۇ ھويلا تۆمۈر خەلپىلەرنىڭ ئۆز زېمىنى ئىدى. ★ بىز تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەپ، كەلگۈسىدە يەر-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك مۆجىزىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك.

مەنىداش سۆزى: يەر، ئۆي-جاي.

**زېھىن** (ئىسىم) ئىنساننىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى، ئەس-ھوش، ئەقىل-ئىدراك. مەسىلەن: كىتاب ھەر خىل سىناش سوئاللىرى ۋە تېپىشماقلار ئارقىلىق زېھنىمىزنى ئاچماقتا.

مەنىداش سۆزى: ئەقىل.

**زىچ** (سۈپەت) بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن، قېلىن، قويۇق. مەسىلەن: تۇپتۇز كەتكەن يېزا يولىنىڭ ئەتراپى زىچ ئورمان بىلەن قاپلانغانىدى. ★ بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ، باردى كەلدىسى قويۇق ئىدى. ★ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان مەزگىلى يېتىپ كەلدى. ۋاقىت زىچ، ياخشى تەييارلىق قىلمىسا بولمايدۇ.

مەنىداش سۆزى: قېلىن، قويۇق، ئالدىراش، جىددىي.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: شالاڭ، ئاندا-ساندا، كەڭ-كۇشادە.

**زىچچىدە** (رەۋىش) زىچلاشقان ھالدا، زىچلىشىپ، بولۇق. مەسىلەن: بۇ يەرگە تېرىغان گۈللەر زىچچىدە ئېچىلىپ، مۇھىتنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ★ بىز ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا كىشىلەر زىچچىدە ئولاشقان بىر توپقا كېلىپ يەتتۇق.

مەنىداش سۆزى: قويۇق، جىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: شالاڭ، ئاندا-ساندا.

**زىيان** (ئىسىم) ① ئومۇمەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يوقىتىش، چىقىم. مەسىلەن: بۇ زىياننىڭ ئورنىنى شۇ تاپتا ھېچنېمە بىلەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


تولدۇرغىلى بولمايتتى. ② يامان تەسىر، زەرەر. مەسىلەن: تاماكا بىلەن ھاراق ئادەم ئورگانىزمىغا زىيان.

**مەنىداش سۆزى:** دەخلى، زەرەر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پايدا.

**زىيانداش** (سۈپەت) زىيان سالىدىغان، زىيانلىق؛ زىيىنى بار. مەسىلەن: زىيانداش قۇشلار. زىيانداش ھاشارات. ★ چاشقان، چۈشۈن، پاشا قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار بارغانچە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەھدىت سالماقتا.

**زىيان-زەخمەت** زىيان ۋە زەخمەت. مەسىلەن: قۇشلارغا، ھايۋاناتلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمەن. ★ جامائەت مۈلكىنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلايمەن.

**مەنىداش سۆزى:** دەخلى-تەرۈز.

**زىيانلىق** (سۈپەت) زىيىنى بار، پايدا، مەنپەئەت قىلمايدىغان؛ پايدىسىز. مەسىلەن: خەلققە پايدا قىلمايدىغان نەرسە ساگىمۇ زىيانلىق. ★ بۇ يوپۇرماق قۇرۇتى-زىيانلىق قۇرۇت. ناھايىتى ھىيلىگەر، ئۇ يىپ قوسۇپ يۇمران يوپۇرماقلارنى ئورايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پايدىسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پايدىلىق.

# س

**سائادەتمەن** (سۈپەت) زور بەخت سائادەتكە ئېرىشكەن، بەختلىك. مەسىلەن: — بولىدۇ قىزىم، — دېدى ئاپام خۇشال بولۇپ، — داداڭنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەن بولىسەن.

**مەنىداش سۆزى:** بەختلىك.

**ساتقۇن** (ئىسىم) ۋىجدانىنى، ئۆز كىشىلىرىنى سېتىپ قارشى تەرەپكە ئۆتكەن، سېتىلغان كىشى، خائىن، ئاسىي. مەسىلەن: ساتقۇننىڭ پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن بىرقانچە ئىنقىلابچى دۈشمەننىڭ قولىغا

چۇشۇپ قىلىپ، باتۇرلارچە قۇربان بولدى.
**مەنىداش سۆزى:** خائىن، ئىشپىيون.

**سارغىيىش** (پېئىل) ① سېرىق تۈس ئېلىش، رەڭگى سېرىقلىشىش. مەسىلەن: دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. ② موھتاجلىق. مەسىلەن: ئاتام بىلمەس، / ئانام بىلمەس. / مېنىڭ ھالىمنى، / ئىگەم ئاللا ئۆزى بىلۇر سارغايغاننىمنى.

**ساڭگىلاش** (پېئىل) ① پەسكە قاراپ ئېسىلىپ تۇرۇش. مەسىلەن: مۆمىن يىرتىۋەتكەن كۆڭلىكىمىنىڭ ياقىسى ھەم يېڭىمۇ تىزىمغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ② كۆچمە. سولىشىش، بوشاش. مەسىلەن: نەچچە كۈنلەرگىچە سۇ قۇيۇلماي، ئۇنتۇلغان بۇ گۈللەر سولۇشۇپ، ساڭگىلاپ قۇرۇپ قېلىشقا ئاز قالغاندى.
**مەنىداش سۆزى:** ئېگىلىش، سېلىنىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تىكلىنىش، دىڭگىيىش، غادىيىش.

**سالام** (ئىسىم) تىنچلىق، ئامانلىق، تىنچ-ئامانمۇ سىز (سىلەر)؟ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: سالام ئادىلە، قانداق ئەھۋالىڭ؟ يازلىق تەتىلنى ياخشى ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟ ★ ئۆزۈمدىن چوڭلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى كۆرسەم ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا سالام بېرىمەن.
**مەنىداش سۆزى:** تەزىم.

**سالقىن** ① (سۈپەت) ئىسسىققا نىسبەتەن سوغۇق، مۆتىدىل، سۆرۈن. مەسىلەن: كەچ كۈزنىڭ تاڭ سەھەر ۋاقتى سالقىن بولىدۇ. ② (ئىسىم) كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ھاۋالىق جاي. مەسىلەن: بۇ دەرەخنىڭ سايىسى نېمىدېگەن سالقىن-ھە!
**مەنىداش سۆزى:** سۆرۈن، مۇزدەك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاپتاپ، ئىسسىق، قىزىق.

**سالقىنلىشىش** (پېئىل) ھاۋاسى، تېمپېراتۇرىسى سالقىن ھالەتكە كېلىش. مەسىلەن: 10-ئاي كىرىپ ھاۋا بىر ئاز سالقىنلىشىپ قالدى. ★ ھويلا-ئارامغا سۇنى كۆپ چاچقاچقا، ئۆيلەر سالقىنلىشىپ قالغاندى.

www.uyghurkitap.com

مەنداش سۆزى: سۆرۈنلىشىش، سوۋۇش.

**سالماق** ① (ئىسىم) ئېغىرلىق، ۋەزىن. مەسلەن: ئۇ دامكىراتنى تەتۈر بۇراپ، تراكتورنىڭ چاقىنى ئۆز سالمىقى بويىچە ياغاچ ئۈستىگە ئاۋايلاپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ② (ئىسىم) سانى، ھەجمى، قىممىتى، ئەھمىيىتى جەھەتتىن تۇتقان ئورنى. مەسلەن: خىزمەتنىڭ سالمىقى. گەپنىڭ سالمىقى. ③ (سۈپەت) ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر-بېسىق، پۇختا، تەمكىن. مەسلەن: سابىر سالماق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

**سانتىمېتىر** (مىقدار) بىر مېتىرنىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. مەسلەن: بۇ بىر پۈكلىمە سىزغۇچ، ئۇنى تۈز قىلساق ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر كېلىدۇ. بۇ سىزغۇچتا قانچە سانتىمېتىر بارلىقىغا قاراپ باقايلى!

**ساندۇق** (ئىسىم) ياغاچ، تۆمۈر، قەغەز قاتارلىقلاردىن ياسالغان، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك، مېۋە-چېۋە قاتارلىقلارنى سېلىپ ساقلايدىغان بۇيۇم. مەسلەن: ئۈستام ئازراق ياغىچىم بار ئىدى، بىر ساندۇق ياساپ بېرەملا؟ ★ ئاپام مېنىڭ كىتابلىرىمنى سالىدىغانغا بىر ساندۇق ئاجرىتىپ بەردى.

مەنداش سۆزى: كات.

**ساۋاق** (ئىسىم) ئوقۇتۇش پائالىيىتى داۋامىدا دەرسلىك ياكى ماتېرىياللارنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈلىدىغان بۆلىكى، دەرس. مەسلەن: سەن ئۆي ئىشى قىلمەن دەپ ئاۋارە بولماي، ساۋاقىڭنى يادلىغىن.

مەنداش سۆزى: دەرس.

**ساۋاقداش** (ئىسىم) بىرگە ساۋاق ئالغان، بىللە ئۆگەنگەن، بىر مەكتەپ، بىر سىنىپتا ئوقۇغان كىشى. مەسلەن: بىزنىڭ سىنىپتا قىز ساۋاقداشلاردىن ئوغۇل ساۋاقداشلار كۆپ ئىكەن.

**ساياھەت** (ئىسىم) دەم ئېلىش، كۆرۈش، سەيلە قىلىش ئۈچۈن باشقا جايلارغا قىلىنغان زىيارەت، سەپەر. مەسلەن: دەم ئېلىش كۈنى بىز ئائىلە بويىچە بوغدا كۆلىنى ساياھەت قىلىپ كەلدۇق. ★ تەتىلدە بىز جەنۇبقا

ساياھەتكە بارىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** زىيارەت، سەيلە.

**سەپەر** (ئىسىم) مەلۇم بىر ئىش ياكى زىيارەت ئۈچۈن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىش؛ يول. مەسىلەن: ئاكام سەپەرگە ماڭغانىدى، مەن بىكەتكىچە ئۇزىتىپ باردىم.

**سەپداش** (ئىسىم) ① ھەربىي خىزمەتتە بىرگە، بىر سەپتە بولغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن). مەسىلەن: مەن ئوغلۇمنى كۆرگىلى قىسىمغا بارسام، ئوغلۇم سەپداشلىرى بىلەن قارىغا ئېتىش مەشقى قىلىۋاتقانىكەن.
② كۆچمە. بىر ساھە، بىر تەشكىلات، بىر ئورۇندا ئىشلىگەن، كۈرەش قىلغان. مەسىلەن: بىلال ئەزىزى لۇتپۇللانىڭ يېقىن سەپدىشى ئىدى.

**سەت** (سۈپەت) ① كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، چىرايلىق ئەمەس، كۆرۈمسىز. مەسىلەن: ياشنىڭ سەتى يوق، قېرىنىڭ چىرايلىقى يوق (ماقال). ★ ئەھەتنىڭ خېتى ناھايىتى سەت، ئوقۇغىلى بولمايدۇ.
② كۆچمە. ئەيىب دەپ قارىلىدىغان، ئۇياتلىق. مەسىلەن: ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەڭ باشقا ساۋاقداشلىرىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟

**مەنىداش سۆزى:** خۇنۇك، كۆرۈمسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم.

**سەرپ** (ئىسىم) ئومۇمەن بىرەر مەقسەت ئۈچۈن پۇلنى ياكى كۈچنى، زېھنىنى ئىشلىتىش، خىراجەت؛ چىقىم. مەسىلەن: پۇل سەرپ قىلماق: قىممەتلىك ئۆمرىمىزنى پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلمايلى!

**سەرخىل** (سۈپەت) ئالدىنقى قاتاردىكى، خىللانغان، تاللانغان. مەسىلەن: سەرخىل قوغۇن. ★ گۈلنىڭ سەر خىلى گۈل ئارىسىدا، ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا (ماقال). ★ ئۇلار ئىدارىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى ئەتراپىغا، قىشچە ئۆستۈرگەن سەرخىل گۈللەردىن 40-50 تەشتەك گۈلنى يۆتكەپ تىزىۋەتكەنىدى.

**مەنىداش سۆزى:** تاللانغان، خىللانغان.

**سەرگەردان** (سۈپەت) ئۆز يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ، توغرا كەلگەن يەردە يېتىپ-قوپۇپ ھايات كەچۈرىدىغان؛ سەرسان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسلەن: ئۆتمەشتە ھەممە يەردە سەرگەردان بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلاتتۇق.
**مەنىداش سۆزى:** تىلەمچى، دىۋانە، ساھىل.

**سەزگۈ** (ئىسم) ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدە پەيدا قىلغان ئىنكاسى، سېزىم، تەسىر، تۇيغۇ. مەسلەن: نۇر كۆزگە چۈشسە، كۆرۈش سەزگۈسى ھاسىل بولىدۇ، ئاۋاز قۇلاققا تەسىر قىلسا، ئاڭلاش سەزگۈسى ھاسىل بولىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** تۇيغۇ.

**سەزگۈر** (سۈپەت) ① سېزىش ئىقتىدارى، سېزىمچانلىقى كۈچلۈك؛ تاشقى تەسىرنى تېز سېزىدىغان، سېزىمچان. مەسلەن: سەزگۈر ئىت. ② زېرەك، ھوشيار. مەسلەن: ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، چېچەن، ئەقىللىق قىز ئىكەن.
**مەنىداش سۆزى:** تۇيغۇن، سەگەك، ھوشيار، چېچەن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىخوت، گاراڭ.

**سەزدۇرمەسلىك** (پېئىل) بىلىندۇرمەسلىك، يوشۇرۇش، خۇپىيانە تۇتۇش. مەسلەن: ئۇ ئۆزىنىڭ شوپۇر ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە سەزدۇرمىدى. ئۇ ھېچكىمگە سەزدۇرمەيلا ئاستا سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** تۇيدۇرماسلىق، بىلىندۇرمەسلىك.

**سەممىي** (سۈپەت) كۆڭلىدە يامانلىق يوق، ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل، چىن يۈرەكتىن ئېيتىلغان، ھەقىقىي، راست. مەسلەن: سەممىي كۆلكە. سەممىي دوستلۇق. سەممىي سالام. سەممىي ئادەم. سەممىي گەپ. ★ دادام بىزگە دائىم سەممىي ئادەم بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** مۇلايىم، يېقىملىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەممىيەتسىز، ساختىپەز، كازراپ.

**سەۋەبسىز** (سۈپەت) سەۋەبى يوق، سەۋەبى بولمىغان، ئاساسسىز. مەسلەن: سەۋەبسىز ئىش بولماس (ماقال). ★ مەن سەۋەبسىز بىر كۈنمۇ دەرستىن قالمايمەن.

مەنىداش سۆزى: بىكاردىن بىكار، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق.
**سەۋر-تاقەت** سەۋر ھەم تاقەت، چىدام ۋە بەرداش. مەسىلەن: ئۇ بىرنىم سائەتتىن بىرى راۋاق ئاستىدا سەۋر-تاقەت بىلەن ياملغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ تۇردى.
مەنىداش سۆزى: ئىغىر-بېسىق، غەيرەت-شىجائەت.
**سوپىسوپىياڭ** (ئىسىم) بىر خىل قۇش، تېنى سېرىق، كۆزىدىن باشلاپ بېشىنىڭ ئارقا قىسمىغىچە قارا، تۇمشۇقى ئاچ قىزىل كېلىدۇ، يېقىملىق سايرايدۇ. مەسىلەن: سوپىسوپىياڭنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئۇۋىسى بولۇپ، ئۇۋىدا ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇخلايدىكەن.
**سوزۇق** (سۈپەت) يۇمىلاق ئەمەس، سوزۇلغان، سوزۇنچاق. مەسىلەن: ئۇ يۈزى سوزۇق، ئۇرىكۆز، قاڭشالىق ئادەم ئىكەن. ★ ئۇيغۇر تىلى سەككىز سوزۇق تاۋۇش، يىگىرمە تۆت ئۈزۈك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان.
مەنىداش سۆزى: ئۇزۇنچاق، ئۇزۇن.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يۇمىلاق، دۈپدۈگىلەك، دومىلاق.
**سوزۇش** (پېئىل) تارتىش، ئۇزارتىش. مەسىلەن: ئۆچكە ئالدىنقى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تامغا ئېسىلىپ، بويىنىنى ھەرقانچە سوزۇپ باقسىمۇ، ئاغزى شاخقا يەتمەپتۇ. ★ ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەن دېھقان ئۆيىگە كىرىپ پۇت-قولىنى سوزۇپ يېتىپ بىردەم ئارام ئېلىپتۇ.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يىغىش، تۈگۈلۈش.
**سوقما تام** (ئىسىم) جازىغا ئېلىنغان نەم توپىنىڭ ئۈستىگە خاڭ بىلەن چىڭداپ ئۇرۇش ئارقىلىق تۇرغۇزۇلغان تام. مەسىلەن: سوقما تام ئانچە ئېگىز ئەمەس، ئادەم بويى كېلەتتى. ★ مەكتەپ قورۇسى يېزىلاردا كۆپىنچە سوقما تام بىلەن قورشىلىدۇ.
**سوۋغا** (ئىسىم) ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن بېرىلىدىغان نەرسە، ھەدىيە. مەسىلەن: بىللار بىزگە تەجرىبە سوۋغا قىلسا، كىتاب بىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلىم سوۋغا قىلدىم. ★ بوۋاينىڭ بالىلىرى ساندۇقتىكى ماللارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىر-بىرىدىن يوشۇرۇن دادىسىغا سوۋغا تەييارلاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: سوۋغات، تارتۇق، ئىنئام، ھەدىيە.

**سۇ** (ئىسىم) رەڭسىز، تەمسىز، پۇراقسىز سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئۇ سوغۇق نۆل گرادۇسقا چۈشكەندە مۇز بولۇپ قاتىدۇ. سېلسىيە 100 گرادۇسقا چىققاندا قاينايدۇ. مەسىلەن: سۇ ئىچمەك. سۇ قۇيماق. ★ ئاشخانىغا كۈندە ئەتىگەندە 15 چېلەك سۇ توشۇيمەن.

**سۇغىرىش** (پېئىل) ① سۇ يولىنى ئېچىپ، زىرائەت ئۆسۈملۈكلەرگە سۇ قويۇش. مەسىلەن: يەر سۇغىرىش، گۈل سۇغىرىش. ★ بۈگۈن سىنىپتىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار يەر چاندى، قىز ئوقۇغۇچىلار كۆچەت سۇغاردى. ② سۇ بېرىش، سۇ ئىچكۈزۈش. مەسىلەن: ماللارنى سۇغىرىش. ★ دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ئەكېلىش.

مەنىداش سۆزى: سۇ تۇتۇش، سۇ باشلاش.

**سۇۋاش** (پېئىل) بىرەر نەرسىنى ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ مەلۇم يېرىگە سۈركەش. مەسىلەن: تام سۇۋاش. ماي سۇۋاش. ★ ئۇلار خامانىدىن سامان ئەكېلىپ، لاي ئېتىپ، سېۋەتنىڭ ئىچىگە سۇۋاپ ئاندىن سۇ ئالغانىكەن، سۇ توختاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: لايداش.

**سۆرەش** (پېئىل) بىرەر نەرسىنى كۆتۈرمەي، يەرگە تەگكۈزۈپ ئالدىغا تارتىش؛ زورلۇق بىلەن ئېلىپ مېڭىش. مەسىلەن: مۈشۈكنى ھارۇنغا قاتساڭ، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ (ماقال). ★ دادام كېلىپ مېنى قولۇمدىن تارتقان پېتى سۆرەپ ماڭدى.

مەنىداش سۆزى: تارتىش.

**سۈپۈرۈش** (پېئىل) چاڭ-توزان، ئەخلەت-چاۋارلارنى سۈپۈرگە بىلەن يىغىپ چىقىرىۋېتىش؛ تازىلاش. مەسىلەن: ئۆي سۈپۈرۈش. سىنىپنى سۈپۈرۈش. ★ ئۇلار ئىگە-چاقىسى يوق قەبرىلەرنىڭ ئۈيلىرىنى سۈپۈرۈپ بېرىپ ياخشى ئىش قىلدى.

مەنىداش سۆزى: تازىلاش.

**سۈپۈرۈندى** (ئىسىم) ئۆي-ھويلا ئاراملارنى سۈپۈرگەندە چىققان كىرەكسىز نەرسىلەر. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار سىنىپنى سۈپۈرۈپ سۈپۈرۈندىسىنى ئەخلەتخانىغا ئاچىقىپ تۆكتى.

**سۈركەش** (پېئىل) ① مەلۇم نەرسىلەرنىڭ يۈزىنى، سىرتىنى باشقا بىر نەرسىگە تەگكۈزۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈش، غىرداش. مەسىلەن: ئەكبەر قولنى ئارغامچىدىن بوشىتىش ئۈچۈن، قازاننىڭ گىرۋىكىگە سۈركەپتۇ. ② ماي، شىلىم قاتارلىق يۇقىدىغان نەرسىلەرنى بىر نەرسىگە سۈرۈش، يۇقتۇرۇش. مەسىلەن: يۈزىگە ماي سۈركەش.

مەنىداش سۆزى: غىرداش، مىلەش، سۈرۈش.

**سۈركىلىش** (پېئىل) بىر جىسىم يەنە بىر جىسىم ئۈستىدە ھەرىكەت قىلغاندا، بۇ ئىككى جىسىم يۈزلىرى ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان بىر خىل قارشىلىق.
مەسىلەن: جىسىملار قانداق سۈركىلىشتىن زەرەتلىنىدۇ؟ بىلەمسىز؟

**سۈرلۈك** (سۈپەت) قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك. مەسىلەن: قاراڭغۇ كېچە قاتتىق بوراندا ھەر خىل سۈرلۈك ئاۋازلاردىن كىشىنى ۋەھىمە باساتتى.

مەنىداش سۆزى: ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق، ھەيۋەتلىك.

**سۈزۈش** (پېئىل) ① سۈزگۈچ ياكى باشقا نەرسە ئارقىلىق سۇيۇقلۇق ئىچىدىن، ياكى سۇيۇق ئارىلاشما نەرسىلەر ئىچىدىن كىرەكلىك قىسمىنى ئايرىپ ئېلىش. مەسىلەن: ئاش سۈزمەك.
★مايمۇنلار ئاينى سۈزۈۋالماقچى بولۇپ، قولنى سۇغا تەگكۈزگەن ھامان ئاي يوقاپ كېتىپتۇ. ② سۈزگۈچ بىلەن چاچتىكى يىلىم قېتىشمىسى ياكى پىت-سىركىلەرنى چىقىرىۋېتىش. مەسىلەن: سۈزگۈچتە سۈزسە چاچتىكى كىپەكنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ③ كۆچمە. قاش-قاپىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ نازلىنىش. مەسىلەن: قاپىقىنى سۈزۈش.

مەنىداش سۆزى: ئايرىۋېلىش، سۈزۈۋېلىش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**سۈزۈك** (سۈپەت) ھېچقانداق نەرسە ئارىلاشمىغان، پاكىز. مەسىلەن: — ئازگالنىڭ ئاستىدا سۈزۈك بۇلاق سۈيى بار ئىكەن، — دەپتۇ مايمۇن. ★سۈزۈك، ساپ ھاۋادا ياشىغاچقا، بىزىلاردىكى ئادەملەرنىڭ ئىككى مەڭزى قىپقىزىل تۇرىدۇ.

مەنىداش سۆزى: تىنىق، زۇلال، ئوچۇق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: لاي، دۇغ، تۇتۇق.

**سۈمۈرمەك** (پېئىل) سىرتتىكى نەرسىلەرنى دىمى بىلەن ئۆز ئىچىگە تارتىپ ئەكىرمەك؛ شوراپ ئىچمەك. مەسىلەن: ھەسەل ھەرىسى خۇشاللىق بىلەن ھەربىر گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىرنىسىنى سۈمۈرۈپتۇ. ★ ئەخمەق بالا تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىمەن دەپ بىرلا سۈمۈرۈۋىدى، يۆتىلىپ كېتىپ تاسلا قالدى ئۆلۈپ قالغىلى.

مەنىداش سۆزى: ئىچمەك، شورىماق.

**سېتكا** (ئىسىم) ① يىپ ياكى سىمدىن روجەك-روجەك قىلىپ توقۇلغان تور. مەسىلەن: ۋالىبول سېتكىسى. ② جەدۋەل. مەسىلەن: دەرس سېتكىسى. ★ ئۇ كۈندە مەكتەپكە ماڭغۇچە دەرس سېتكىسىغا قاراپ كىتاب-دەپتەرلىرىنى تولۇق ئېلىپ ماڭىدۇ.

**سېرىق** (سۈپەت) سامان، ئاپىلسىن، ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ رەڭگى. مەسىلەن: سېرىق سەبدەر گۈل سۇ ئۈستى باغچىسىدا بەك كۆپ. ★ سېرىق ماي بىلەن قىلغان قاتلىما، زىيان قىلمايدۇ، يەڭ.

**سېزىش** (پېئىل) سەزگۈ ئەزالىرى ۋە نېرۋىلىرى ئارقىلىق ھېس قىلىش؛ تۇيۇش، بىلىش. مەسىلەن: جەننەتگۈل ئۇنىڭ بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ تارقىلىۋاتقان ئەتىر پۇرىقىنى سەزدى. ★ ئۇ كىتاب ئوقۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ كەچ كىرگىنىنى سەزمەي قالدى.

مەنىداش سۆزى: ھېس قىلىش، بىلىش.

**سېغىنىش** (سۈپەت) ① يېقىن ئادىمىنى، يۇرتىنى، ۋەتىنىنى بەك گۆرگۈسى كېلىش. مەسىلەن: ئاپا، سەن ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، سېنى بەكمۇ سېغىنىدىم. ② ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يېگۈسى كېلىش.

مەسىلەن: بۇ چاغدا يۇرتىمىزدا ئۇچمە تازا پىشقاندۇ-ھە، ئەجەپمۇ سېغىندىم ئۇجمىنى.

**مەنىداش سۆزى:** ياد ئېتىش، ئەسلەش.

**سېلىش** (پېئىل) ① بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇش، قويۇش؛ تاشلاش. مەسىلەن: قولنى يانچۇقىغا سېلىش. ② يېشىپ ئۈستىدىن ئېلىۋېتىش. مەسىلەن: كىيىم سېلىش. ③ بىنا قىلىش، بەرپا قىلىش. مەسىلەن: ئۆۋا سېلىش. مەكتەپ سېلىش. ④ بىر نەرسىنى يېيىش، ئېچىش. مەسىلەن: كۆرپە سېلىش. ئۆيگە گىلەم سېلىش.

**سېلىشتۇرۇش** (پېئىل) ئىككى خىل ياكى كۆپ خىل شەيئىلەرنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش، تەڭلەشتۇرۇش. مەسىلەن: ئاخىرىدا مەكتەپ بويىچە سالامەتلىكنى تەكشۈرۈپ، سېمىز-ئورۇق، كۈچلۈك-ئاجىز، ئېگىز-پاكارلارنى سېلىشتۇرۇپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پەرقلەندۈرۈش.

**سېمىز** (سۈپەت) ① بەدىنىگە جىق ئەت قونغان، گۆشلۈك. مەسىلەن: سېمىز ئادەم. سېمىز بالا. ② ماي ۋە گۆشى جىق، سەمرىگەن (ھايۋانلار ھەققىدە). مەسىلەن: سېمىز قوي. ★ چارۋا ماللار بەك سېمىز، / يايلاقلاردا ئوتلايدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاۋاق، ئورۇق، قىرتو.

**سېنتەبىر** (ئىسىم) مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە توققۇزىنچى ئاي. مەسىلەن: 1-سېنتەبىر كۈنى مەكتىپىمىزدە ئوقۇش باشلاندى، بىز ئوقۇش قۇراللىرىمىزنى ئېلىپ، خۇشال-خۇرام مەكتەپكە ماڭدۇق.

**سېۋەت** (ئىسىم) ئىچىگە بىر نەرسە سېلىش ئۈچۈن، چىۋىق، سىم ۋە باشقا نەرسىلەردىن توقۇلغان قاچا. مەسىلەن: بوۋاي ئىككى ئوغلىنى چاقىرىپ «مۇشۇ سېۋەتتە لىق سۇ ئېلىپ كېلىڭلار!» ـ دەپتۇ.

**سىرت** (ئىسىم) ئۆي، ھويلا قاتارلىق مەلۇم قورشاۋدىكى دائىرىنىڭ تاشقىرىسى، تالا-تۈز. مەسىلەن: باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ شاخلىرى تامدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغۇدەك. ★ توگە سىرتقا چىقىپلا بېشىنى كۆتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ئېگىزدىكى يوپۇرماقلارنى بېيىشكە باشلاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: دالا، تالا.

**سىرتقى** (سۈپەت) تاشقى، سىرت تەرىپىدىكى؛ سىرت تەرەپكە جايلاشقان، سىرتقى تەرەپكە ئورۇنلاشقان. مەسلەن: ساۋاقداشلار! دەرسنى زېھن قويۇپ ئوقۇيلى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا پايدىلىق كىتابلارنى ئوقۇيلى.

مەنىداش سۆزى: تاشقى.

**سىزىش** (پېئىل) سىزىق تارتىش، سىزىق چىقىرىش، سىزىق پەيدا قىلىش ئارقىلىق، قەغەز، تاختاي، دوسكا قاتارلىقلارغا شەكىل چۈشۈرۈش. مەسلەن: بالىلار مىنى زاڭلىق قىلىپ دوسكىغا رەسىمىمنى سىزىپ، يېنىغا خەت يېزىپ قويۇپتىكەن، مۇئەللىم كىرىپ بالىلارغا ئەمدى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە تەربىيە بەردى، ★ ئۇ ئاستى سىزىلغان قۇرلارنى ئوقۇشقا باشلىدى.

**سىزىق** (ئىسىم) يازىدىغان، سىزىدىغان، ياكى يۇقىدىغان نەرسىلەر قالدۇرغان ئىنچىكە ئىز. مەسلەن: ئۇزۇن سىزىق. قىسقا سىزىق. ★مەكتەپنىڭ تام-ئىشىكلىرىگە ھەر تۈرلۈك سىزىق، رەسىملەرنى سىزىپ بۇلغىمايمەن.

مەنىداش سۆزى: جىجىق.

**سىلاش** (پېئىل) قولنىڭ ئالقىنىنى بوش، يۇمشاق تەگكۈزۈپ ئۇيان-بۇيان ھەرىكەتلەندۈرۈش. مەسلەن: مومىسى ئەلپىرەنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك باش-كۆزلىرىنى سىلاپ، باغرىغا مەھكەم بېسىپ، يەنە-يەنە پۇرايتتى.

**سىناق** (ئىسىم) بىرەر ئىش، مەھسۇلات، ئۇسۇل قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسى، خۇسۇسىيىتى، سۈپىتى، ياراملىقلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان. مەسلەن: مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى ئىگىلەش ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سىناق ئالىدىكەن. ★ بۈگۈنكى سىناقتا 100 نومۇر ئالدىم.

مەنىداش سۆزى: ئىمتىھان.

# ش

**شاپتۇل** (ئىسىم) ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ. كىچىك شاخلىرى سىلىق، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم ئېللىپىس شەكلىدە، گۈلى ھال رەڭ ۋە تاق ھالەتتە بولىدۇ. مېۋىسى سۇزۇنچاق، تۈكلۈك، تەمى تاتلىق، سورتى كۆپ، مېغىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن: نېمە دېگەن تاتلىق، سۇلۇق شاپتۇل بۇ.

**شادلىق** (ئىسىم) خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك، سۆيۈنۈش، خۇش بولۇش. مەسلەن: «1-ئىيۇن» باللار بايرىمىدا باللار چەكسىز شادلىق ئىلكىدە خۇشال-خۇرام ئويناشتى.

**مەنداش سۆزى:** خۇرسەنلىك، خۇشاللىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاپىلىق، پاراكەندىچىلىك.

**شار** (ئىسىم) نېپىز رېزىنكە، كاۋچۇك يالىتىلغان رەخت ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىپ ئىچىگە ھاۋا قاچىلىنىدىغان يۇمىلاق خالتىسىمان بۇيۇم. مەسلەن: باللار، ماگىزىنىدا 26 دانە قىزىل، 18 دانە سېرىق شار بار. ئەگەر گۈللۈك شارنىڭمۇ سانى سېرىق شار بىلەن ئوخشاش بولسا، ماگىزىندا جەمئىي قانچە شار بار؟

**شارقىراش** (پېئىل) «شار» قىلغان ئاۋاز چىقىرىش، «شار-شار» قىلىش. مەسلەن: يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. ★ دەريانىڭ سۈيى شارقىراپ ئېقىۋاتقانىكەن.

**شاش** (سۈپەت) ① تولۇق كۆندۈرۈلمىگەن، ئاسانلىقچە تۇتقىلى، باشقۇرغىلى بولمايدىغان. مەسلەن: شاش ئات. ★ ئاغزى يۇمشاق موزاي شاش كالىنىمۇ ئىمەلەيدۇ (ماقال). ② شوخ. مەسلەن: زېرەك بالا شاش ۋاقتىدا سالىدۇ تېزگىن.

www.uyghurkitap.com

مەنىداش سۆزى: تومسۇن، ئاساۋ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قاشاڭ، كۆنۈك، ياۋاش، كۆندۈرۈلگەن.

**شامال** (ئىسىم) ھاۋانىڭ يەر يۈزىنى بويلاپ ئېقىشى، ھاۋانىڭ ئاقما ھەرىكىتى. ھاۋا بېسىمىنىڭ تارقىلىشىنىڭ باراۋەر بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: تۈنۈگۈن كەچتە قاتتىق شامال چىقتى. ★ دادىسىنىڭ نەسىھىتى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: سەلكىن، بوران.

**شاللىق** (ئىسىم) شال تېرىلغان يەر، شال ئېتىزى. مەسىلەن: شاللىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئىككى قارلىغاچ ئۇچۇپ كەلدى.

**شانلىق** (سۈپەت) شان-شۆھرەتكە ئىگە، ياخشى نام چىقارغان، داڭلىق، مەشھۇر. مەسىلەن: پارتىيە بايرىقى پارتىيىمىزنىڭ سىمۋولى، ئۇ شانلىق تارىخقا ئىگە.

مەنىداش سۆزى: شەرەپلىك، شۆھرەتلىك، شەۋكەتلىك.

**شاۋقۇن** (ئىسىم) تۈرلۈك نەرسىلەردىن چىققان ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولۇپ، ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن كۈچلۈك ئاۋاز؛ ۋاڭ ـ چۇڭ. مەسىلەن: شاۋقۇن سالماق. ★ شاۋقۇن ئادەمگە زىيانلىق.

مەنىداش سۆزى: سۈرەن، چۇقان.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: جىمجىت، سۈكۈت.

**شەرەپ** (ئىسىم) پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان نەرسە ياكى ئىش؛ پەخىر، ئىپتىخار. مەسىلەن: سەمەت قاتىللارنى تۇتۇش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

مەنىداش سۆزى: شان، شۆھرەت، شەۋكەت.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: نومۇس، ئىزا-ئاھانەت، ئار-نومۇس.

**شەربەت** (ئىسىم) ① پىشقان ھۆل مېۋىلەرنىڭ تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى، شىرنە، مېۋە سۈيى. ② مېۋىنى مۇۋاپىق نىسبەتتىكى

سۇغا سېلىپ قايىنىتىشتىن ھاسىل بولغان سۇيۇقلۇق. مەسىلەن: ئانار شەربىتى. چىلان شەربىتى. ئەنجۈر شەربىتى. ★ 9-ئايدا تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى شەربەتكە تولىدۇ. ★ بىزگە ھەر يىلى يۇرتىمىزدىن ئۈزۈمە شەربىتى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئۇيقۇسىزلىققا دورا.

مەنىداش سۆزى: شىرنە، قىيام، شىرە.

**شوپۇر** (ئىسىم) ئاپتوموبىل، تىراموۋاي، پويىز قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى ھەيدىگۈچى كىشى. مەسىلەن: ماشىنىدا شوپۇر بىلەن جەمئىي بەش ئادەم بار ئىدى.

**شوخ** (سۈپەت) ① ۋاقىتنى ئويۇن بىلەنلا ئۆتكۈزىدىغان، ئويۇنغا ئامراق. مەسىلەن: دىلشات يۇرتىدىن شوخ ئوقۇغۇچىلاردىن بولسىمۇ، دەرس ئىنتىزامى ياخشى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ② كىشىگە شادلىق تۇيغۇسى ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، يېقىملىق، جۇشقۇن. مەسىلەن: شوخ مۇزىكا. شوخ پەدە. شوخ ناخشا.

مەنىداش سۆزى: كەيپسىز، تەنتەك، بەڭباش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ياۋاش.

**شوخلا** (ئىسىم) چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا يۇمشاق تۈكلىرى بار، گۈلى سېرىق، شىرنىلىك، شار شەكىللىك مېۋىسى كۆكتات قىلىنىدۇ. مەسىلەن: شوخلا بىلەن لازىنى توغراپ خام سەي قىلدىم.

مەنىداش سۆزى: پەمىدۇر.

**شوخلۇق** (ئىسىم) شوخ قىلىق، ئويۇنغا ئامراق مىجەز، خۇشخۇي خاراكتېر. مەسىلەن:-ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەمدى شوخلۇق قىلمايدۇ، راستىمۇ شاۋكەت؟-دېدى ئۇ بالىنى ئاقلاپ. — ★ مەن ئەمدى شوخلۇق قىلىپ دەرسخانىنىڭ تەرتىپىنى بۇزمايمەن، — دېدى قەلبىنۇر.

مەنىداش سۆزى: تەنتەكلىك، بەڭباشلىق، كەيپسىزلىك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ياۋاشلىق.

**شوراش** (پېئىل) تىلى، ئاغزى بىلەن شۈمۈپ، سۈمۈرۈپ ئىچمەك

www.uyghurkitap.com



تارتىش، ئىچىش. مەسىلەن: ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىلىرىنى قانغۇدەك شورىۋېلىپ گۈل چاڭلىرىغا مىلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. ★ بوۋاي چىلىمنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ يېنىدىكى ئايالىنى چاقىردى.

مەنىداش سۆزى: شۈمەش، شۈمۈرۈش.

**شولا** (ئىسىم) ① بىرەر جىسىمدىن تارقالغان يورۇقلۇق، نۇر، يالقۇن. مەسىلەن: ئاي شولىسى. ② ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ سۇدا پەيدا بولغان ئەكسى، سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىلگەن رەسىمى. مەسىلەن: قىز قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىنىڭ سۇدىكى شولىسىغا قاراپتۇ.

مەنىداش سۆزى: يورۇق، نۇر، كۆلەڭگە.

**شۇئان** (رەۋىش) ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىش، ۋەقە يۈز بەرگەن چاغ، ۋاقىت؛ شۇ ھامان. مەسىلەن: دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ساندۇق سۇ يۈزىدە بىرلا كۆرۈندى ــ دە، شۇئان غايىپ بولدى.

مەنىداش سۆزى: شۇ ھامان، شۇ زامان.

**شۇ ئەسنادا** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ۋەقە، ئىش يۈز بەرگەن بەلگىلىك ۋاقىتتا. مەسىلەن: ئۇ ناھايىتى قىزغىن سۆزلەۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا ئۆيىگە بىر نەرسە كەلدىمۇ، قولنى كۆتەرگىنىچە توختاپ قالدى.

مەنىداش سۆزى: شۇ چاغدا.

**شۆلگەي** (ئىسىم) رېفلېكس تەسىرىدە ئېغىز بوشلۇقىدا پەيدا بولىدىغان سۇيۇقلۇق، شال. مەسىلەن: شۆلگەي بېزى. ★ تۈلكە نىمە قىلىشىنى بىلمەي، ئاغزىدىن شۆلگىيىنى ئېقىتىپ، تۇمشۇقىنى يالاپ، تورنىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

مەنىداش سۆزى: شال، سىرىقسۇ، شالۋاق.

**شېرىن** (سۈپەت) ① تاتلىق، مەززىلىك، لەززەتلىك، شېرىنسى كۆچلۈك. مەسىلەن: ئۈنىڭغا شۇنداق بىر ئۆستەڭ ئۇچرىدىكى، تاشلىرى مەرۋايىت، سۈيى ھەسەلدىن شېرىن، سۈتتىنمۇ ئاق ئىدى. ② كۆچمە. كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان. مەسىلەن: شېرىن سۆھبەت. شېرىن سۆز. ★ پۈتۈن ئۆيلەرنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ، كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

مەنىداش سۆزى: لەززەتلىك، تاتلىق.

**شىبە** (ئىسم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىرى بولۇپ، ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان. يەنە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنياڭ، يىشيەن فىڭچېڭ ۋە جىلىن ئۆلكىسىنىڭ فۇيۈ قاتارلىق جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان.

**شىپاڭ** (ئىسم) باغ ۋە ھويلىلارغا سېلىنغان، تۆت ئەتراپى ئوچۇق، ئۈستى يېپىق، سەگىدەيدىغان ئورۇن. مەسىلەن: بىر يىلى يازدا، ئاپىسى شىپاڭ يېنىدىكى گىلاسلارنى كۆرسىتىپ، بۇ ئۈچ تۈپ گىلاسنى يېمەڭلار دەپتۇ. ★ خەلق باغچىسىدا ناھايىتى چىرايلىق شىپاڭلار بار.

مەنىداش سۆزى: راۋاق، پېشايۋان.

**شىپاڭشىش** (پېئىل) مىدىرلاش، سىلكىنىش، بىر ئۇيان بىر بۇيانغا يېنىك تەۋرىنىش، پۇلاڭشىش (قۇيرۇق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە). مەسىلەن: — ۋاي، ئۆيگە بېرىپ ئانامدىن سوراپ باقاي، — دەپ تايچاق شىپاڭشىپ تۇرغان قۇيرۇقنى سۆرەپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: پۇلاڭشىش، سىلكىنىش.

**شىرنە** (ئىسم) ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، گۈلى، غولى ياكى بەزى ماددىلار تەركىبىدە بولىدىغان شېرىن سۇيۇقلۇق. مەسىلەن: ئۈزۈم شىرنىسى. قوغۇن شىرنىسى. ★ ھەسەل ھەرىلىرى گۈل شىرنىلىرىنى يىغىپ ھەسەل چىقىرىدۇ. ② ھۆل ياكى قۇرۇق مېۋىلەر ۋە بەزى زىرائەتلەردىن قايىنىتىپ ئېلىنغان قىيام. مەسىلەن: شىرنە قايناتماق.

مەنىداش سۆزى: شەربەت، قىيام.

**شىلدىر-شىلدىر** «شىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. مەسىلەن: سىماپتەك سۈزۈك تاغ سۈيى، تاغ توخۇسىنىڭ چىللاشلىرىغا جۆر بولۇپ شىلدىر-شىلدىر قىلىپ ئېقىۋاتاتتى. ★ شىلدىر-شىلدىر قومۇشقا، / شەبنەم چۈشتى

www.uyghurkitap.com

نىمىشقا. / قەدىر بىلمەس نادانغا، / كۆڭلۈم چۈشتى نىمىشقا (قۇمۇل قوشىقى).

**شىلىم** (ئىسىم) قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە چاپلاش، يەملەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يېلىمسىمان سۇيۇقلۇق. مەسىلەن: شىلىم سۈرمەك. ★ مەن كىچىك ئاپتوموبىل ياساش ئۈچۈن، قەغەز، قايچا، سەرەڭگە، مىق، شىلىم قاتارلىقلارنى ھازىرلاپ قويدۇم.

**شىمال** (ئىسىم) دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنىڭ بىرى، جەنۇبنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپ. مەسىلەن: سەھەر تۇرۇپ قۇياش چىققان تەرەپكە يۈزلەنسىڭىز سول تەرىپىڭىز شىمال بولىدۇ. ★ شىمال شاملى قاتتىق گۈركىرەپ باھار كەلدى دېگەن كىم، دەپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** تەسكەي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** جەنۇب.

**شىمايلاش** (پېئىل) ئارقىسىغا قايرىپ تۇرۇپ، يۇقىرى تەرەپكە سۈرۈش، تۈرۈش. مەسىلەن: ئانا سابىرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى ــ دە، يەڭلىرىنى شىمايلاپ يوغان داسقا چىلاپ قويغان كىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** تۈرۈش.

## غ

**غادىيىش** (پېئىل) ① قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، گەۋدىسىنى ئارقىغا تاشلاپ تۇرۇش، بويىنىنى تىك قىلىۋېلىش. مەسىلەن: ئۇنچىۋالا غادىيىۋالماي ئەركىنرەك ئولتۇرغىنچۇ. ② ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، ئۆزىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىش. مەسىلەن: خوراز قورساقى تويغاندىن كېيىن، غادىيىپ ناخشا ئېيتقان پېتى بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېگىلىش.

**غاز** (ئىسىم) بىر خىل قۇش، پەي-تۈكلىرى ئاق ياكى كۆلرەڭ، پېشانىسىدە گۆشلۈك ئۆسىمى بار. بويىنى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ياپىلاق، پۇتى پەنجىلىك، سۇ ئۈزەلەيدۇ. مەسىلەن: مەن سەھەر تۇرۇپ غازلارغا قوناق چېچىپ بەردىم. ★ «ئاپپاق-ئاپپاق غازچاقلار، / سەپىرىڭلار قاياققا؟ » / غازلار جاۋاب بېرىپتۇ: / «ئىسسىق ياققا جەنۇبقا».

**غايە** (ئىسىم) كەلگۈسى شەيئىلەر ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ياكى ئارزۇ، ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ يۇقىرى مەقسەت؛ تىلەك، ئارمان، ئىستەك، ئۈمىد، ئوي، نىيەت. مەسىلەن: مېنىڭ بىردىن بىر غايەم چوڭ بولغاندا دوختۇر بولۇش.

**مەنىداش سۆزى:** ئارزۇ، ئارمان، تىلەك.

**غايىب بولۇش** تۇيۇقسىز كۆزگە كۆرۈنمەسلىك، يوقىلىش، يوقاپ كېتىش. مەسىلەن: ھېلىقى شەپكىلىك ئادەم كەينىگە قاراپ-قاراپ قويدى — دە، قوناقلىق ئارىسىغا كىرىپلا كۆزدىن غايىپ بولدى. ★ كەپتەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** يوقىلىش.

**غايىلىك** (سۈپەت) غايىسى بار، غايىگە ئىگە. مەسىلەن: غايىلىك ئادەم. ★ غايىلىك كىشىلەر، تۇرمۇشتا ھامان قىزغىن كېلىدۇ. ★ بىز غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك كىشىلەردىن بولايلى!

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غايىسىز.

**غەزەپ** (ئىسىم) ھەددىدىن زىيادە نەپرەت، ئاچچىق. مەسىلەن: غەزىپى كەلمەك. ★ ئاچچىقىنى باسالماي قالغان ئاكام غەزەپ بىلەن ۋارقىراپلا كەتتى. ★ دادام غەزىپىگە پايلىماي چېچىلىپلا كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاچچىق، جۇدۇن، قەھر، زەردە، نەپرەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇشال.

**غەلىبە** (ئىسىم) ① ئۇرۇش ۋە جەڭلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۇستۇنلۇك، مۇۋەپپەقىيەت؛ زەپەر. مەسىلەن: غەلىبە قىلماق. غەلىبە قازانماق. ② بىرەر ئىشتىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە،

www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەت. مەسىلەن: بۇ يىل باھاردا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق.

مەنىداش سۆزى: زەپەر، مۇۋەپپەقىيەت.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مەغلۇبىيەت.

**غەلىبىسېرى** (رەۋىش) غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قوچۇپ، غەلىبىدىن-غەلىبىگە قاراپ، ئۈزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئۈزلۈكسىز نەتىجىگە ئېرىشىپ. مەسىلەن: جەڭچىلىرىمىز ھەل قىلغۇچ جەڭلەردە غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننى ئۆزۈل-كېسىل يوقاتتى.

**غەم** (ئىسىم) ① ئەندىشە، تەشۋىش، ئەنسىرەش. مەسىلەن: غەم قىلماق. غەمدە قالماق. ★ ئەرنىڭ غېمى ئەلدە (ماقال). ② كۆچمە. تەييارلىق، ھازىرلىق. مەسىلەن: كەنتتىكىلەر مال-چارۋىلارنى قىشتىن ئامان-ئېسەن ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ. ★ ئاپام بىزنىڭ غېمىمىزنى يەپ خاتىرجەم ئوقۇشىمىز ئۈچۈن، ئۆزى تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى.

مەنىداش سۆزى: ئەندىشە، تەشۋىش، ھەسرەت، قايغۇ.

**غەيرەت** (ئىسىم) بىرەر ئىشنى تېزرەك ئورۇنداشقا بولغان ئىنتىلىش، تىرىشچانلىق، جاسارەت. مەسىلەن: غەيرەت قىلماق. ★ ھۆرۈننىڭ غەيرىتى ئىش تۈگىگەندە كېلەر (ماقال).

مەنىداش سۆزى: جاسارەت، شىجائەت، جۈرئەت.

**غەيرەتلىك** (سۈپەت) غەيرىتى بار، جۈرئەتلىك، جاسارەتلىك. مەسىلەن: — يارايسەن ئوغلۇم! مۇشۇنداق غەيرەتلىك بولساڭ، چوڭ بولغاندا راستىنلا ياراملىق ئادەم بولغۇدەكسەن! — دەپ ماختىدى تاغام.

مەنىداش سۆزى: جۈرئەتلىك، جاسارەتلىك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: غەيرەتسىز، جۈرئەتسىز.

**غەيرى** (سۈپەت) ① باشقىچە، ئۆزگىچە، باشقا. مەسىلەن: ئۇنىڭ قىزغا تىكىلگەن قارا كۆزلىرىدە كۈچلۈك بولغان بىر خىل غەيرى ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى يېغىپ تۇراتتى. ② ناتونۇش، يات، يوچۇن. مەسىلەن: غارنىڭ ئىچى ئانچە

چوڭ بولمىسمۇ، ئەلگە ئۇنىڭ ئىچىدىكى غەيرى تاشلار ئاجايىپ سۇرلۇك كۆرۈندى.
مەنىداش سۆزى: ئۆزگىچە، باشقىچە.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئادەتتىكىچە، ئادەتتىكىدەك.

**غول** I ‹ئىسىم› ① ئوڭ مۇرباشتىن سول مۇرباشقىچە بولغان ئارىلىق ياكى دۈمبىنىڭ يۇقىرى قىسمى. مەسىلەن: مۇئەللىم زاكىرنى غولىدىن ئىتتىرگىنىچە سىنىپتىن ھەيدەپ چىقاردى. ② ئۆسۈملۈكنىڭ غولى، يۇقىرىسى يوپۇرماق، گۈل، مېۋە بىلەن، تۆۋەن تەرىپى يىلتىز بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئۇ، ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار (ماقال). ③ سۇ يولى. مەسىلەن: كەلكۈن غولغا پاتماي ئېقىۋاتىدۇ.

**غول** II ‹سۈپەت› ① كۆپ، جىق، مول. مەسىلەن: سۈيۈك غول، ھوسۇلۇڭ مول (ماقال). ② تەكتى، ئەسلى. مەسىلەن: بۇ ئادەملەر تېگىدىن باي، غولى چىڭ ئادەملەر.

**غوۋغا** ‹ئىسىم› ئۇرۇش-جېدەل، ماجىرا؛ قىيا-چىيا. مەسىلەن: غوۋغا چىقارماق. ★ ئاشخانىدا لۈكچەكلەر غوۋغا كۆتۈرۈپ، بىرقانچە جوزىنى ئۆرۈپ، چىنە-قاچىلارنى سۇندۇرۇپ خېلى كۆپ زىيان سالدى.
مەنىداش سۆزى: جېدەل، ماجىرا.

**غۇچچىدە** ‹رەۋىش› زىچ ھالدا، چىقلا، نۇرغۇن. مەسىلەن: قوغۇنلۇققا يانداپ كۆچۈرۈلگەن شوخلا، لازىلارمۇ تېزلا ئايىنىپ، غۇچچىدە چېچەكلىدى. ★ كۈزدە مېۋىلىك دەرەخلەردە غۇچچىدە مېۋىلەر پىشىپتۇ. ★ بۇ قوينىڭ قۇيرۇقىنى قازانغا سالساڭ غۇچچىدە ماي چىقىدۇ دېگىنە.
مەنىداش سۆزى: قويۇق، زىچ، بولۇق، غىچچىدە.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاندا-ساندا، ئانچە-مۇنچە.

**غۇربەتچىلىك** ‹ئىسىم› يوقسۇللۇق، نامراتلىق، كەمبەغەللىك، مۇساپىرلىق، غۇربەت قاپلىغان ھالەت. مەسىلەن: ئاشۇ كۈنلەردە ئانام ئاغرىق، دادام ئىشسىز بولغاچقا، بىز بەك غۇربەتچىلىكتە كۈن ئۆتكۈزەتتۇق. ھازىر كۈنىمىز ياخشى بولۇپ كەتتى. ★ بوۋاينىڭ ئۆيىنى غۇربەتچىلىك بېسىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كەمبەغەللىك، نامراتلىق، يوقسۇزلۇق، مۇھتاجلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باياشاتچىلىق، مولچىلىق، توقچىلىق.

**غۇنچە** ① (ئىسىم) تېخى ئېچىلمىغان ياكى بەرگىلىرى تېخى يېيىلمىگەن گۈل؛ گۈل تۈگۈنى. مەسىلەن: قىز پېشكىدە كۆلۈۋىدى، ئالۇچىدەك قىپقىزىل كالپۇكى خۇددى غۇنچىدەك كۆرۈندى. ② (سۈپەت) ياش، يىگى. مەسىلەن: غۇنچىدەك ئۆسمەكتىمەن، / مەكتىپىم گۈلشەن ئارا.

**مەنىداش سۆزى:** پورەك، تۈگۈن.

**غۇنچىلاش** (پېئىل) غۇنچە تۈگۈش، غۇنچە چىقىرىش. مەسىلەن: باغدا تولغان گۈل غۇنچە / شاخ-شېخى ئېگىلگۈچە. ★ ئاپام شۇنداق جىق غۇنچىلاپ كەتكەن بىر تەشتەك ئانارگۈل سېتىۋاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پورەكلەش، چېچەكلەش.

**غىرىچ** (ئىسىم) قولنى كەرگەندە باش بارماقنىڭ ئۇچىدىن چىمچىلاق قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ ئارىلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئىككىمىزنىڭ پارتىسىدا بىر غىرىچ يەر بىكار قالدى. ★ غىرىچنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەمئىي قانچە سانتىمېتىر؟

**غېمىنى يېيىش** مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇ نەرسىنىڭ غېمىدە بولۇش، ۋە شۇ نەرسىنى ئويلاش، غېمىنى قىلىش. مەسىلەن: ئاپام ھەر ۋاقىت ئۆيدىكىلەرنىڭ غېمىنى يەپلا يۈرۈيدۇ. ★ قىشنىڭ غېمىنى يىمەك. ★ ئۇ ئۆز ئىستىقبالىنىڭ غېمىنى يەيتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەنسىرەش، دەككە-دۈككە بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غەم يېمەس، بىغەم.

**غىچىلداش** (پېئىل) ئىشىك، كارىۋات قاتارلىقلارنىڭ سۈركىلىشىدىن «غىچ-غىچ» قىلىپ ئاۋاز چىقىش، «غىچ-غىچ» قىلىش. مەسىلەن: كىيسەللەر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى بىرنەچچە قېتىم غىچىلدىدى.

**مەنىداش سۆزى:** غىچىرلاش.

www.uyghurkitap.com

## ف

**فامىلە** (ئىسىم) ئادەملەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، شۇ كىشىنىڭ ئاتا-بوۋىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: رۇخسەت سوراش خېتىنىڭ ئاخىرىغا ئىسىم فامىلە، ئاي، كۈن يېزىلىدۇ.

**فورما** (ئىسىم) ① بىرەر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكلى، نۇسخىسى، پاسونى. مەسىلەن: ئۇ شەھەر فورمىسىدا سىپلىنىغان كۆك دەرۋازىلىق يوغان هويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ② مەلۇم ساھە كىشىلىرىگە مەخسۇس تىكىلگەن، بەلگىلىرى ئوخشاش بولغان كىيىم. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار فورمىسى كىيگەن باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى بىر خىلدا رەتلىك تىزىلغانىدى.

## ق

**قاپاق** (ئىسىم) كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى يەر بېغىرلاپ، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. مېۋىسىنى خام ۋاقتىدا كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ. دورىلىق قىممىتى يۇقىرى، پىشقاندىن كېيىن قاچا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان تۈرى كۆپ ئۆسۈملۈك. مەسىلەن: مەن بۈگۈن قاپاق مانتىسى ئەتتىم. ★ پاھ-پاھ ئەجەب مۇزدەك قاپاق چىيى ئىكەن بۇ.

**قاپچۇق** (ئىسىم) تېرە، رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئىچىگە بىرەر نەرسە سېلىپ ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن خالتا. مەسىلەن: ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يانچۇقىدىن تاماكا قاپچۇقىنى ئالدى. ★ ئۇ بىر دانە پۇل قاپچۇقى تېپىۋېلىپ مەكتەپكە تاپشۇرغاندى.

**قاپلاش** (پېئىل) ① ئۈستىنى، سىرتىنى قاپ ياكى باشقا نەرسە بىلەن ئوراش، يۆگەش. مەسىلەن: ئاپىسى يوتقانلارنى تىكىپ، ياستۇق قاپلىرىنى قاپلاپ تەييار قىلىپ بولغانىدى. ② ئۈستىنى ياكى ھەممە يېرىنى بېسىش. مەسىلەن: ھازىر ئۇ يەرنى مۇز قاپلاپ كېتىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پۈركەش، ئوراش.

**قاتناش** (ئىسىم) يول ۋە يولۇچى توشۇش ئىشلىرى؛ ترانسپورت. مەسىلەن: قاتناش قوراللىرى. قاتناش قائىدىسى. ★ باللار مەكتەپتىن قايتقاندا قاتناش بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىپ قالايمىقان كوچىنى كېسىپ ئۆتمەسلىكى كېرەك.

**قاتنىشىش** (پېئىل) ئىشتىراك قىلىش، قەدەم تەشرىپ قىلىش، داخىل بولۇش. مەسىلەن: سۇلتان بىلەن ئىسمايىل كۈندۈزدىكى تويغا قاتنىشالمىغان بىلەن كەچكى ئولتۇرۇشقا قاتناشتى. ★ ئادىلە سىلەرنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن. ★ ئۇ بۈگۈن مۇسابىقىغە قاتناشماقچى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىشتىراك قىلىش، داخىل بولۇش.

**قاچا** (ئىسىم) ① غىزا، تاماق ئېلىنىدىغان، ئۇسۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، كۆپىنچە چىنىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچەرسەن (ماقال). ② نەرسىلەرنى قاچىلاپ ئېلىپ قويغىلى بولىدىغان ئىچى بوش نەرسە. مەسىلەن: ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق.

**قار** (ئىسىم) ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0°C تىن تۆۋەن بولغاندا، ھاۋا قاتلىمىدىكى سۇ پارىنىڭ قېتىشى نەتىجىسىدە ھاۋا بوشلۇقىدا شەكىللىنىپ چۈشىدىغان، ئاق رەڭلىك كرىستال. مەسىلەن: مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىكى قار قاپلىغان كۆچەتلەر خۇددى ئاق مونچاق تاقىغاندەك ناھايىتى گۈزەل تۇسكە كىردى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يامغۇر.

**قارا** ① (سۈپەت) كۆمۈر ياكى قازاننىڭ كۈيىسى رەڭگىدىكى، «ئاق»

نىڭ ئەكسى. مەسىلەن: قارا چاچ. قارا كۆز. ★ ئەتراپىنى بىردەمدە قارا بۇلۇت قاپلاپتۇ. ② (ئىسىم) كۆچمە. تۆھمەت، بۆھتان، بەتنام. مەسىلەن: قارا چاپلىماق. ③ (ئىسىم) كۆچمە. ئۆلۈم-مۇسىبەت ئىشلىرىدا ھازىدارلار ئۆز قايغۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كىيىۋالىدىغان قارلىق كىيىم. مەسىلەن: بۈگۈن ساۋاقدىشىم نىلۇپەر قارا كۆڭلەك كىيىۋالغان ئىكەن، نېمە ئىش بولدى، دەپ سورىسام، دادام تۈگەپ كەتتى، دېدى. ④ (ئىسىم) ئوۋ ئاتقاندا چەنلىنىدىغان نىشان، قارا تاختا، نومۇرلۇق چەمبەر. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى قارىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تەگدى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاق.

**قارا چېكەتكە** بىر خىل ھاشارات، تېنى قارا قوڭۇر، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى ئۇزۇن، ئارقا پۇتى چوڭ، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. قۇيرۇقىدا بىر جۈپ قىلچىقى بولىدۇ. چىشىسىنىڭ قىلچىقى ئارىسىدا تۇخۇم سېلىش نەيچىسى بولىدۇ. ئەركىكى سوقۇشقاق كېلىدۇ. قانىتىنىڭ سۈركىلىشىدىن ئاۋاز چىقىدۇ. نەم قاراڭغۇ جايدا ياشاپ، ئۆسۈملۈك يىلتىزى، ئۇرۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دېھقانچىلىققا زىيانلىق.

**قارچىغا** (ئىسىم) يىرتقۇچ قۇشلار تۈركۈمىدىكى بىر خىل ئوۋقۇشى. تۇمشۇقى ئىلمەك، تىرنىقى ئۆتكۈر، كۆرۈش قۇۋۋىتى يۇقىرى. مەسىلەن: دادامنىڭ بىر قارچىغىسى بار ئىدى. داۋاملىق ئوۋ ئوۋلاپ تۇرغاچقا ئۆيدە گۆشسىز تاماق يېمەيتتۇق.

**قاراش** (پېئىل) كۆرۈش ئۈچۈن كۆزنى بىرەر تەرەپكە، نەرسىگە، ياكى بىركىمگە قارىتىش. مەسىلەن: ئۇ ئاغزىدىكى گۆشنى پىششىق چايناپ يۇتۇۋېتىپ ئاپىسىغا قارىدى. ★ ئۇ كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىپ ھەر تەرەپكە قاراشقا باشلىدى.

**قازاق** (ئىسىم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ياكى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا، ئۈرۈمچىدىن قالسا گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە

جايلاشقان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت. مەسىلەن: قىز قوۋار قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى.

**قاسراق** (ئىسىم) بەزى يۇمشاق تەنلىك ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىرتقى قېپى، پوستى. ھايۋانلارنىڭ قاسرىقى قوغدىنىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: سۇ يۈزىدە بېلىق قاسرىقىدەك دولقۇنلار چىمىرلىشىپ كەتتى.

**قالدۇق** ① (سۈپەت) قېلىپ قالغان، ئېشىپ قالغان. مەسىلەن: قالدۇق دۈشمەن. قالدۇق سان. ② (ئىسىم) ماتېماتىكىدا بۆلۈش ئەمەلىدە ئېشىپ قالغان سان. مەسىلەن: يەتتىنى ئۈچكە بۆلسەك ئىككىدىن تەگسە، قالدۇق بىر بولىدۇ.

**قاماشتۇرۇش** (پېئىل) كۈچلۈك نۇر تەسىرىدىن كۆز خىرەلىشىش. مەسىلەن: ماشىنا چىرىغىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ئۇدۇل كەلگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى.

**قاملاشتۇرۇش** (پېئىل) كۆڭۈلدىكىدەك، كۈتكىنىدەك، جايىدا بولۇش. مەسىلەن: ئىلھام يالغان گەپنى خۇددى راستەكلا قاملاشتۇرۇپ دەۋاتاتتى. ★ ئاپام ئۆينىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قاملاشتۇرۇپ قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى.

مەنىداش سۆزى: ئەپلەشتۈرۈش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قاملاشتۇرالماسلىق، ئەپلەشتۈرەلمەسلىك.

**قاملاشمىغان** (سۈپەت) كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، ياخشى بولمىغان، بىمەنە، تېتىقسىز، تۇتۇرۇقسىز. مەسىلەن: ئەپەندىم مومدىن ياسالغان مىۋە قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى قاملاشمىغان بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ جوزا ئۈستىگە قويۇپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئوخشىمىغان.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قاملاشقان.

**قانات** (ئىسىم) قۇش ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئۇچۇش ئورگىنى. مەسىلەن: غازنىڭ قانىتى. كەپتەرنىڭ قانىتى. ★ قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ قۇيرۇقى بىلەن

قونار (ماقال).

**قانداق** (ئالماش) ① بەلگە، سۈپەت، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەت قاتارلىقلار ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بۇ قانداق كىتاب؟ ② قايسى خىلدىكى، قانداق تەرىزدىكى. مەسىلەن: يەنە قانداق ئىسىملار بار، بىز ياخشىسىنى تاللاپ قويايلى. ③ قايسى ئۇسۇلدا، قايسى يوسۇندا. مەسىلەن: سوپۇننى قانداق ئۇسۇلدا ياسايدۇ. ★ ئېلىپ قولغا قارىساڭ، / شۇئان ئىككى بولىسەن. / بولسا قانداق ئەيىبىڭ، / ئۇندىن ئېنىق كۆرىسەن.

**قائىدە** (ئىسىم) تۇرلۇك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان تەرتىپ؛ قانۇن. مەسىلەن: دەرس ۋاقتىدا قالايمىقان سۆز-ھەرىكەت قىلىش مەكتەپ قائىدىسىدە يوق. ★ قانداق بالا بۇ، قائىدە بىلمەيدىغان، قالايمىقان يەرگە تۈكۈرسە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

**مەنىداش سۆزى:** يوسۇن، تەرتىپ.

**قائىدە-تۈزۈم** قائىدە ۋە تۈزۈم. مەسىلەن: ھەرقانداق بىر ئورۇننىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدە-تۈزۈملىرى بولىدۇ. شۇڭا مەنمۇ بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىمەن.

**قاياق** (ئالماش) قايسى ياق، قايسى تەرەپ، قەيەر. مەسىلەن: سىز قاياقتىن كەلدىڭىز؟ ★ باھار شامىلى ئۆزىنىڭ قاياقلارغا كەتكىنىنى بىلمەي قاپتۇ. داللاردا شىمال شامىلى كۈركىرەپتۇ.

**قايتىش** (پېئىل) ئەسلى تۇرغان ياكى كەلگەن يېرىگە بېرىش. مەسىلەن: ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كەچلىرى ئۆيىگە قايتالماي، ئىشخانىدا قونۇپ قالىدىغان كۈنلىرىمۇ بولاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كېتىش، يېنىش

**قايىل** (سۈپەت) رازى بولۇش، لايىق كۆرۈپ ئېتىراپ قىلىش، تەن بېرىش. مەسىلەن: قايىل بولۇش. قايىل قىلىش. ★ — ئولتۇر ئاداش، — دېدى ياسىن، — مەن سېنىڭ غەيرىتىڭگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم، مۇندىن كېيىن چوقۇم سەندىن ئۆگىنىمەن. ★ ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىغا قايىل بولۇپ: — ناھايىتى ياخشى، ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

**قەپەس** (ئىسىم) قۇش ياكى ھايۋانلارنى ساقلاش، بېقىش ئۈچۈن سىم ۋە باشقا نەرسىلەردىن توقۇلىدىغان ساندۇق شەكىللىك بۇيۇم. مەسىلەن: ئۇ ئۆزىنى خۇددى قەپەسكە سولانغان قۇشتەك ھېس قىلاتتى.

**قەدەم** (ئىسىم) ئاياغ تاشلاپ قىلىنغان ھەربىر ھەرىكەت، چامدام، ماڭدام. مەسىلەن: ئۆچكە ئىشىكتىن كىرىپ، قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، باغدىكى ئوت-چۆپلەرنى ئالدىراپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: چامدام، ماڭدام.

**قەدىر** (ئىسىم) ① كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشكەن ئابرۇي، ھۆرمەت؛ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورۇن، نوپۇس. مەسىلەن: — ئاپامنىڭ قەدرى ئەجەپمۇ ئۆتۈلدى، — دېدى مەريەم، — ئاپام سىرتقا خىزمەتكە كەتكەندى، تاماقنى ۋاقتىدا يېيەلمەيۋاتىمىز. ② ئەھمىيەت، قىممەت. مەسىلەن: ئىشلىگەننىڭ قەدرىنى بىلىدىغان زامان ئەمدى كېلىۋاتىدۇ.

**قەرەل** (ئىسىم) مەلۇم ئىش، پائالىيەت ئۈچۈن ئالدىدىن بەلگىلەپ قويۇلغان ۋاقىت، مۇددەت، بەلگىلەنگەن چەك. مەسىلەن: گۈلەندەمنىڭ تويى قەرەلدە بولدى. ★ كىتابخانىدىن ئارىيەت ئالغان كىتابنىڭ قايتۇرىدىغان قەرەلى توشتى.

مەنىداش سۆزى: ۋاقىت، چەك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قەرەلسىز، مۇددەتسىز.

**قەغەز** (ئىسىم) خەت يېزىش ۋە رەسىم سىزىش، كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنى بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال. مەسىلەن: بۈگۈنكى تەبىئەت دەرسىدە بىز قەغەزدە پىرقىرغۇچ ياسىدۇق. ★ كوچىلارغا قەغەز پارچىلىرى، نان ئۇۋاقلىرىنى تاشلىمايمەن.

**قەغەز-قەلەم** قەغەز ۋە قەلەم، قەغەز قاتارلىق خەت يېزىشقا كېرەكلىك نەرسىلەر. مەسىلەن: ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپلا، قەغەز-قەلەملىرىنى جاي-جايىدا رەتلىك قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

**قەنت** (ئىسىم) ساپ شېكەردىن چاقماق ياكى كۇب شەكلىدە قاتۇرۇپ تەييارلانغان تەمى تاتلىق، شېرىن مەھسۇلات. مەسىلەن: داداڭلار

ئىبىتقان قەنت سالغان چاي ئەنە شۇ، تەر ئاققۇزۇپ بىگەن نان مۇشۇنداق تاتلىق بولىدۇ، دەپتۇ ئانىسى.

**قەھرىمان** ① (سۈپەت) باتۇر، قورقماس، مەردانە. مەسىلەن: قەھرىمان ئارمىيە. ② (ئىسىم) جەسۇر، باتۇر كىشى. مەسىلەن: ئۆزىنى قەھرىمان قىلىپ كۆرسەتمەك. ③ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاساسلىق قىلىپ بايان قىلىنغان پېرسوناژ، شەخس. مەسىلەن: باش قەھرىمان.

مەنىداش سۆزى: باتۇر، قەيسەر، يۈرەكلىك.

**قوبۇل** (ئىسىم) رازىلىق، قوللاش، ماقۇللۇق. مەسىلەن: قوبۇل كۆرمەك. ★ مەن ئوقۇتقۇچىلىرىمنى ھۆرمەتلەيمەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش قىلىپ، ئىبىتقان سۆزلىرىنى جان-دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: رەت (قىلىش).

**قوراللانماق** (پېئىل) ① قورالغا ئىگە بولماق، ئىرىشمەك. مەسىلەن: ئۇنىڭ شىبىرى كىشلەرنى قوراللىنىپ جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ② تۇرلۇك ئەمگەك قوراللىرى، جابدۇقلىرى بىلەن تەمىن ئېتىلمەك. مەسىلەن: ئۇرۇمچى خەلقى جوتۇ-گۈرجەكلەر بىلەن قوراللىنىپ قار تازىلاشقا ئاتلاندى. ③ كۆچمە. بىرەر مەقسەتكە يېتىش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاسىتىلەرگە ئىگە بولماق؛ ئۆگەنمەك. مەسىلەن: ئىلىم بىلەن قوراللانماق.

**قورچاق** (ئىسىم) ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ ياسالغان بالىلار ئويۇنچۇقى. مەسىلەن: لاتا قورچاق. ★ ئۇ قولىدىكى قورچىقىنى قويۇپ ئاچىسى قېشىغا كەتتى.

**قورشاش** (پېئىل) ئارىغا ئېلىش، قامال قىلىش، قورشاۋغا ئېلىش. مەسىلەن: بىز ئەتراپىنى قىلىن ئورمانلار قورشاپ تۇرغان بىر ئۆيگە كىردۇق. ★ بالىلار ھەر تەرەپتىن يۈگرەپ كېلىپ مۇئەللىمنى قورشىۋالدى.

مەنىداش سۆزى: قامال قىلىش، ئورنۇېلىش، ئارىغا ئېلىش، مۇھاسىرىگە ئېلىش.

**قورقماس** (سۈپەت) ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان، ئەندىشە

قىلمايدىغان، شىر يۈرەك، باتۇر. مەسىلەن: قورقماس شائىر ل.مۇتەللىپ ئۇفېتسىرگە غەزەپ بىلەن تۇكۈردى. ★ ئۇ ھېچ نەرسىدىن قورقماس ئادەم ئىدى.

مەنىداش سۆزى: باتۇر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك.

**قوغلىشىش** (پېئىل) قاچقان نەرسىگە يېتىشىش، ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تېز سۈرئەت بىلەن ئارقىسىدىن مېڭىش، يۈگۈرۈش. مەسىلەن: ئاينۇر ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئۇلار بىلەن بىر-بىرىنى قوغلىشىپ مۆكۈشمەك ئوينىدى.

**قوڭغۇز** (ئىسىم) قالقان قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ئورتاق نامى، تېنىنىڭ سىرتىدا قاتتىق قېپى بولىدۇ. ئالدىنقى قانىتى مۈڭگۈز ماددىلىق، قېلىن ھەم قاتتىق، ئارقا قانىتى پەردىلىك. مەسىلەن: باللار سىلەر بىلمەيسىلەر، تاغ قۇشقىچىنىڭ تۇتقىنى دەرەخ پوستى ئەمەس، سېرىق قوڭغۇز، ئۇلار مېۋە شىرنىسىنى ئوغرىلىقچە يەيدۇ.

**قول سېلىش** بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ئۆزى بىۋاسىتە ئارىلىشىش، ئىشلەش. مەسىلەن: ساۋاقداشلار، ئۆزۈڭلار قول سېلىپ ئىشلەپ بېرىدىن تارازا ياساپ كېلىڭلار!

مەنىداش سۆزى: قول تىقىش.

**قوللىنىش** (پېئىل) بىرەر ئىشنى ياكى بىرەر پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىش. مەسىلەن: ئۆي كۆچكەندە مەنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى توشۇشۇپ بەردىم، كۆتۈرەلمىسەم، ئىتتىرىش، سۆرەش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. ★ تۆلكە قاغىنىڭ ئاغزىدىكى گۆشكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالداش ھىيلىسىنى قوللىنىپتۇ.

**قولۋاق** (ئىسىم) دېڭىزغا يېقىن سۇ يۈزى ياكى كۆل-دەريالاردا، سەيلە-ساياھەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان 3-4 ئادەم سىغىدىغان كېمە، پالاق بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. مەسىلەن: قولۋاق ھەيدىگۈچى. قولۋاق سەيلىسى. ★ بىز باللار بايرىمىدا سۇ ئۈستى باغچىسىدا قولۋاق بىلەن ئوينىدۇق.

**قومۇش** (ئىسىم) باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان

غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئۇنىڭدىن بورا توقۇغىلى، قەغەز ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بىر قومۇشنى ئىككى غاز، / ئىككى ياقتىن چىشلەپتۇ. /ئوتتۇرىسىدىن پاقىمۇ، / راسا مەھكەم چىشلەپتۇ.

**قونۇش** (پېئىل) ئۇچۇشتىن توختاپ يەرگە ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئورۇنلىشىش، ئولتۇرۇش. مەسىلەن: بالا قۇش ئۇچۇشنى بىلەر، قونۇشنى بىلمەس.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇچۇش.

**قوي** (ئىسىم) سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، يەنى كۆشىگۈچىلەرنىڭ بىر تۈركۈمى، ئومۇمەن بېشىدا مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئادەتتە يۇڭىنى، گۆشىنى، سۈتىنى ۋە مېيىنى ئېلىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ. مەسىلەن: قويلار بىرىنچى ئايدىن باشلاپ قوزىلاشقا باشلىغانىدى، ھازىر قوزىلار خېلى چوڭىيىپ قالدى. ★ قويچى بولساڭ قويلىرىڭنى بىللە باقايلى.

**قۇچاق** (ئىسىم) ئادەم گەۋدىسىنىڭ ئىككى قولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باغىر قىسمى؛ ئىككى قولنى يايغاندا بىر قولدىن يەنە بىر قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق. مەسىلەن: ئاچىدۇ ھەر كۈن قۇچاق، / شۇ ئانا مەكتەپ ماڭا.

**قۇدرەتلىك** (سۈپەت) قۇدرىتى بار، قۇدرەت تاپقان، كۈچلۈك. مەسىلەن: قۇدرەتلىك قوشۇننىڭ كۈچىنى نامايان قىلىپ مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

**مەنىداش سۆزى:** كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاجىز، زەئىپ، كۈچسىز.

**قۇدۇق** (ئىسىم) ① سۇ ئېلىش مەقسىتىدە قېزىلغان، تېرەن، چوڭقۇرلۇق. مەسىلەن: قۇدۇق سۈيى. ★ كىچىك مايمۇن قۇدۇقنىڭ بېنىدا ئويناۋېتىپ، قۇدۇق ئىچىدىكى ئاينىڭ شولىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ② يەر ئاستى گازى، نېفىت ۋە كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىش ياكى تۇپراقنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قىزىلغان ناھايىتى تېرەن ئورا. مەسىلەن: نېفىت قۇدۇقى.

**قۇربان** (ئىسىم) ① بىرەر ياخشى ئىش، ياخشى مەقسەت يولىدا ئۆز

ھاياتىنى تەقدىم قىلغان، جان پىدا قىلغان كىشى. مەسىلەن: كىچىك قەھرىمان ۋاڭيۇ ياپونغا قارشى كۆرۈنۈشتە قۇربان بولغان، ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز. ② كۆچمە. تەبىئىي ئاپەت، ھادىسە قاتارلىقلاردا ھالاك بولغان ياكى زىيانغا ئۇچرىغان كىشى. مەسىلەن: جاھالەت قۇربانى. ③ بىرەر مەقسەتكە ئېرىشىش يولىدا تارتقان زىيان-زەخمەت، بەدەل، تالاپەت. مەسىلەن: قۇربان بەرمەك. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇربان ھېيت** مۇسۇلمانلار زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنىدىن باشلاپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكۈزىدىغان دىنىي بايرام، بۇ ھېيتتا گۆشى ھالال دەپ قارالغان قوي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلار ئۆلتۈرۈلۈپ قۇربانلىق قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ساۋاقداشلار مەسلىھەتلىشىپ قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى باھادىر مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە ھېيتلايدىغان بولدۇق.

**قۇرت** (ئىسىم) ھاشارات ۋە شۇ خىلدىكى كىچىك ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار. مەسىلەن: كۆك قۇرت. يۇڭلۇق قۇرت. ★ سوپسوپىياڭ بىر كىچىك قۇرتنى تۇتۇپ بىر بالىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

**قۇسۇش** (پېئىل) يېگەن-ئىچكەن نەرسىلىرى قورسىقىدىن يېنىپ كېتىش، ياندۇرۇپ تاشلاش، قەي قىلىش. مەسىلەن: بۇ بالا تاماق يېگىلى پەقەت ئۇنىمايدۇ، زورلاپ يېگۈزسە قۇسۇۋېتىدۇ. ★ يۇڭلۇق قۇرۇت، زىيانلىق، ئۇ يېپ قۇسۇپ يۇمران يوپۇرماقلارنى ئورايدۇ-دە، ئۆزى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، يوپۇرماق گۆشلىرىنى يەيدۇ.

مەنداش سۆزى: قەي قىلىش، ياندۇرۇش.

**قۇشقاچ** (ئىسىم) بىر خىل قۇش، بېشى يۇمىلاق قۇيرۇقى قىسقا، بېشى بوينى زېغىر رەڭ، دۈمبىسى سەپكۈنلۈك قارا قوڭۇر، قۇيرۇقى توق قوڭۇر قىسقا ھەم كىچىك بولۇپ ئۇزاققا ئۇچالمايدۇ، سەكرەشكە ماھىر. دان ۋە ھاشارەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر تاغ قۇشقىچى ئۇچۇپ كېلىپ، نەشپۈت دەرىخىگە قونۇپ ئۇنىڭدىن دەرەخ پوستىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسىنى تۇتۇۋاپتۇ.

**قۇل** (ئىسىم) ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى

دەۋرلىرىدە خۇسۇسىي مۈلۈك، مال-دۇنيا قاتارىدا ئېلىپ-سېتىلغان، تەقدىرى پۈتۈنلەي قۇلدارغا قاراشلىق بولغان، ئۆزى ھېچقانداق ھوقۇق ۋە مال-مۈلۈككە ئىگە بولمىغان چاكار. مەسىلەن: قۇل بازىرى. ★ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قانۇن بويىچە قۇللارنىڭ پەرزەنتلىرى يەنىلا قۇل بولاتتى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەركىن، ھۆر، ئازاد.

**قۇلاق** (ئىسىم) ① ئاڭلاش ئورگىنى. ② بەزى نەرسىلەرنىڭ تۇتىدىغان، ئېلىپ قويىدىغان، كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى. مەسىلەن: چېلەكنىڭ قۇلىقى يېرىلىپ كېتىپتۇ. ③ ئۆسۈملۈكنىڭ دەسلەپ چىقارغان يوپۇرمىقى، بەرگى ياكى بىخى. مەسىلەن: كۆممىقوناق مايسىسى ئىككى قۇلاق بوپتۇ.

**قۇلاق كەستى** كەپسىزلىك قىلىپ، ئىش تېرىپىلا يۈرۈيدىغان، يامان ئىش قىلىدىغان، ناچار باللارنى ھاقارەتلەپ ئېيتىلىدىغان ھاقارەت سۆزى. مەسىلەن: گۈلبوستان تازا قۇلاق كەستى بىر قىز، قىز باللىغا لايىق قىلىق قىلماي ئىش تېرىپىلا يۈرۈيدۇ.

مەنىداش سۆزى: كەپسىز، بىزەڭ.

**قۇلۇلە** (ئىسىم) يۇمشاق تەنلىك جانلىق تېنىنىڭ سىرتىنى كۈنلۈكسىمان ياكى ئېللىپىس شەكىللىك قاپچۇقلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇستىدە بۇرما شەكىللىك سىزىقلىرى بولىدۇ. ئېتىز قۇلۇلىسى ۋە دېڭىز قۇلۇلىسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**قۇۋۋەت** (ئىسىم) جانلىق ئورگانىزمنىڭ، شۇنىڭدەك ھەرىكەت قىلغۇچى ھەرقانداق جىسىمنىڭ بىرەر جىسىمنى ئىش ياكى ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى، كۈچى، ئېنېرگىيىسى. مەسىلەن: ئېلېكتر قۇۋۋىتى. سۇ قۇۋۋىتى. قەلەم قۇۋۋىتى. بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى. — ★ بەدەن قۇۋۋىتىڭىز بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، سىزگە قۇۋۋەت دورىسى يېزىپ بېرەي، — دېدى دوختۇر تومۇرۇمنى تۇتۇپ.

**قۇياش** (ئىسىم) سامانيولى سىستېمىسىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىرى، ئۇ ئوتلۇق گاز شارى بولۇپ، يەر شارىدىن نەچچە يۈز مىڭ ھەسسە چوڭ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەر شارى ۋە باشقا پىلانىتلار توختىماي ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىدۇ. مەسلەن: قۇياش بىلەن يەر شارىنىڭ ئارىلىقى 150 مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كۈن، شەمسى.

**قېرىنداش** (ئىسىم) ① بىر ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار، بىر تۇغقان. مەسلەن: ئۆيىدە ھازىر، ئاتا-ئانام، تۆت قېرىنداش ئالتە جان ئادەم بار. ② رەڭلىك ماتېرىياللارنى بىرىكتۈرۈپ قاتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدىغان، ئۇچلاپ ئىشلىتىلىدىغان قەلەم. مەسلەن: كاتەنىڭ ئىككى تال قېرىندىشى بار ئىدى.

**قېلىن** (سۈپەت) ① توم (نېپىزنىڭ ئەكسى). مەسلەن: قېلىن قار. ② كۆچمە. قاتمۇ-قات؛ نۇرغۇن، كۆپ. مەسلەن: گۈلقىز، راجى بالا بىلەن قېلىن ئورمانلىقتا قاراپ قاچتى. ③ كۆچمە. گەپ تەسىر قىلمايدىغان، ئىزا تارتمايدىغان، بىزەڭ، داپشاق، داپ يۈز. مەسلەن: يۈزى قېلىن خوتۇن. ★ يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى چىنىمنىڭ راھىتى (ماقال).

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نېپىز، يۇپقا.

**قېنىش** (پېئىل) ① ئۆزى تەلەپ قىلغان، ئېھتىياجلىق بولغان بىرەر ئىشقا، نەرسىگە تويۇش، قانائەت ھاسىل قىلىش، قانائەتلىنىش. مەسلەن: سۇغا قېنىش. ئۇيقۇغا قېنىش. ★ يىراقتىكى سۇدا ئۇسسۇزلۇق قانماس (ماقال). ② بىرەر ئارزۇ-ئارمانغا، مەقسەتكە، مۇرادىغا يېتىش. مەسلەن: بۇلۇقدىن بىلىمنىڭ / شەربىتى ئىچىپ قانمايمەن.

**مەنىداش سۆزى:** تويۇش، ئارزۇسىغا يېتىش، قانائەت قىلىش.

**قىپقىزىل** (سۈپەت) ① ناھايىتى قىزىل، بەك قىزىل، قېنىق قىزىل. مەسلەن: قىپقىزىل ئالما. قىپقىزىل ئانار. ★ قىپقىزىل ئالۇچىلار ئۆز شاخلىرىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. ★ تۇرسۇن ئۇنىڭ قىپقىزىل كۆزلىرىدىن قورقۇپ دېگىنىنى قىلىدۇ. ② كۆچمە. ئوچۇقتىن-ئوچۇق، ئۆتۈپ كەتكەن،

پۇتۇنلەي. مەسىلەن: قىپقىزىل زىيان. قىپقىزىل تۆھمەت. ★ سەن ھاراقنى تولا ئىچىۋېرىپ قىپقىزىل ساراڭ بولۇپسەن.

**قىچا** (ئىسىم) كىرىبىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، گۈلى سېرىق، ئومۇم گۈل رېتىمدە، مېۋىسى قىسقا مۈڭگۈزلۈك مېۋە، ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ. مەسىلەن: شاپتۇلنىڭ قىزغۇچ چېچەكلىرى، قىچىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك سېرىق چېچەكلىرى ئەتراپقا خۇشپۇراق چاچاتتى.

**قىرغاق** (ئىسىم) ① سۇنىڭ لېۋى، ياقىسى، ساھىل. مەسىلەن: دېڭىز قىرغىقى. ② يېيىق نەرسىلەرنىڭ چېتى، قىرى. مەسىلەن: كىتابنىڭ قىرغىقى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. ③ ئېتىز، يوللارنىڭ چېتى. مەسىلەن: يولنىڭ ئىككى قىرغىقى. ★ ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقىغا تىككەن دەرەخلەر ئېگىز ئۆسكەنىدى.

مەنىداش سۆزى: چېتى، ياقىسى، پېشى.

**قىرغىز** (ئىسىم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. قىرغىز مىللىتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردە قىرغىزىستاننىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: قىرغىزلارنىڭ قومۇزى بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.

**قىزىرىش** (پېئىل) ① قىزىل ياكى شۇنىڭغا يېقىن تۈس ئېلىش؛ قىزىل ياكى شۇنىڭغا مايىل رەڭگە، تۈسكە كىرىش. مەسىلەن: ئالمىلار پىشىپ قىزارغانىدى. ★ ئۇ ئازراق خىجىل بولسىلا يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى. ② ئاچچىقى كېلىش، خاپا بولۇش، ئاچچىقلىنىش. مەسىلەن: نېمانچە قىزىرىسەن، بولدى قىزارما.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تاتىرىش.

**قىزىقارلىق** (سۈپەت) كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان، دىققەت-ئېتىبارىنى تارتىدىغان، جەلپ قىلارلىق، كۆلكىلىك. مەسىلەن: بۇ كىتابتا قىزىقارلىق ھەر خىل شېئىر، چۆچەك، لەتىپە، مەسەل، ھېكايىلەر بار.

www.uyghurkitap.com



مەنداش سۆزى: كۆلكىلىك.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: زېرىكىشلىك.

**قىزىقىش** (پېئىل) ① بىرەر ساھە، ئىش ياكى نەرسىگە ئىشتىياق باغلاش، ھەۋەس قىلىش. مەسىلەن: شۇندىن كېيىن ئۇنىڭدا ئىلىم-پەنگە قىزىقىش باشلىنىدۇ. ② دىققەت-ئېتىبار بېرىش. كۆڭۈل قويۇش، بېرىلىش. مەسىلەن: مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئەنۋەر ئاكا قىزىقىپ ئاڭلىدى. ③ قىزىق تۇيۇلۇش، قىزىقارلىق بىلىنىش، قىزىقسىنىش. مەسىلەن: — نېمە؟ ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ؟ — لەيلىگۈل قىزىقىپ سورىدى.
مەنداش سۆزى: بېرىلىش، ئىشتىياق باغلاش.

**قىزىل** (سۈپەت) قان رەڭگىدىكى، قان رەڭلىك. مەسىلەن: ئۇ بىزنىڭ خورازغا ئوخشاش قىزىل خوراز ئىكەن. ★ قىزىل گالستۇك تاقىغان بىر بالا مېنى ئەكىلىپ قويدى.

**قىساس** (ئىسىم) يامانلىققا قارىتا ئۆز ئەينى ئېلىنىدىغان ھېساب، ئىنتىقام، ئەنت، ئۆچ. مەسىلەن: قىساس ئېلىش. ★ نۇرغا تەشنا خەلقىمىز، / سېغىنغانتى تاڭلارنى. / قىساس ئوتى يۈرەكتە، / ئۇرغۇتاتتى قانلارنى.
مەنداش سۆزى: ئىنتىقام، ئۆچ، ئەنت.

**قىساس ئېلىش** ئىنتىقامىنى، ئۆچىنى، ئەنتىنى ئېلىش. مەسىلەن: دېھقان بايدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن بىر كېچىدە باينىڭ مال قوتىنىغا ئوت قويۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.
مەنداش سۆزى: ئەنتىنى ئېلىش، ئۆچىنى ئېلىش، ئىنتىقام ئېلىش.

**قىسقىسى** (يۈكلىمە) قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يىغىپ ئېيتقاندا، گەپنىڭ بولار يېرى. مەسىلەن: ئۇ ئۆگىنىش، بۇ ئۆگىنىش قىسقىسى ھەممىسى ئۆزىمىزگە پايدىلىق. ★ قىسقىسى ۋەتەنگە يارامىلىق ئادەم بولمەن.

**قىسقۇچ پاقا** (ئىسىم) بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان، پۇتۇن تېنى قاسراقلىق، كۆزىنىڭ سېپى بار. توغرىسىغا ئۆمىلەيدۇ،

خىلىلىرى كۆپ. مەسىلەن: ساۋاقداشلار سىنىپتا قىسقۇچ پاقىنىڭ نەچچە پۇتى بار دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشتى.

**قىسىش** (پېئىل) كۈچ ياكى ئېغىرلىق بىلەن سىقىش، يىغىش. ئۇ بالا ئىشىكتىن قىسىلىپ كىرىپ كەلدى. ★ قوغۇندىن ئىككىنى قولتۇقىغا قىسىپ دادام يېتىپ كەلدى.

**قىممەتلىك** (سۈپەت) باھاسى يۇقىرى، قىممەت تۇرىدىغان ئەھمىيەتلىك، ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان. مەسىلەن: كىشىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەڭ بەختلىك، ئەڭ ئەزىز، ئەڭ شېرىن چاغلىرى — ياشلىق، باللىق دەۋرىدۇر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قىممىتى يوق، ئەرزىمەس.

**قىيىش** (پېئىل) ① قىڭغىر، ئەگرى بولۇپ قېلىش، ئېگىلىش. مەسىلەن: تاختاي ئاپتاپتا ئۇزۇن تۇرۇپ قىيىپ قاپتۇ. ② مەلۇم بىر ياققا چەتنەش، كەينىگە يېنىش. مەسىلەن: بالا بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە ئوينىپ كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈپتۇ.

مەنداش سۆزى: ئېگىلىش، قىيسىيىش.

## ك

**كاپۇستا** (ئىسىم) كرېستگۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يۇپۇرمىقى يوغان، سىلىق، سېپى قىسقا، نۇرغۇن يوپۇرماقلار قات-قات دەستىلىنىپ كاللەك ھاسىل قىلغان، گۈلى سېرىق ئادەتتىكى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ، كاللەكبەسەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: باللار كۆكتاتچى ھەدىلەرگە كاپۇستا توشۇشۇپ بەردى.

مەنداش سۆزى: كاللەكبەسەي.

**كاتەكچە** (ئىسىم) تۆت چاسا، چاقماق. مەسىلەن: كاتەكچە كۆڭلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كاتەكچە تولدۇرۇش. ★ — يوپايكىنى كاتەكچە قىلىپ توقۇتماقچى بولدۇم، — دېدى ئاپام.

**مەنىداش سۆزى:** چاقماق.

**كاتىپ** (ئىسىم) ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خەت ئالاقىلىرىنى، يىغىن خاتىرىلىرىنى يازىدىغان كىشى. مەسىلەن: كاتىپ ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن بىر تېلېگراممىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

**مەنىداش سۆزى:** خاتىپ، پۈتۈكچى.

**كارى بولماسلىق** پەرۋا قىلماسلىق، ئېتىبار بەرمەسلىك، چاتىقى بولماسلىق. مەسىلەن: شوپۇر يۈكنىڭ چۈشۈپ قالغىنى بىلەنمۇ كارى بولماي، ماشىنىنى قۇيۇندەك ھەيدەپ كېتىۋەردى.

**مەنىداش سۆزى:** پەرۋا قىلماسلىق، ئېتىبار بەرمەسلىك.

**كالا** (ئىسىم) سۈت ئەمگۈچى، تېنى چوڭ، ئاچا تۇياقلىق، مۈڭگۈزى بار، قۇيرۇقى ئۇزۇن، كۆشەيدىغان ھايۋان؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدۇ، سۈت ھەم گۆش بېرىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئىككىيلەن كالىنى تېپىپ ئۆينىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى سوراپتۇ.

**كالانپاي** (سۈپەت) قوپال، يوغان، كېلەڭسىز، ئىش قامالاشتۇرالمايدىغان. مەسىلەن: كالانپاي ئادەم. ★ — بالام قىز بالا دېگەن سىلىق ئىش قىلىپ ئۆگىنىدىغان، ئاستا ماڭماي ئورۇندۇقنى ئۆرۈپ يۈرگىنىڭ نېمىسى، — دېدى دادام.

**مەنىداش سۆزى:** قوپال، كېلەڭسىز، پالاكەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چاققان، تېتىك.

**كانايچى** (ئىسىم) ① كاناي چالىدىغان ئادەم، سىگنالچى. مەسىلەن: كانايچى جىددىي يىغىلىشقا كاناي چالدى. ② كۆچمە. تەشۋىقاتچى، جارچى. مەسىلەن: ئۇ بۇرژۇئازىيە تەربىيەدىن تارتىپ كېتىلگەن بىر نامرات كانايچى ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** جارچى، سىگنالچى.

**كاۋا** (ئىسىم) كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، پىلەك تاشلايدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى بەش بۇرجەك، يوپۇرمىقى

يۇرەك شەكلىدە، گۈلى سېرىق، تۈرى كۆپ، مېۋىسى ھەر خىل بولۇپ، سەي كاۋىسى، تونۇر كاۋىسى، مانتا كاۋىسى قاتارلىق تۈرلىرى بار، ھەممىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇرۇقى تېرىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: كاۋا، شېكەر سېيىش كېسىلىگە شىپا.

**كەپتەر** (ئىسىم) كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل قۇش، قانىتى چوڭ، ئۇچۇشقا ماھىر، تۈرلىرى كۆپ، پەيلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ھەر خىل رەڭدە بولۇپ، ئۆسۈملۈك دانلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئۆيلەردە بېقىلىدۇ؛ ئۇ دۇنيا بويىچە تىنچلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئاچلىققا چىدىماي بىرسىنىڭ ئۆيىگە كەپتەر ئوغرىلىغىلى چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

**كەچ** (ئىسىم) كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ئالمىشىش ئارىلىقىدىكى قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىت. مەسىلەن: مەن كەچ قالدىم. ★ تۈنۈگۈن كەچ بىز تەكرار قىلدۇق. ★ ئۇلار بۈگۈن كەچ ئويۇن قويىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئاخشام.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەھەر، ئەتىگەن.

**كەچكۈز** (ئىسىم) كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى. مەسىلەن: كەچكۈز زىرائەتلىرى. كەچكۈز كۈنلىرى. ★ كەچكۈز زىرائەتلىرىدىن ياڭيۇ، پۇرچاق، باتات، كۆممىقوناقلار بۇ يىل خېلىلا ھوسۇل بەردى.

**كەچۈرگۈسىز** (سۈپەت) كەچۈرگىلى، ئەپۇ قىلغىلى، سالاۋات قىلغىلى بولمايدىغان. مەسىلەن: ئاتا-ئانا، ئوقۇتقۇچىغا تىل-ھاقارەت قىلىش كەچۈرگىسىز گۇناھ.

**كەچۈرۈم** (ئىسىم) ئەپۇ، ئۆزرە. مەسىلەن: كەچۈرۈم سورىماق. كەچۈرۈم قىلماق. ★ بالا، قۇشقاچقا: — كەچۈرگىن، قۇشقىچىم! دەرسىمنى تەييارلاپ بولاي ئاندىن ئوينايلى، — دەپتۇ.

**كەرەپشە** (ئىسىم) (چېكەتكە) كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مەسلەن: ماگىزىندىكىلەر 45 سېۋەت كەرەپشە يۆتكەپ كەلدى، پالەكتىن 30 سېۋەت كۆپ ئەكەلگەن بولسا جەمئىي قانچە سېۋەت پالەك ئەكەلگەن بولىدۇ؟ 50 سېۋەت سېتىلسا يەنە قانچە سېۋەت قالىدۇ؟

**كەررە** (ئىسىم) ساناق سانلار بىلەن بىرگە كېلىپ ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ نۆۋەت، مەررە، يەردە دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسلەن: تۆت كەررە بىر تۆت. ★ ئىككى كەررە تۆت سەككىز.

مەنىداش سۆزى: نۆۋەت، مەررە.

**كەسلەنچۈك** (ئىسىم) سۆرەلگۈچى ھايۋان، بەدىنىنىڭ يۈزىدە كىچىك تەڭگە قاسراقلىرى، تۆت پۇتى بار، قۇيرۇقى ئىنچىكە ئۇزۇن، ئاسانلا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئەركىكىنىڭ دۈمبىسى كۆكۈچ يېشىل، قارا يولچىلىرى بار. چىشىلىرىنىڭ دۈمبىسى ئاچ قوڭۇر، ئىككى يېنىدا بىردىن قارا يولچىلىرى بار. قورسىقى ئاچ سېرىق، ئوت-چۆپ ئارىسىدا ياشاپ، ھاشارات ۋە باشقا كىچىك ھايۋانلارنى يەپ ئوزۇقلىنىدۇ.

**كەشپىيات** (ئىسىم) تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، يارىتىلغان نەرسە، ئىختىرا، ئىجادىيەت. مەسلەن: ئىلىم-پەننى ئىشلىتىپ، / يارىتىمەن كەشپىيات. / رازى بولسا ۋەتىنىم، / مەن ياشايمەن مەڭگۈ شاد. ★ پاتىفون ئېدىسوننىڭ كەشپىياتى، ئۇ دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر كەشپىياتچى ئىدى.

مەنىداش سۆزى: ئىجادىيەت.

**كەلگۈسى** (ئىسىم) بۈگۈندىن كېيىنكى دەۋر، ۋاقىت، چاغ؛ كېلەچەك. مەسلەن: قىزىمىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىزنى ئويلاندۇرماي قويمايتتى. ★ كەلگۈسى ئۈچۈن تىخمۇ كۆپ ئۆگىنىش كېرەك.

مەنىداش سۆزى: كېلەچەك.

**كەمبەغەل** (سۈپەت) ھال ئوقىتى ناچار، تۇرمۇشى قىيىن، تىرىكچىلىك ۋە ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئىگە

بولالمىغان، موھتاجلىقتا ياشىغۇچى، نامرات. مەسلەن: — مەن ئەسلىدە مۇنداقلا كەمبەغەل ئەمەس ئىدىم، — دېدى بوۋاي، — قەھەتچىلىك مۇشۇ كۈنگە چۈشۈرۈپ قويدى.

**مەنىداش سۆزى:** نامرات، گاداي، پېقىر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باي.

**كەنت** (ئىسىم) مەلۇم خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن شەھەر ھەم قىشلاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئاھالىلەر ياشايدىغان جاي، دېھقانلار ئولتۇراقلاشقان يېزىدىن كىچىك مەمۇرىي بىرلىك. مەسلەن: بىزنىڭ كەنت يېزىمىزنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان.

**مەنىداش سۆزى:** دادۇي.

**كوچا** I (ئىسىم) ئىككى تەرىپىگە قاتار ئۆيلەر سېلىنغان، كىشىلەر ۋە قاتناش قورالىرى ماڭىدىغان يول، سىرت، تالا (ئۆيگە نىسبەتەن). مەسلەن: ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كوچىغا چىقتىم. ★ دەرستىن چۈشۈپ كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرمەيمەن.

**كوچا** II (ئىسىم) بۇغداي، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق يەتتە-سەككىز خىل داننى چالا يانجىپ، گۆش ياكى كاللا شورپىسىغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان نورۇز تامىقى. مەسلەن: ئاپام بىزگە كوچا قايىنتىپ بەردى. ★ نورۇز كۈنى بىز نورۇز كوچىسى ئىچتۇق.

**كورۇپكا** (ئىسىم) كارتۇن قەغەزدىن ياسالغان كىچىك ساندۇقچە؛ قەغەز قۇتا. مەسلەن: ھەربىر كورۇپكىدا 6 دانە ئىستاكان بار ئىكەن. ★ مەن كورۇپكىدىن ئاياغنى ئېلىۋېلىپ، كورۇپكىنى تاشلىۋەتتىم.

**مەنىداش سۆزى:** يەششىك، قەغەز ساندۇقچە.

**كوللېكتىپ** (ئىسىم) ① مەلۇم مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇيۇشقان كىشىلەر، كىشىلەر توپى. مەسلەن: بىزنىڭ بۇ سىنىپ كوللېكتىپىمىز نېمە دېگەن سۆيۈملۈك — ھە! ② (سۈپەت) كۆپچىلىككە تەۋە، ئومۇمىي، كۆپچىلىك بىرلىكتە قىلىدىغان. مەسلەن: مەكتەپنىڭ سول تەرىپىدە

www.uyghurkitap.com

كوللېكتىپ ياتاق بار ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** كۆپچىلىك، ئامما، خەلق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شەخس، شەخسىي، يەككە.

**كوماندا** (ئىسىم) ① ئۇرۇش، مەشىق قاتارلىقلار داۋامىدا چۈشۈرۈلگەن ئاددىي، ئاغزاكى بۇيرۇق. مەسىلەن: كوماندا بېرىش، كوماندىغا بويسۇنۇش. ② تەنتەربىيىنىڭ مەلۇم تۈرى بويىچە تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا. مەسىلەن: ۋالبول كوماندىسى.پۇتبول كوماندىسى.

★ تىكتاك توپ كوماندىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىرىنچى بولدى.

**كومپاس** (ئىسىم) يۆنىلىش بەلگىلەيدىغان ئەسۋاب، ئادەتتە ئۇ يۆنىلىش گرادۇسلىرى چۈشۈرۈلگەن يومىلاق تەخسە ۋە دائىم شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ماگنىتلىق تىلدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: بىر كۈنى دادىسى يانچۇقىدىن بىر كومپاسنى ئېلىپ ئويناشقا بېرىدۇ.

**كومزەك** (ئىسىم) هاراق، ئاچچىقسۇ، جاكيۇ قاتارلىقلار قاچىلىنىدىغان ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ ساپال قاچا. مەسىلەن: دېهقان شۇنداق قارىسا، قوشنىسىنىڭ ئېتىزىدا يوغان بىر كومزەك تۇرغۇدەك. ★ تۈلكە هەرقانچە قىلسىمۇ، ئاغزى تار كومزەككە بېشى پاتماپتۇ.

**كونۋېرت** (ئىسىم) ئىچىگە خەت، هۆججەت، ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ بىرەر جايغا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆت بۇرجەك قەغەز خالتا. مەسىلەن: ئاينۇر خەت سېلىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا بېرىپ ئىككى كويلۇق كونۋېرت سېتىۋالدى.

**مەنىداش سۆزى:** لىپاپا.

**كۇتۇپخانا** (ئىسىم) كىتاب، ژۇرنال ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توپلاش، رەتلەش، ساقلاش ۋە كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئورنى. مەسىلەن: قاسىم ئاكا دادامنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن، مەن دادامنىڭ كۇتۇپخانىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم.

**مەنىداش سۆزى:** قىرائەتخانا.

**كۆپەيتكۈچى** (سۈپەت) ① كۆپەيتىش رولىنى ئوينايدىغان،

كۆپەيتىلدىغان. مەسلەن: كۆپەيتكۈچى ئىپادە. ② (ئىسىم) كۆپەيتىش ئەمەلىدىكى باشقا سان كۆپەيتىلىدىغان سان. مەسلەن: $5\times3=15$ دىكى 3 كۆپەيتكۈچىدۇر. ③ (ئىسىم) بىر پۈتۈن سان ئىككىنچى بىر پۈتۈن سانغا پۈتۈن بۆلۈنسە، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ كۆپەيتكۈچىسى بولىدۇ. مەسلەن: 1، 2، 3، 4، 5، 6 لەرنىڭ ھەممىسى 12 نىڭ كۆپەيتكۈچىلىرىدۇر.

**كۆپەيتىش** ① (پېئىل) ئەسلىدىكى مىقدار ياكى كۆلەمدىن ئاشۇرۇش، جىقايتىش. مەسلەن: ئادەم سانىنى داۋاملىق كۆپەيتىشكە بولمايدۇ. ② (ئىسىم) ماتېماتىكىدا بىر سانىنى مەلۇم بىر سانغا ھەسسىلەش، يەنى بىر سانىنى بىرقانچە قېتىم ئارقىمۇئارقا قوشۇشنى ئاددىي ھېسابلاش ئۇسۇلى. مەسلەن: مەن تۆتكە بەشنى كۆپەيتىشنى بىلمەن. ③ (ئىسىم) ماتېماتىكىدا ئىككى سانىنىڭ ئۆزئارا كۆپەيتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ماتېماتىكىلىق بەلگە، يەنى × بەلگىسى. مەسلەن: $4\times3=12$

**كۆپەيگۈچى** (سۈپەت) ① كۆپىيىدىغان، كۆپىيىپ بارىدىغان. ② (ئىسىم) كۆپەيتىش ئەمەلىدىكى بىر سانغا كۆپەيتىلىدىغان سان. مەسلەن: $5\times3=15$ دىكى 5 كۆپەيگۈچىدۇر.

**كۆتۈرۈش** (پېئىل) نەرسىلەرنى تۇرغان جايىدىن، يەردىن ئاجرىتىش، چىقىرىش، مەلۇم ئېگىزلىككە يەتكۈزۈش. مەسلەن: بالا كۆتۈرۈش، ھېلىقى بالا مۇرىسىدىكى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ىسىلكىپ قويدى. ★ ياسىنىنىڭ دادىسى سىنىپقا كىرىپ شەپكىسىنى ئازراق كۆتۈرۈپ قويۇپ: ـــقايسىڭلار سىنىپ باشلىقى؟ ـــ دەپ سورىدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چۈشۈرۈش، قويۇش، پەسەيتىش.

**كۆركەم** (سۈپەت) كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە جەلب قىلىدىغان، گۈزەل، چىرايلىق. مەسلەن: كۆركەم تاغ. ★ كۆركەم مەنزىرە بەرپا قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۈرۈمچى خەلقى كۆكەرتىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

مەنىداش سۆزى: گۈزەل، چىرايلىق، ئۇز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سەت، كۆرۈمسىز.

**كۆزەتچىلىك قىلىش** بىرەر جاينى ياكى ئورۇننى، كۆزىتىش، پوستا تۇرۇش، قاراش، قاراۋۇللۇق قىلىش. مەسىلەن: زاۋۇتنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدا كېچە-كۈندۈز ساقچىلار كۆزەتچىلىك قىلاتتى.

مەنىداش سۆزى: پوستا تۇرۇش، قاراۋۇللۇق قىلىش، قوغداش، ساقلاش.

**كۆزگە ئىلماسلىق** ياراتماسلىق، مەنسىتمەسلىك. مەسىلەن: كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چۇماق (ماقال). ★ — قارا، ئۇ ھاكاۋۇرلىشىپ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى شەمسىيە.

مەنىداش سۆزى: ياراتماسلىق، مەنسىتمەسلىك.

**كۆز-كۆز قىلىش** ئۆزىنى بازارغا سېلىش، ئۆزىنى كۆرسىتىپ ماختىنىش، داملاش. مەسىلەن: توز ئىنتايىن گۈزەل بولغاچقا، ناھايىتى تەكەببۇر ئىكەن. ئۇ چىرايلىقراق بىرىنى كۆرسىلا قاناتلىرىنى ئېچىپ، قۇيرۇقىنى يېيىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز-كۆز قىلىدىكەن.

مەنىداش سۆزى: ماختىنىش، داملاش.

**كۆز يەتكۈسىز** بىپايان. مەسىلەن: كۆز يەتكۈسىز كەڭ شال ئېتىزلىرىدا سارغىيىپ پىشقان شال باشاقلىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى.

مەنىداش سۆزى: چەكسىز، بىپايان.

**كۆزىتىش** (پېئىل) تەكشۈرۈش، كۆز-قۇلاق بولۇش، بايقاش، كۆزدىن كۆچۈرۈش، قاراش. مەسىلەن: قۇلۇلىنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىش ئۈچۈن باللار ئولىشىۋالغانىدى. ★ ئۇ يىراقتىن دۇربۇن بىلەن كۆۋرۈك ئۈستىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىۋاتاتتى.

مەنىداش سۆزى: بايقاش، تەكشۈرۈش.

**كۆكرەك** (ئىسىم) بەدەننىڭ بويۇندىن كۆكرەككىچە بولغان ئالدى قىسمى. مەسىلەن: لىيۇخۇلەن كۆكرىكىنى كېرىپ: — ئۆلتۈرمىسەن، چاپامسەن ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — دېدى.

مەنداش سۆزى: مەيدە.

**كۆل** (ئىسم) سىرغىم سۇ يىغىلىدىغان ياكى دەريا ـ ئېقىنلار قۇيۇلىدىغان چوڭ تىپتىكى تەبىئىي ئويمان. مەسىلەن: كۈز پەسلىدە بىر توپ غاز، / ئۇچۇپ كەپتۇ كۆل ياقىغا. / سەپەر قىلغان غازلاردىن، / گەپ سوراپتۇ بىر پاقا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دەريا، ئۆستەڭ.

**كۈپ** (ئىسم) سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان چوڭ ساپال ئىدىش. مەسىلەن: كۈپكە سۇ توشقۇزۇش. ★ ۋاي ۋۇي نېمىدېگەن سېمىز، خۇددى كۈپنىڭ ئۆزى بوپسەنغۇ.

مەنداش سۆزى: ئىدىش.

**كۈچ** (ئىسم) ئادەم ياكى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى، قابىلىيىتى، قۇرب قاتارلىقلار. مەسىلەن: ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ كۈچى يوق. ★ دادامنىڭ ئۆيي سېتىۋېلىشقا كۈچى يەتمىدى. ★ بىلىم كۈچ دېمەكتۇر.

مەنداش سۆزى: ماغدۇر، قۇۋۋەت.

**كۈچەش** (پېئىل) كۈچىنىڭ بارىنى سەرپ قىلىش، چىقىرىش. مەسىلەن: ــ بەك كۈچەپ باسما، چىشلىمە، بەك جىق ئىشلىتىۋەتمە، ــ دېمەي لېنا قەلىمىنى كاتەگە بەردى. ★ ئاتلار ھارۋىنى كۈچەپ تارتىپ ئاران دېگەندە داۋاندىن ئۆتتۈۋالدى.

**كۈزلۈك** (ئىسم) تۆت پەسىلنىڭ ئۈچىنچىسى، قىشتىن بۇرۇنقى پەسىل. مەسىلەن: كۈزلۈكى باغدىكى مېۋىلەر شۇنداق ئوخشاپ كېتىپتۇكى، شاخ-شېخىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەتىيازلىق.

**كۈمۈشتەك** (سۈپەت) كۈمۈش رەڭلىك، كۈمۈشكە ئوخشاش. مەسىلەن: سۆگەت شاخلىرى يۇمشاق ۋە كۈمۈشتەك قار بىلەن ئورالغان ھالدا ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**كۈنلۈك** (ئىسم) يامغۇر ياكى كۈندىن، كۈن نۇرىدىن دالدىلىنىش

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. مەسلەن: بويۇرماق سۇ يۈزىگە چۈشكەندە، كىچىك بېلىقلار ئۈزۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئاستىغا توپلىشىپ ئالاتتى ـ دە، ئۇنى كۆنلۈك قىلىۋالاتتى. ★ يامغۇر يېغىۋاتسا كۆنلۈك ئالماي چىقىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يامغۇرلۇق.

**كۆنلۈكچى** (ئىسىم) ۋاقىتلىق ياكى كۈندىلىك يالىنىپ ئىشلەيدىغان ئىشچى، مەدىكار. مەسلەن: سەمەتنىڭ ئاكىسى ياخشى ئوقۇمىغاچقا تۈزۈكرەك ئىش ئورنىمۇ يوق. ئامالسىز كۆنلۈكچى بولۇپ ئىشلەپ جان بېقىۋاتىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** مەدىكار.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىللىقچى.

**كۆنى تەس بولۇش** تۇرمۇشى مۈشكۈل، قىيىنچىلىقى ئېغىر، ياشاش شارائىتى ناچارلىشىش. مەسلەن: بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆنى تەس بولۇپ قالدى.

**كۈيلەش** (پېئىل) بىرەر نەرسە، ئادەم ۋە شۇ قاتارلىق شەيئىلەرنى ناخشا قوشاقلار بىلەن تەرىپلەش، مەدھىيىلەش. مەسلەن: بەختىمىزنى كۈيلەيمىز، / ناخشا ئېيتىپ تىللاردا. / ئىلىم-پەنگە مۇھەببەت، /يالقۇنلايدۇ دىللاردا.

**مەنىداش سۆزى:** مەدھىيىلەش، تەرىپلەش، ماختاش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سۆكۈش.

**كېچىكىش** (پېئىل) بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قىلىش، كەينىگە سۈرۈلۈش. مەسلەن: سادىق بىلەن سالى دەرسكە بىرىم سائەت كېچىكىپ كەلدى. ★ مۆزەيپەر مۇئەللىمگە، مۇندىن كېيىن مەكتەپكە كېچىكمەي دەل ۋاقتىدا بارىمەن، دەپ ۋەدە بەردى.

**مەنىداش سۆزى:** ۋاخ قىلىش.

**كېرەك قىلىش** ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىش، لازىم قىلىش، پايدىلىنىش. مەسلەن: بۇ كىتابنى داداڭغا بېرىپ قويغىن، بۇ، داداڭ كېرەك قىلىدىغان مۇھىم كىتاب ئىدى. ★ دادا بەر ئاستى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى تاشلىۋېتەيمۇ

ياكى كېرەك قىلامسەن؟

مەنىداش سۆزى: ئىشلىتىش، پايدىلىنىش، لازىم قىلىش.

**كېزىش** (پېئىل) مېڭىپ، ئايلىنىپ يۈرۈش، ئارىلاش. مەسلەن: — ئانا، — دەپتۇ باللار، — باغنى يىل بويى ئىزدەپ ئاغدۇرۇپ كېزىپ چىقتۇق، دادام ئېيتقان بايلىقنى تاپالمىدۇق.

مەنىداش سۆزى: ئايلىنىش، ئاختۇرۇش.

**كېسەل** (سۈپەت) ئورگانىزمنىڭ نورمال پائالىيىتى بۇزۇلغان، ئاغرىغان، بىتاپ. مەسلەن: — ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ خوراز.

مەنىداش سۆزى: ئاغرىق، ساقسىز، بىمار، بىتاب

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ساق، سالامەت.

**كېسەك** ① (سۈپەت) كېسىلگەن، كېسىۋېلىنغان، كەمتۈك. مەسلەن: كېسەك پىرامىدا. كېسەك شار. ② (ئىسىم) تۈز سىزىقنىڭ ئۈستىدىكى خالىغان ئىككى نۇقتا ئارىسىنىڭ چەكلىك قىسمى. مەسلەن: دوسكا، پارتا ۋە كىتابنىڭ قىرلىرىنى كېسەك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**كېلەچەك** (سۈپەت) ھازىرقى پەيتتىن كېيىن كېلىدىغان، كەلگۈسى. مەسلەن: كېلەچەككە بولغان ئىشەنچ-ئۈمىدىنى ئۈزگۈتماق. ★ ھازىرقى ئۆسمۈرلەر كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى، شۇڭا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.

مەنىداش سۆزى: كەلگۈسى.

**كىتاب** (ئىسىم) تۈپلەنگەن ياكى مۇقاۋىلانغان باسما ياكى يازما ئەسەرلەر. مەسلەن: كىتاب مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم. ★ بىز كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق مول بىلىم، ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسى ئالىمىز.

**كىتابخانا** (ئىسىم) ① كىتابلار سېتىلىدىغان ئورۇن. مەسلەن: شىنخۇا كىتابخانىسى. ② پايدىلىنىدىغان ھەر خىل كىتابلار تىزىپ قويۇلغان مەخسۇس ئۆي. مەسلەن: بىز يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، بىر ئۆينى كىتاب جازىسى بىلەن بېزەپ، كىتابخانا قىلدۇق.

**كىم** (ئالماش) «قايسى كىشى» دېگەن مەنىدە شەخس ھەققىدىكى

www.uyghurkitap.com



سوراقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ــ باھار كەپتىمۇ؟ ئۇنى كەلدى دېگەن كىم؟
★ ئۇنداق بولسا، بۇ خەتنى مۇئەللىمگە كىم بېرىدۇ؟

**كىنو** (ئىسىم) بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت، بۇنىڭدا لېنتىغا ئېلىنغان چاتما سۈرەتلەرنى كۈچلۈك چىراغ نۇرىدا ئېكرانغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئادەم ياكى شەيئى ھەرىكىتى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن كىنوخانىدا ھىندىستان فىلىمى «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» قويۇلىدىكەن.

**كىيىم** (ئىسىم) بەدەننى ياكى ئايرىم ئەزالارنى يېپىش، ئوراش ئۈچۈن كىيىلىدىغان، رەخت ياكى تېرىدىن تىكىپ تەييارلىنىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى. مەسىلەن: كىيىم دېگەننى «مودا» دەپ قالايمىقان كىيمەي، ياراشتۇرۇپ چىرايلىق كىيىش كېرەك.
مەنىداش سۆزى: ئېگىن.

**كىيىم-كېچەك** كىيىلىدىغان نەرسىلەر، كىيىم. مەسىلەن: ھازىر كىيىم-كېچەكتىن غېمىمىز يوق. ★ بۇ ماگىزىننىڭ 3-قەۋىتى كىيىم-كېچەك ساتىدىغان ئورۇن.
مەنىداش سۆزى: ئېگىن-ئاياغ.

## گ

**گالىستۇك** (ئىسىم) كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئالدىنى چىگىپ ياكى تۈگۈن قىلىپ بويۇنغا تاقاش ئۈچۈن رەختتىن ئىشلەنگەن بۇيۇم. مەسىلەن: ئۇ گالىستۇك تاقىۋالغان بىر ئادەم ئىكەن.

**گالىستۇكلۇق** (سۈپەت) ① گالىستۇكى بار، گالىستۇك تاقىغان. مەسىلەن: شەھەرلىك 7-باشلانغۇچ مەكتەپ پىئونېرلىرى مەكتەپ ئەتراپىدىكى چوڭ كوچىلارنى «قىزىل گالىستۇكلۇقلار تازىلىق كوچىسى»غا

ئايلاندۇردى. ② گالستۇك تاقاشقا لايىق، باب. مەسىلەن: گالستۇك تىكىش ئۈچۈن ئاپام قىزىل تاۋار ئالدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: گالستۇكسىز.**

**گەۋدە** (ئىسىم) ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى؛ بەست. مەسىلەن: مۈشۈك بىلەن توشقاننىڭ گەۋدىسى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. توشقاننىڭ قۇلىقى ئۇزۇن، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن.

**مەنىداش سۆزى: بوي، بەست، تەققى تۇرق.**

**گۇركىرىمەك** (پېئىل) ① «گۇر-گۇر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، گۈلدۈرلىمەك. مەسىلەن: بىر پەستىن كېيىن گۇركىرىگەن ماشىنا ئاۋازى سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويدى. ② كۆچمە. بىراۋغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىماق، سۆزلىمەك، توۋلىماق. مەسىلەن: ئۇ ھەممىگە گۇركىرەپ ئاللا-چۇقان سالدى.

**مەنىداش سۆزى: گۈرۈلدىمەك، توۋلىماق.**

**گۈللىنىش** (پېئىل) ① چېچەكلىنىش، گۈلگە ئايلاندۇرۇش. مەسىلەن: ئۇلار مەكتەپ ئىچىدە باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى گۈللىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم قويدى. ② راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىلگىرى سۈرۈش. مەسىلەن: سۆيىمىز ئىلىم-پەننى، / گۈللىتىمىز ۋەتەننى.

**گۈللىمەك** (پېئىل) ① گۈل بولۇپ ئېچىلماق، چېچەكلىمەك، گۈلگە ئايلانماق. مەسىلەن: تېخى ئۈزى پىشماستىنلا ئۈرۈكلايدۇ، گۈل توزۇسىمۇ يەنە غۇنچىسى گۈللەيدۇ. ② كۆچمە. راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلماق، ئىلگىرى باسماق، روناق تاپماق، ياشنىماق. مەسىلەن: ئىشلەيلى دوستلار، / كۈلەيلى دوستلار. / ئانا ماكانىنى / گۈللەيلى دوستلار.

**مەنىداش سۆزى: ئېچىلماق، چېچەكلىمەك، ياشنىماق.**

**گىرۋەك** (ئىسىم) بىرەر نەرسىنىڭ يېنى، ياقىسى، قىرغاق، لەۋ. مەسىلەن: گىرۋەك چىقارماق. ★ قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىدە يوغان بىر توپ دەرەخ بار ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى: قىرغاق، چېتى، ياقىسى، لېۋى.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوتتۇرىسى.

**گىرىپتار** (ئىسىم) دۇچار، مۇپتىلا، يولۇقۇش، ئۇچراش. مەسىلەن: ئۇ يېقىندا يامان بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. ★ مومام يېقىندىن بېرى دىم سىقىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، مېڭىشمۇ قىيىنلىشىپ قالغاچقا، مەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** مۇپتىلا، دۇچار.

**گىلەم** (ئىسىم) يۇڭ، يىپەك ياكى سۈنئىي تالادىن ھەر خىل نۇسخىدا مويلۇق، رەڭدار توقۇلۇپ، يەرگە سېلىنىدىغان ياكى تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان بۇيۇم. مەسىلەن: دادام ۋاڭ مۇئەللىمنى تەكلىپ بىلەن ئۆيگە ئەكىردى، مۇئەللىم بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە گىلەمدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئاپام تازا ئوخشىتىپ ئەتكەنچاي ئەكىردى.

**مەنىداش سۆزى:** زىلچا.

# ل

**لازا** (ئىسىم) چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تۈمۈنە شەكىللىك، گۈلى ئاق، مېۋىسىنىڭ شەكلى ھەر خىل، رەڭگى كۆك، پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ. تەمى ئاچچىق، تاماقتا ئىشلىتىلىدۇ؛ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا ياساشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈنكى تاماقنىڭ لازىسى جىق بولۇپ كېتىپتىكەن، ئاچچىقلىقىدا ئاران يېدىم.

**لامپۇچكا** (ئىسىم) ئېلېكتر توكى بىلەن نۇر تارقىتىدىغان، شارسىمان شىشىدىن ئىبارەت يورۇتۇش ئەسۋابى؛ ئېلېكتر چىراغ. مەسىلەن: ئۆيدىكى چىراغنىڭ لامپۇچكىسى يانمايدىغان بولۇپ قېلىپ نەچچە كۈن بولدى، قاراڭغۇدا قالدۇق.

**لام-جىم دېمەسلىك** ئۈن چىقارماسلىق، سۆز قىلماسلىق

ئېتىراز بىلدۈرمەسلىك، قارشىلىق قىلماسلىق، سۈكۈت قىلىش. مەسىلەن: نەسىردىن ئەپەندى باينىڭ گېپىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، لام-جىم دېمەي يولغا راۋان بوپتۇ.

مەنىداش سۆزى: سۈكۈت قىلىش، تىنماسلىق.

**لاي** (ئىسىم) نەملىك تەسىرىدە ياكى سۇ بىلەن ئارىلىشىپ يۇمشاق ۋە يېپىشقاق ھالەتكە كەلگەن تۇپراق. مەسىلەن: مەريەم گۆپپىدە لايغا يېقىلدى. ★ مۇئەللىم لايدىن ياسالغان بىر مۇنچە قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى كۆردى.

مەنىداش سۆزى: پاتقاق.

**لەئەل-ياقۇت** (ئىسىم) زىننەت بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلىدىغان، رەڭلىك، يالتىراپ تۇرىدىغان قىممەت باھالىق ھەر خىل رەڭدىكى ئېسىل تاش. مەسىلەن: زىبۇ-زىننەت ماگىزىنىدىكى لەئەل-ياقۇتلار كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى.

مەنىداش سۆزى: ئۈنچە-مارجان.

**لەپىلدەش** (پېئىل) شامالغا ئەگىشىپ لەرزان يەلپۈنۈش، لەپ-لەپ قىلىش. مەسىلەن: قىزىل بايراق لەپىلدىدى. ★ شۇ كۈنلەردە كۈندە دېگۈدەك قار لەپىلدەپ يېغىپ تۇردى.

**لەتىپە** (ئىسىم) كۈلكىلىك ۋەقە-ھادىسە ھەققىدىكى كىچىك ھېكايە. ئۇ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاممىباب ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىش، يامان قىلىق ۋە خىيانەتچى، پارىخور، پەسكەش، ئاچكۆز كىشىلەر پاش قىلىنىدۇ. مەسىلەن: نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى. ★ سەلەي چاققان لەتىپىلىرى.

**لەمپە** (ئىسىم) ھۆل-يېغىن ۋە ئاپتاپنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆي-ئىمارەتنىڭ ماڭلىيىغا ياكى ھويلىنىڭ ئىچىگە چىقىرىلغان سايىۋەن، لاپاس. مەسىلەن: يامغۇردىن كېيىن قۇياش پارلاپ ئىسسىق نۇر چېچىشقا، يەر-زېمىن ئىسسىشقا باشلاپتۇ، لەمپە ئاستىدىكى قارلىغاچ خۇشال بولۇپ ۋىچىرلاپ سايراپتۇ.

www.uyghurkitap.com



مەنداش سۆزى: پىشايۋان.

**لوڭقا** (ئىسم) گۈل سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئاغزى كىچىك، بويىنى ئىنچىكە، قورسىقى يوغان قىلىپ فار-فۇردىن ياسىغان ئۆي زىننەتلەش بۇيۇمى. مەسلەن: گۈل لوڭقىسى. لوڭقا تاللىشىش مۇسابىقىسى.

★ ئۇ بۈگۈن ئوقۇتقۇچىسىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن بىر تال خرۇستال لوڭقا ئالدى.

★ گۈلنۇر 10 تال گۈلنى لوڭقىغا سالدى.

مەنداش سۆزى: گۈلدان، تاشتەك.

**لىغشىماق** (پېئىل) ئۇيان-بۇيان ياكى ئاستىن-ئۈستۈن مىدىرلاپ تەۋرەنمەك، سىلكىنمەك. مەسلەن: سول تەرەپتىكى بىر توپ قارغاينىڭ شېخى تۇيۇقسىز لىغشىپ، ئۈستىدىكى قارنىڭ پەسكە تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم.

★ يۇمران تاللار ئىللىق شامالغا ئەگىشىپ ئاستا-ئاستا لىغشىماقتا.

مەنداش سۆزى: تەۋرەنمەك، مىدىرلىماق.

## م

**ماختانچاق** (سۈپەت) ئۆزىنى-ئۆزى ماختايدىغان، داۋاملىق ماختىنىپ يۈرۈيدىغان، ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان. مەسلەن: دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق. ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان، مېغىزى يوق (ماقال).

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەمتەرلىك.

**ماراپ تۇرۇش** بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى مەلۇم پائالىيەتنى يوشۇرۇن كۆزىتىش. مەسلەن: دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان كون «قاچانغىچە ئوقۇيسەن؟ بۇ ياققا چىق، ئوينايمىز» دەپ بالىغا قاراپ ھەجىيىپتۇ.

مەنداش سۆزى: ئوغرىلىقچە قاراش.

**ماركا** (ئىسم) پوچتا ئورۇنلىرى سېتىپ تارقىتىدىغان، ئۈستىگە ئۆلگىلىك رەسىم چۈشۈرۈلگەن، باھاسى يېزىلغان تۆت بۇرجەك

قەغەز؛ ئۇ ئەۋەتىش ھەققىگە باراۋەر قىممەتتە پوچتا يوللانمىلىرىغا چاپلىنىدۇ. مەسىلەن: ماركا توپلىماق. پوچتا ماركىسى. ★ مەن يۇرتۇمغا يازغان خەتكە ماركا چاپلاپ، پوچتا ساندۇقىغا تاشلىدىم.

**مازار** (ئىسىم) ① ئۆلگەن كىشىلەر دەپنە قىلىنىدىغان جاي، قەبرىستانلىق، تۇپراق بېشى. مەسىلەن: ئايقىز «دادام مازارغا شەيىخ، مەن تەبيارغا» دەپ ئويناپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ② كۆچمە. خارابىلىككە ئايلانغان، ئادەم يوق جاي. مەسىلەن: بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار (ماقال).

مەنداش سۆزى: زەرەتلىك، قەبرىستان، تۇپراق بېشى.

**ماشىنا** (ئىسىم) ① دېتاللاردىن تەركىب تاپقان، ئايلىنىدىغان ۋە بىر تۈردىكى ئېنېرگىيىنى باشقا بىر تۈردىكى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرىدىغان ياكى پايدىلىق قۇۋۋەت ھاسىل قىلالايدىغان قۇرۇلما. مەسىلەن: پار ماشىنىسى. ② تىكىش ماشىنىسى. مەسىلەن: قول ماشىنىسى. پوت ماشىنىسى. ③ ئاپتوموبىل. مەسىلەن: ماشىنا شوپۇرى. ماشىنا بېكىتى. ماشىنا ھەيدىمەك.

**ماكان** (ئىسىم) تۇرار جاي، ئورۇنلاشقان يەر، يۇرت، ۋەتەن. مەسىلەن: قوغۇن ماكانى قۇمۇل. ★ بەشكىرىم ھەققەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق مېۋىلەرنىڭ ماكانى ۋە كاندۇر. ★ ئاتاسىز قىلدىڭىز بىزنى، / ئاناسىز قىلدىڭىز بىزنى. / ئاخىرى جۇدالىقتا، / ماكانسىز قىلدىڭىز بىزنى.

مەنداش سۆزى: ئۆي، يۇرت، ۋەتەن.

**مال** (ئىسىم) ① كالا، قوي قاتارلىق بېقىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ھايۋان، چارۋا. مەسىلەن: بۇرۇن بىزنىڭمۇ توپ-توپ مال پادىلىرىمىز بولغانىكەن. ② قول ئىلكىدىكى بىسات، بايلىق. مەسىلەن: ئۇنىڭ ھېسابسىز مال-دۇنيالىرى، ھەشەمەتلىك ساراي، ھويلا-ئاراملىرى بار ئىكەن. ③ سېتىلىدىغان نەرسە، بۇيۇم، تاۋار. مەسىلەن: بۇ يەردە مال باھاسى بەك يۇقىرى ئىكەن.

مەنداش سۆزى: تەئەللۇقات، دەپنە-دۇنيا.

**مالاي** (ئىسىم) بايلارنىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەخسۇس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خىزمىتىنى قىلىدىغان، خىزمىتىدە بولىدىغان كىشى. مەسىلەن: مومام ئۆتمۈشتە بايلارنىڭ ئۆيىدە مالاي بولۇپ، ئاش-تاماق ئېتىش، نان يېقىش ئىشلىرىنى قىلغانىكەن.

مەنىداش سۆزى: خىزمەتكار، تىجمەل.

**ماھارەت** (ئىسىم) بىرەر ئىش، كەسىپ، پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېتىلگەن ئىقتىدار، يۇقىرى ماھىرلىق. مەسىلەن: بۈگۈنكى كاڭكى تېپىلىش مۇسابىقىسىدە ماھىرلار ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. ★ سېرىكچى ماھارەت كۆرسەتمەكتە.

**ماھىر** (سۈپەت) ① يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان، ماھارەتلىك، ئۇستا. مەسىلەن: سىزدەك ياغاچچىلىق ھۈنرىدە كامالەتكە يەتكەن ماھىر ئۇستامنى كۆرمەپتىكەنمەن. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

مەنىداش سۆزى: ئۇستا.

**ماي** I (ئىسىم) ① ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ تېرە ئاستىدىكى توقۇلمىلىرى ھەمدە ئۆسۈملۈكلەر تېنىدە بولىدىغان ئورگانىك ماددا. مەسىلەن: قوي مېيى. ② شۇ خىل ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىشلەنگەن سىلىقلاش ياكى پەرداز بۇيۇمى. مەسىلەن: ماشىنا مېيى. يۈز مېيى. ③ نېفىت ياكى ئۇنىڭدىن چەككىلەپ ئېلىنىدىغان تۈرلۈك يېقىلغۇ. مەسىلەن: ماي قاچىلىماق. ★ ماشىنىنىڭ مېيى تۈگەپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ياغ.

**ماي** II (ئىسىم) ① قەدىمكى رىم خرىستىئانلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرسىنىڭ ئىسمى، مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاينى شۇنىڭ نامىغا ئاتىغان. مەسىلەن: 1ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى. ★ 4ـ ماي جۇڭگو ياشلار بايرىمى. ② مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە بەشىنچى ئاي.

**مايسا** (ئىسىم) زىرائەتنىڭ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىنكى بەشتىن-ئالتە سانتىمېتىر ئۆسكەن يۇمران تېنى. مەسىلەن: بۇغداي مايسىسى. ★ بۇغداي مايسىلىرى ئۆسۈپ، يۇمران يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىدى.

**مايلىق دان** مايىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدىغان زىغىر، قىچا، كەندىر، زاراڭزا قاتارلىق زىرائەت دانلىرى. مەسلەن: يېزاڭلاردا مايلىق دان كۆپ ئەمەس ئۇخشايدۇ. ★ گۇرۇچ، قوناق، مايلىق دان، / سىغماي قالدى خامانغا.

**مەنداش سۆزى:** مايلىق زىرائەت، ياغلىق دان.

**مايمۇن** (ئىسىم) ① سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تۈرى كۆپ، شەكلى ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تۈپلىشىپ ماكانلىشىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىدا ئوزۇق ساقلايدىغان قوۋۇز خالتىسى بار. مېۋە، ياۋا كۆكتات، قۇش تۇخۇملىرى ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. مەسلەن: چوڭ مايمۇن بۇنى ئاڭلاپ پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ② مۇچەل يىل ھېسابىدا توققۇزىنچى يىل نامى. مەسلەن: مايمۇن يىلى.

**مەجبۇرىي** (سۈپەت) بېجىرىلىشى ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى شەرت بولغان، ئىختىيارىدىن تاشقىرى. مەسلەن: مەجبۇرىي مائارىپ. ★ مۇئەللىم بىلەن ساۋاقداشلار ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ھارۇنغا سېلىپ، دوختۇرخانىدا مەجبۇرىي ياتقۇزۇپ قويىدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىختىيارى.

**مەدەتكار** (ئىسىم) بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا مەدەت بەرگۈچى، يار-يۆلەك بولغۇچى، ياردەم بەرگۈچى، قوللىغۇچى. مەسلەن: توپ ئىچىدىن بىرقانچە كىشى ماڭا مەدەتكار بولدى. ★ ئوغلۇمنىڭ شۇنچىلىك ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، كۆزگە كۆرۈنۈشىگە ئوقۇتقۇچىسى ئالاھىدە ياردەم بەردى، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز.

**مەدەنىيەت** (ئىسىم) ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۇتۇقلىرى، تارىخىي دەۋرلەردىن قالغان خارابە ۋە باشقىلار. مەسلەن: كىتاب بىزنى خىلمۇخىل مەدەنىيەت بىلىملىرى، تارىخىي ساۋاتلار، ئېقىم مەسىلىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**مەدھىيىلەش** (پېئىل) بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئادەمنى ماختاش،

نوتۇق، ياكى ناخشا ئارقىلىق كۈيلەش. مەسىلەن: ئۇ سەھنىگە چىقىپلا ۋەتەننى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېيتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مەنىداش سۆزى: ماختاش، كۈيلەش، ئالقىشلاش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سۆكۈش.

**مەردلەرچە** (رەۋىش) مەردلەردەك، مەردلەرگە ئوخشاش، مەردلىك بىلەن. مەسىلەن: ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن باشلار ئانا ۋەتەن ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان بولدى. ★ ليۇخۇلەن جادۇ ئالدىدا قىلچە قورقۇپ قالماي، مەردلەرچە كۆكرەك كېرىپ تىك تۇردى.

مەنىداش سۆزى: مەردانىلارچە، باتۇرلارچە.

**مەركەز** (ئىسىم) دۆلەت ياكى پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى.

مەنىداش سۆزى: پايتەخت.

**مەرھەمەت** (ئىسىم) ① قىلىنغان ئىلتىپات، رەھىم-شەپقەت، ھىممەت، ياخشىلىق. مەسىلەن: مەرھەمەت قىلماق. ② (ئىملىق سۆز) «كەلسىلە، ئىلتىپات قىلسىلا» دېگەن مەنىدە تەكەللۇپنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: قېنى قىزلار ماشىنىغا مەرھەمەت قىلىپ سىلەر ئاۋۋال چىقىۋېلىڭلار.

مەنىداش سۆزى: ئىلتىپات، ھىممەت.

**مەرىپەت** (ئىسىم) كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى، بىلىمىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم-تەربىيە، ئوقۇش-ئوقۇتۇش؛ مائارىپ. مەسىلەن: مەرىپەت يۇرتى. ★ كوچەت تىكىپ باغ قىلدۇق، / ئانا مەكتەپ قوينىدا. / دادىل قەدەم تاشلىدۇق، / يەن مەرىپەت يولىدا.

مەنىداش سۆزى: مەدەنىيەت، ئىرپان، ئىلىم.

**مەززە قىلىش** لەززەت ئېلىش، راھەتلىنىش، ھۇزۇر ئېلىش. مەسىلەن: ئۇ ئۇستەلگە تىزىپ قويغان نازۇ-نېمەتلەرنى راسا مەززە قىلىپ يېدى. ★ دوستلىرىم پېشقەدەم ئۇستازلىرىمىز تەسىلىرى راسا ئۇسساپ كەتكەنىكەن،

ئاپام تىلغان تاۋۇزنى يەپ تازا مەززە قىلىشنى.
مەنىداش سۆزى: ھۇزۇرلىنىش، راھەتلىنىش، لەززەتلىنىش.
**مەزگىل** (ئىسىم) مەلۇم بىر دەۋر، چاغ، پۇرسەت، پەيت. مەسىلەن: ئوقۇش مەزگىلى. تېرىلغۇ مەزگىلى. ئۆسۈش مەزگىلى. ★ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلى كېلىپ قالغانلىقتىن، ئىشلار بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى.
مەنىداش سۆزى: پەيت، پۇرسەت، چاغ.
**مەسەل** (ئىسىم) ئەخلاقىي تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان ۋە ھەجۋىي تۈستىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان كىچىك شېئىرىي ياكى نەسرىي ئەسەر. كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋەقەلەر، جانىۋار-ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋاناتلار دۇنياسىغا كۆچۈرۈلىدۇ. ئوبرازلار كىنايىلىك، كۈلكىلىك بولىدۇ. مەسىلەن: بىز كىتابتىن ھەر خىل قىزىقارلىق چۆچەك، مەسەل، لەتىپە، ھېكايىلەرنى ئوقۇيمىز.
**مەسچىت** (ئىسىم) مۇسۇلمانلارنىڭ جەم بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىبادەتخانىسى. مەسىلەن: ھېيتگاھ مەسچىتى. ★ ھېيت كۈنى سەھەردە مەسچىت راۋىقىدا ناغرا-سۇناي ساداسى ياڭرايتتى.
مەنىداش سۆزى: جامە، خانىقا، ھېيگاھ.
**مەسخىرە** (ئىسىم) ① ناچار خاھىش، بولمىغۇر ۋە ئەخمىقانە قىلىق، ئادەتلەرگە بولغان كەمسىتىش، ياراتماسلىق. مەسىلەن: بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنى دوت دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. ② ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللاردىن بىرى، مۇبالىغە قىلىش ياكى ئوخشىتىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، بولمىغۇر ياكى ئەخمىقانە دەپ ھېسابلانغان قىلىقلار، ئادەتلەر ئاشكارىلىنىدۇ ۋە تەنقىد قىلىنىدۇ.
مەنىداش سۆزى: شاڭخو، زاڭلىق.
**مەسخىرە قىلىش** باشقىلارنى زاڭلىق قىلىش، كەمسىتىش، مازاق قىلىش. مەسىلەن: دەرەختىكى سېغىزخان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خىرىلداپ تورنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**مەنداش سۆزى:** زاڭلىق قىلىش، مازاق قىلىش، كەمسىتىش، شاڭخو قىلىش.

**مەشئەل** (ئىسم) ئۇچىغا كۆيىدىغان نەرسە ئورالغان، يورۇتۇش ياكى ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تاياقچە. مەسلەن: مەشئەل ياندۇرۇش. ★ دۇنيا ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ مەشئىلىگە ئوت يېقىلغاندا، پۈتۈن مەيدان گۈلدىراس ئالقىش سادالىرىغا تولدى.

**مەنداش سۆزى:** ماياك.

**مەشھۇر** (سۈپەت) مەلۇم جەھەتتە داڭقى چىقىقان، شۆھرەت قازانغان، خەلقئالەمگە تونۇلغان. مەسلەن: دۇنياغا مەشھۇر. ★ سايرام كۆلى دۇنياغا مەشھۇر كۆل بولۇپلا قالماي، داڭلىق ساياھەت رايونى. ★ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىلىرى دۇنياغا مەشھۇر.

**مەنداش سۆزى:** داڭلىق، شۆھرەتلىك، نامى چىققان.

**مەشىق** (ئىسم) ئۆگىنىش، مەلىكە بولۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش، تەييارگەرلىك مەشغۇلاتى ياكى مەلىكىلىكنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىدىن قىلىنغان مەشغۇلات. مەسلەن: ھەربىي مەشىق. مەشىق قىلماق.

**مەغرۇرلىنىش** (پېئىل) ئازغىنە نەتىجە بىلەن قانائەتلىنىش، غۇرۇرلىنىش، تەكەببۇرلىشىش، كېرىلىپ كېتىش. مەسلەن: ئۆگىنىشتە ئالغا بېسىشنىڭ دۈشمىنى مەغرۇرلىنىش ۋە ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش.

**مەنداش سۆزى:** تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، كۆرەڭلىك.

**مەڭگۈ** (رەۋىش) ئەبەدىي، دائىم، ھەمىشە. مەسلەن: مەڭگۈ ئەسلەش. مەڭگۈ ئۆچمەس. ★ ئۆيدە مەڭگۈ قىلىپ تۇگەتكىلى بولمايدىغان ئۆي ئىشلىرى بار. ★ ئىككىڭلار مەڭگۈ بىللە ياشاڭلار.

**مەنداش سۆزى:** ئەبەدىي، ئۆمۈرۋايەت، ئاخىرغىچە، ئەبەدىلئەبەت.

**مەمنۇن بولۇش** قانائەت ھاسىل قىلىش، خۇرسەن بولۇش، رازى بولۇش، مىننەتدار بولۇش. مەسلەن: ئەركىنىنىڭ ئۆگىنىشتىكى

ئالاھىدە ياخشى نەتىجىسىدىن دادىسى ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ★ موماي، ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇۋاتقان ئەركىنگە قاراپ، تولىمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا، -خۇدا بەختىڭنى بەرسۇن بالام، -دېدى.

**مەنىداش سۆزى:** مىننەتدار بولۇش، خۇرسەن بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نارازى بولۇش، قانائەت قىلماسلىق.

**مەمۇرچىلىق** (ئىسىم) بىرەر نەرسە مول، كۆپ، تۆكمە بولغان ھالەت؛ مولچىلىق، باياشاتلىق، ئاۋاتچىلىق. مەسىلەن: يانتاقچى بوۋاي پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن يۇرت مەمۇرچىلىققا چۆمۈپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** توقچىلىق، مولچىلىق، ئەلۋەكچىلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قۇرغۇقچىلىق، ئۇزۇكچىلىك، قىسلىق، نامراتلىق.

**مەنبە** (ئىسىم) ① بىرەر نەرسە ئېلىنىدىغان، چىقىدىغان، باشلىنىدىغان ياكى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جاي. مەسىلەن: شىنجاڭنىڭ گاز مەنبەسى مول. ② يېلتىزسىز دەرەخ بولماس، مەنبەسى يوق سۇ (ماقال). ★ ئېگىز تاغلاردىكى قار-مۇزلار تۈزلەڭلىكلەردىكى بۇلاق-كۆللەرنىڭ سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

**مەنپەئەت يەتكۈزۈش** ماددىي ياكى مەنىۋىي جەھەتتىن پايدا يەتكۈزۈش، مەنپەئەت بېرىش، نەپكە ئىگە قىلىش. مەسىلەن: قاسىم ئاكام يېزىمىزدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر مېۋە-چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى.

**مەنىداش سۆزى:** پايدا بېرىش.

**مەنسەپ** (ئىسىم) بىرەر ئورگاندىكى مەسئۇل ۋەزىپە، ئەمەل. مەسىلەن: ھوقۇقنى بىز تۇتىمىز دەپ مەنسەپكە بېرىشۋالساق، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنىڭ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز.

**مەنىداش سۆزى:** ئەمەل.

**مەنىلىك** (سۈپەت) مەنىسى بار، مەنىگە ئىگە، ئەھمىيەتلىك،

كۆڭۈللۈك . مەسلەن: بىر مەنىلىك. كۆپ مەنىلىك سۆز. ★ بىر تەتىل كۈنىمىزنى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكۈزدۇق. ★ نىيازنىڭ سۆزىدە مەنىلىك چاقچاق بارلىقىنى سەزگەن ياشلار پاراق-پۇرۇق كۈلۈپ كېتىشتى.

مەنىداش سۆزى: ئەھمىيەتلىك ، كۆڭۈللۈك .

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مەنىسىز ، كۆڭۈلسىز ، ئەھمىيەتسىز .

**مەھەللە** (ئىسىم) شەھەر ياكى يېزىلارنىڭ بىرنەچچە كوچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۆلىكى. مەسلەن: مەھەللىدىكى باللار ھەيران بولۇپ سوراپتۇ. ★ بىزنىڭ مەھەللىدە توپ مەيدانى بار، بىز شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى شۇ يەردە توپ ئوينايمىز.

**مەھكەم** (سۈپەت) ① ئاسان بۇزۇلمايدىغان، سۇنمايدىغان، پۇختا، مۇستەھكەم، چىدامىلىق. مەسلەن: بۇ كۆۋرۈك خېلى مەھكەم ئىكەن، بەش توننىلىق ماشىنا بىمالال ئۆتۈپ كەتتى. ② كۆچمە. ئېھتىياتچان، پىششىق، پۇختا. مەسلەن: ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشنائڭنى ئوغرى تۇتما (ماقال).

مەنىداش سۆزى: چىڭ ، پۇختا ، مۇستەھكەم ، قاتتىق .

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بوش ، ئاجىز ، چىدامسىز .

**مەي باغلاش** شىرنە يىغىش، قەنت ماددىسى توپلاش. مەسلەن: — جېنىم باللىرىم، — دەپتۇ موماي ئوغۇللىرىغا مەي باغلاپ كەتكەن مېۋىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — سىلەر ئىزدىگەن ئالتۇن-يامبۇ ئەنە شاختا تۇرۇپتۇ. ★ بۇ ئۆرۈكنىڭ تازا مەي باغلىغان مەزگىلى ئىكەن.

**مەيۈس** (سۈپەت) روھىي چۈشكۈن، روھسىز ، ئۈمىدسىز ، غەمكىن ، پەرىشان. مەسلەن: ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىگە، مەيۈس روھىي ھالىتىگە قاراپ بەكلا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: خامۇش ، پەرىشان ، كۆڭلى يېرىم .

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: روھلۇق ، جانلىق .

**مەيىن** (سۈپەت) ياختا ، يېپەككە ئوخشاش يۇمشاق ، قولغا يۇمشاق ئۇرۇلىدىغان ، سىلىق تېگىدىغان ، يېقىملىق . مەسلەن: مەيىن

شامالدا قىپقىزىل تاشئالمىلار، ساپسېرىق نەشپۈتلەر باشلىرىنى ئاستا لىڭشىتىپ قوشلارغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ.

**موزاي** (ئىسىم) ئىنەكنىڭ كىچىك بالىسى. مەسىلەن: موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە (ماقال). ★ ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ (ماقال). ★ شۇ يىلى بىزنىڭ ئىككى موزىيىمىز بار ئىدى، ئۇلار ئۇنىمۇ ئېلىپ كەتتى.

**موڭغۇل** (ئىسىم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا مەركەزلەشكەن. موڭغۇل ئىرقى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ بىرى. دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۇملىدىن شىنجاڭدىمۇ تارقاق ئولتۇراقلاشقان. مەسىلەن: نادام بايرىمى موڭغۇللارنىڭ مەشھۇر بايرىمىدۇر.

**مول** (سۈپەت) ناھايىتى كۆپ، جىق، نۇرغۇن. مەسىلەن: يۇرتىمىزنىڭ بايلىقى مول، يەرلىرى كەڭرى. ★ كىتاب بىزگە مول بىلىملەرنى بېرىدۇ.

**مەنىداش سۆزى: جىق، كۆپ.**

**مولچىلىق** (ئىسىم) ھەممە نەرسە مول بولۇپ، ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان ھالەت؛ پاراۋانلىق. مەسىلەن: ۋاي-ۋۇي! نېمانچە مولچىلىق بۇ؟ ★ بىزنىڭ يۇرتتا خىلمۇخىل مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇزلار پىشىپ، تازا مولچىلىق بولغاندا، مەن دوستۇمنى بىللە ئېلىپ باراي دەيمەن.

**مەنىداش سۆزى: ئەلۋەكچىلىك، توقچىلىق.**

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: غۇربەتچىلىك.**

**موللاق** (ئىسىم) بېشى يەردە، پۇتىنى بوشلۇقتا تۇرۇش؛ پۇتنى بوشلۇققا، بېشىنى يەرگە قىلىش ھەرىكىتى. مەسىلەن: باللار يۇمشاق پاخالدا موللاق ئېتىشىپ تۆۋەنگە قاراپ قېچىپ كېتىشتى.

**موھتاج** (ئىسىم) بىرەر نەرسىگە بولغان ئېھتىياجلىق، ھاجەتمەن. مەسىلەن: تاغام دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىرئاز پۇلغا موھتاج

www.uyghurkitap.com

بولۇپ بىزدىن قەرز سوراپ كەپتۇ. ★ مەن سىنىڭ، ماڭا تەسەللى بېرىشىڭگە موھتاج ئەمەسمەن.

**مەنداش سۆزى:** تەشنا، ھاجەتمەن.

**مۇبادا** (باغلىغۇچى) ئەگەر، ئەگەردە. مەسىلەن: مۇبادا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇپ، جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، ئوقۇشنى قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

**مەنداش سۆزى:** ئەگەردە، ناۋادا.

**مۇراد** (ئىسىم) ① مەقسەت، مۇددىئا، ئارزۇ. مەسىلەن: مۇراد تاپماق. مۇرادىغا يەتمەك. ★ ئۇ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ، مۇرادىغا يېتىش ئۈچۈن قانداق ياخشى ئىشنى قىلىشنى كۆپ ئويلاندى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنداش سۆزى:** ئارزۇ، مەقسەت.

**مۇز** ① (ئىسىم) سۇنىڭ سىلسىيە نۆل ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن گرادۇستا سوۋۇپ قېتىشىدىن ھاسىل بولىدىغان قاتتىق جىسىم. مەسىلەن: مۇز قاتماق. ★ ئۆستەڭلەردە بىرەر پارچە مۇزمۇ ئۇچرىمايتتى. ② (سۈپەت) كۆچمە. سوغۇق تولۇق، يېقىمسىز. مەسىلەن: مۇز چىراي. ★ مۇز قاپاق خوتۇن.

**مۇزېي** (ئىسىم) تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى، سەنئەت، تېخنىكا، تەبىئەت نەمۇنىلىرىنى يىغىش، ساقلاش، تەتقىق قىلىش ۋە كۆرگەزمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇئەسسەسە. مەسىلەن: سەنئەت مۇزېيى. تارىخىي مۇزېي. ★ ئۇ ئۆگىنىشتە ئىشلەتكەن تاش دوسكا، پوستتا تۇرغاندا ئىشلەتكەن قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە ھەممىدە ئۇ قۇربان بولغان قىپقىزىل قان بىلەن بويالغان ئۇششاق تاشلار جۇڭگو ئىنقىلابىي مۇزېيىغا قويۇلغانىدى.

**مەنداش سۆزى:** كۆرگەزمە.

**مۇزىكا** (ئىسىم) ① تۇرمۇش ۋەقەلىكى ھەم كىشىلەرنىڭ ئوبرازى، ئىدىيىسى كۈي ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل سەنئەت تۈرى. مەسىلەن: مۇزىكا ئەسىرى. مۇزىكىدىن تەلىم ئالماق. ② شۇ سەنئەتنىڭ چالغۇلار بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئەسىرى، كۈي. مەسىلەن:

ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى. ③ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئىجراسى، ئاۋازى. مەسىلەن: سىرتتىن مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ④ كۆچمە. چالغۇ ئەسۋابى. مەسىلەن: مۇزىكا چالماق. ★ مۇزىكا زاۋۇتى.

مەنىداش سۆزى: ئاھاڭ.

**مۇزىكانت** (ئىسىم) سازەندە، چالغۇچى. مەسىلەن: كېيىن نىبى ئىبر مەشھۇر مۇزىكانت بولۇپ چىقىدۇ. ★ يەكەندىن كەلگەن شاھابىدىن ئىسىملىك مۇزىكانت مىھمىنىم بار، ئۇنىڭدىن ساز ئاڭلايسىلەر.

مەنىداش سۆزى: سازەندە.

**مۇستەھكەم** (سۈپەت) بۇزۇلمايدىغان، يىمىرىلمەيدىغان؛ پىششىق، پۇختا. مەسىلەن: سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا مۇستەھكەم دوستلۇق ئورناتتۇق.

★ بىرنەچچە تال مىق بولسا بەرگىنە ئورۇندۇقنى مۇستەھكەم مىقلىۋېتەي.

مەنىداش سۆزى: چىدامىلىق، مەھكەم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاجىز، چىدامسىز.

**مۇكاپات** (ئىسىم) ئىبرىشكەن نەتىجە، ياراتقان بىرەر تۆھپە، كۆرسەتكەن خىزمەتلەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان ماددىي نەرسە؛ ئىنئام. مەسىلەن: مۇكاپات ئالماق. مۇكاپات بەرمەك. ★ بۈگۈنكى يىغىندا ئۇنىڭ ئىككى دوستى مۇكاپات ئالدى.

مەنىداش سۆزى: ئىنئام.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: جازا.

**مۇنار** (ئىسىم) بىرەر ئىمارەتكە قوشۇپ ياكى ئالاھىدە قۇرۇلغان تۇرخۇن شەكىلدىكى ئېگىز قۇرۇلۇش. مەسىلەن: مەسچىت مۇنارى.

★ قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارى ياسىلىپ بولدى.

مەنىداش سۆزى: پەشتاق.

**مۇنازىرە** (ئىسىم) بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تالاش-تارتىش؛ غۇلغۇلا. مەسىلەن: بۈگۈن ساۋاقداشلار قىزغىن مۇنازىرە ئارقىلىق ئاخىرى ئۈچ نەپەر ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىنى تاللاپ چىقتى. ★ پۇتبول مۇسابىقىسىدە قايسى تەرەپ ئۇتىدۇ، دېگەن مەسىلىدە كەسكىن مۇنازىرە قىلىشتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكار تارقىتىش ئادرېسى

مەنىداش سۆزى: مۇزاكىرە، غۇلغۇلا.

**مۇنازىرىلىشىش** (پېئىل) ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تالاش-تارتىش قىلىش، بەس-مۇنازىرە قىلىش. مەسىلەن: ئۇ ئىككىسى مۇنازىرىلەشكەچ يەنە مېڭىپ، سوقما تامدا ھەم تار، ھەم پاكار بىر ئىشىكنى كۆرۈپ قاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: تالاش-تارتىش قىلىش، بەس-مۇنازىرە قىلىش.

**مۇندەرىجە** (ئىسىم) كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا ئۇنىڭ سەھىپە ناملىرىنى بەت نومۇرى بويىچە كۆرسىتىپ بېرىدىغان روبىخەت. مەسىلەن: تارىم ژۇرنىلىنىڭ مۇندەرىجىسى.

**مۇھىم** (سۈپەت) ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيەتلىك. مەسىلەن: مۇھىم ئىش. مۇھىم مەسىلە. ★ بىر مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالدى. ★ ھازىر بۇ يەرنىڭ ئىشى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ قالدى، ھازىرچە بارالمايمەن.

مەنىداش سۆزى: ئالاھىدە، زۆرۈر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەرزىمەس، ئانچىكى.

**مۆلدۈر** (ئىسىم) ھاۋا بوشلۇقىدىن ياغىدىغان ئۇششاق مۇز پارچىلىرى، كۆپىنچە ئەتىيازنىڭ ئاخىرى ۋە ياز، كۈز پەسلىدە ياغىدۇ. ئۇ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي يەنە ئادەم ۋە چارۋا-ماللارغىمۇ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالىدۇ.

مەنىداش سۆزى: مەندىر.

**مۇشۈك** (ئىسىم) سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، يۇزى يۇمىلاق، گەۋدىسى ئۇزۇن، قۇلاق قالقىنى قىسقا ھەم كىچىك، كۆزى چوڭ، تۆت پۇتى بار، سەكرەشكە ماھىر، تۈكلىرى يۇمشاق، سەزگۈر، چاشقان تۇتالايدۇ. رەڭگى ھەر خىل كېلىدۇ. مەسىلەن: — ۋاي-ۋۇي بالام، بىر مۇشۈك تېپىپ كەلمىسەك بولمىدى، ئۆيدە چاشقان كۆپىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئاپام ماڭا.

**مۇشۈكئېيىق** (ئىسىم) سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تېنىنىڭ

ئۇزۇنلۇقى 130—160 سانتىمېتىر، شەكلى ئېيىققا ئوخشايدۇ. قۇيرۇقى قىسقا، بېشى، كۆكرىكى، قورسىقى، دۈمبىسى ۋە ساغرىسى ئاق؛ تۆت ئايىغى، ئىككى قۇلىقى، ھەم كۆز چەمبىرىكى قارا قوڭۇر؛ تۈكلىرى توم ھەم قېلىن، سوغۇققا چىداملىق، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب رايونلىرىدىكى ئېگىز تاغلاردا بامبۇك شاخلىرىنى يەپ ياشايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىق ھايۋىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**مۇشۇكياپىلاق** (ئىسم) بىر خىل قۇش، قوڭۇر رەڭلىك، قارا سەپكۈنلىرى بار. بېشىدا مۈڭگۈزسىمان پەي-تۈكلىرى بار. كۆزى چوڭ، لېكىن يۇمىلاق، كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، چاشقان، قۇشقاچ قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئاۋازى قورقۇنچلۇق، ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ يەنە «قارىغۇ ياپىلاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەنىداش سۆزى: قارىغۇ ياپىلاق.

**مۈڭگۈز** (ئىسم) كالا، قوي، ئۆچكە، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بېشىدا چىقىدىغان، ئۇزۇنى قوغداش قورالى. مەسىلەن: بۇغا مۈڭگۈزى. قوچقار مۈڭگۈزى. ★ تۈلكە دەرھال ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە دەسسەپ ئازگالدىن چىقىپ قېچىپتۇ.

**مېھنەتكەش** (سۈپەت) مېھنەت، ئەجىر قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان، مېھنەت سۆيەر. مەسىلەن: ئۇ كارخانا پۈتۈن يۇرتتىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ ۋەكىلى. ★ مېھنەتكەش دېھقانلارنىڭ ئەجرىنىڭ مېۋىسى-نان.

مەنىداش سۆزى: جاپاكەش.

**مېھرىلىك** (سۈپەت) باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان، كۆيۈمچان. مەسىلەن: ئۇ كىشى يىغلىۋېدى، قالغان قېرىنداشلىرىمۇ تەڭ يىغلاپ كەتتى، نېمە دېگەن بىر-بىرىگە مېھرىلىك ئادەملەر بۇ، — ھە!

مەنىداش سۆزى: كۆيۈمى بار، شەپقەتلىك، كۆڭلى يۇمشاق.

www.uyghurkitap.com

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كۆيۈمسىز، شەپقەتسىز، باغرى قاتتىق، تاش يۈرەك.

**مېھرىبان** (سۈپەت) باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان، كۆيۈمچان. مەسىلەن: مېھرىبان ئاتا-ئانامنى شۇنداق سېغىنىدىمكى، قانىتىم بولسا ھازىرلا ئۇچۇپ ئۇلارنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتسام. ★ مۇئەللىم بىزگە بەكمۇ مېھرىبان، خۇددى ئۆز ئانىمىزدەك ھالىمىزدىن خەۋەر ئالىدۇ.

مەنىداش سۆزى: كۆيۈمچان، غەمگۇزار، ئىچ كۆيەر.

**مېۋە** (ئىسىم) ① ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ بىر قىسمى، گۈل ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇقدان تەدرىجىي يوغىناپ مېۋىگە ئايلىنىدۇ. ② ئادەتتە ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن بەزى دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنغان سۇلۇق-تاتلىق يەل-يېمىشلەر. مەسىلەن: مېۋە كۆچىتى. مېۋە چۈشمەك. ③ كۆچمە. بىرەر ئىش، ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى، ھوسۇلى. مەسىلەن: سەۋرنىڭ مېۋىسى ئالتۇن (ماقال).

**مىجەز** (ئىسىم) ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خاراكتېرى، خۇسۇسىيى، خۇلقى؛ سالامەتلىكى، كەيپىياتى. مەسىلەن: ئۇنىڭ مىجەزىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ★ «كۆركەم خۇلق-مىجەز ئىككى نەرسە ئارقىلىق يەنى ئىلىم-ئەدەپ، ئۆگىنىش ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئارقىلىق تېپىلىدۇ». ★ بۈگۈن مېنىڭ مىجەزىم يوق مەكتەپكە بارالمىدىم.

**مىلەش** (پېئىل) بىرەر نەرسىنى ئۇۋاق، بوتقىسىمان نەرسىلەرگە تەگكۈزۈش، تىقىش، سۈركەش، يېپىشتۇرۇش. مەسىلەن: ئۇ ناننى ھەدەپ ھالۋىغا مىلەپ يېمەكتە ئىدى. ★ مۇئەللىم مىس سىياھدانىدىكى قويۇق قارا سىياھقا قومۇش قەلەمنى مىلەپ خەت يېزىۋاتاتتى.

**مىللەت** (ئىسىم) ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتلار ئارقىسىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر توپى. مەسىلەن:

قايسى مىللەت بولسمۇ ئوخشاش، جۇڭگو گراژدانى بولسىلا ھەممىسى قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇلۇس.

**مىللىي** (سۈپەت) ①مەلۇم بىر مىللەتكە خاس بولغان. مەسىلەن: مىللىي ئەنئەنە. مىللىي خۇسۇسىيەت. ② **يەرلىك مىللەتكە تەۋە، ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدىغان.** مەسىلەن: مىللىي كادىر. ★ مىللىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈش. ★ سىلەر مىللىيچە ناخشىلارنى ئېيتىشنى ۋە مىللىيچە ئۇسسۇللارنى ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟

**مەنىداش سۆزى:** يەرلىك.

**مىللىيچە** (سۈپەت) **مىللىيلارغا ئائىت، مىللىيلارغا خاس.** مەسىلەن: ھېيت كۈنلىرى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى سەھەر تۇرۇپ تازىلىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ.

# ن

**ناتايىن** (سۈپەت) ئېنىقسىز، نامەلۇم، ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان. مەسىلەن: ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ھەممىسىلا خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاپ، خەلققە كۆيۈنىشى ناتايىن. ★ بۇ ساۋاقداش قاتتىق يارىلىنىپتۇ، پات ئارىدا ئەسلىگە كېلىشى ناتايىن.

**ناتونۇش** (سۈپەت) تونۇشمايدىغان، تونۇش ئەمەس، يات، كۆرۈپ باقمىغان. مەسىلەن: ئېلىنۇر ئۆيدە يالغۇز ئىكەن، ناتونۇش بىر ئادەم كېلىپ ئىشىكنى ئۇرۇپ، مەن تۇرۇبىبا رېمونت قىلىمەن ئىشىكنى ئېچىڭ، دەپتۇ. بىراق ئېلىنۇر تونۇمىغاچقا ئىشىكنى ئاچماپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** تونۇمايدىغان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تونۇش.

**نادان** (سۈپەت) ئىلىم-پەندىن خەۋىرى يوق، ئاڭ چۈشەنچىسى نىسبەتەن تۆۋەن، قالاق، تەربىيىلىنىشى تولۇق بولمىغان، تەربىيە كۆرمىگەن، زېھنى ئىقتىدارى تۆۋەن. مەسىلەن: مەھەللىمىزدىكى ئاياللار نادان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسىغا قاتناشتى. ★ — بالا كىچىك نادان ئەمەسمۇ، خاپا بولمىسىلا، — دېدى ئاپام.

**مەنىداش سۆزى:** بىلىمسىز، قارا قورساق، قارا گۇجۇر، ساۋاتسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئالىم، زىيالىي، بىلىملىك.

**نارازى بولماق** رازى بولماسلىق، قوشۇلماسلىق، توغرا تاپماسلىق، قارشى ئالماسلىق، مەمنۇن بولماسلىق. مەسىلەن: ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ماڭا قارشى چىقتى. ★ ئاپام ماڭا پۇل بەرگەندى، دادام نارازى بولۇپ، — بالىنى پۇلغا يامان ئۆگىتىپ قويىسىز، — دېدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رازى بولۇش، قوشۇلۇش، توغرا تېپىش.

**نارازىلىق** (ئىسىم) رازى بولماسلىق، قايىل بولماسلىق، توغرا تاپماسلىق، قوشۇلماسلىق، نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش، قارشى چىقىش. مەسىلەن: شەھەر خەلقىنىڭ نارازىلىقى كۈچىيىپ، بارغانسېرى خەۋپلىك تۈس ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** قارشىلىق، ناقايىللىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رازىلىق.

**نازۇك** (سۈپەت) نەپىس، سىلىق، ئىنچىكە، ئېسىل، زىلۋا؛ ئەۋرىشىم، نازاكەتلىك. مەسىلەن: قىزلار بۇ مومايغا ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ نازۇك بىر ھەرىكەت بىلەن سالام بەردى. ★ جىددىي پەيتتە ماشىنىنىڭ نازۇك بىر سايمىنى سۇنۇپ كېتىپ، ئىش توختاپ قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاجىز، ئىنچىكە، زىلۋا، چىرايلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قوپال، توم.

**نالە قىلىش** دەرت، ئەلەم، ھەسرەت-نادامەتنى ئىپادىلەيدىغان، دەرتلىك، ئېچىنىشلىق ئاۋاز چىقىرىش، پەرياد چېكىش، پىغان چېكىش، يالۋۇرۇش. مەسىلەن: موماي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاللىكىمگىدۇر نالە قىلىپ يىغلايتتى. ★ چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ، مېڭىسىنى تېشىشكە باشلاپتۇ، يىلان جان ئاچچىقىدا «ۋاي دات» دەپ نالە قىلىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پىغان چېكىش، نادامەت چېكىش، دەرت ئېيتىپ داتلىنىش، زارلىنىش.

**نامرات** (سۈپەت) ① ئىقتىسادىي ناچار، ئېشىنچا پۇل-مېلى يوق، ماددىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان، كەمبەغەل. مەسىلەن: ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئائىلىمىز بەك نامرات ئىدى، مەكتەپتە ئوقۇشقا تېخىمۇ پۇل يوق، ماۋجۇشى بىزنى بۇگۈنكى سائادەتلىك كۈنلەرگە ئېرىشتۈردى. ② قىس، كەم، كەمبەغەل. مەسىلەن: تىلدا نامرات بولۇش-شائىرنىڭ ئەڭ زور مەغلۇبىيىتىدۇر.

**مەنىداش سۆزى:** كەمبەغەل، يوقسۇل.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باي.

**نان** (ئىسىم) ① خېمىرنى بولدۇرۇپ تەييارلىنىدىغان، تونۇر، ئوچاق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە يېقىپ ياكى قازان، دوخۇپكا قاتارلىقلاردا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك. مەسىلەن: بالىسى، — ئاپا نان يەيمەن، — دەپتۇ. ② كۆچمە. ئومۇمەن يەپ-ئىچىلىدىغان، ياشاش ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىلەر؛ پايدا. مەسىلەن: ئەمدىلا بىرئاز نان تېپىۋېدىم، قارىغا، ماۋۇ چاتاقنى.

**ناھايىتى** ① (رەۋىش) ئىنتايىن، بەك. مەسىلەن: بۇ تەكلىپكە دوستۇم ناھايىتى خۇشال بولدى. ② (يۈكلىمە) «پەقەتلا ھەممىسى بولۇپ، جىق بولسا، ئاخىرى بېرىپ، بار-يوقى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئىلى، ئالتاي يېقىنغۇ، ناھايىتى نەچچە كۈنلۈك يول.

**ناۋا** (ئىسىم) سادا، كۈي، ئاھاڭ، مېلودىيە. مەسىلەن: باغدا بىر توپ سازەندىلەر نەغمە-ناۋا قىلىشىپ، مول ھوسۇلغا تەنتەنە قىلىۋاتاتتى.

**نائىلاج** (رەۋىش) ئامال يوق، ئىلاجى يوق، ئىلاجىسىز. مەسىلەن: بوۋاي نائىلاج پەلەمپەيگە قەدەم قويدى ۋە قەددىنى رۇسلاپ كارىدورنىڭ ئىچىگە كىرىپ، يان تەرەپتىكى ئۆيگە ئاستا كىرىپ كەتتى. ★ مەن يەكشەنبە كۈنلىرى ئاپامغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەي دېسەم، ئاپام زادىلا ئۇنىمايتتى، نائىلاج دەرسلىرىمنى تەكرارلاشقا مەجبۇر بولاتتىم.

**نەپ تېگىش** بىرەر ئىش ياكى نەرسىدىن پايدىغا، نەپكە ئېرىشىش، مەنپەئەت ئېلىش. مەسىلەن: ــ سىزگە بۇ نەرسىنى ئىز پۇلغا بەرسەم، ماڭا ھېچقانداق نەپ تەگمەيدۇ، ــ دېدى دۇكانچى. ★ قىز چوڭ بولسا گەپ تولا، ئوغۇل چوڭ بولسا نەپ تولا (ماقال).

**نەپەر** (مىقدار) ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ كىشىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئىككى نەپەر دېھقان. ★ ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچى مەيدان تازىلىقىغا قاتناشتى.

**نەپسى تاقىلداش** يېگۈسى، ئىچكۈسى كېلىپ كېتىش. مەسىلەن: زۇنۇننىڭ نەپسى تاقىلداپ، ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قاراپ قوياتتى. ★ ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ بىردىنلا ئاغزىمغا سېرىقسۇ كېلىپ نەپسىم تاقىلداپ كەتتى.

**نەتىجە** (ئىسىم) ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ يەكۈنى، ئاقىۋىتى، خۇلاسە، ئۈنۈم. مەسىلەن: ئۆگىنىش نەتىجىسى. ھېسابلاپ چىقىرىلغان نەتىجە. ★ ئىمتىھان نەتىجىڭىز قانداق بولدى؟ نەچچە نومۇر ئاپسىز؟

مەنىداش سۆزى: يەكۈن، خۇلاسە، ئۈنۈم.

**نەسىھەت** (ئىسىم) كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان گەپ؛ مەسلىھەت، تەلىم. مەسىلەن: ئەينى ۋاقىتتا ئاتام، ھۆنەر ئۆگەن، ئىلىم ئوقۇغىن، دەپ نەسىھەت قىلسا قۇلاق سالمايتتىمەن.

مەنىداش سۆزى: پەند، پەند-نەسىھەت، ۋەز.

**نەسىھەت قىلىش** بىرەر ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە سەمىمىيلىك بىلەن گەپ قىلىش، تەلىم

بېرىش، يول كۆرسىتىش. مەسىلەن: ئۇ بالىسىغا ئەسكى بالىلار بىلەن ئارىلاشماسلىق، يامان ئىشلارنى قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى.

مەنىداش سۆزى: تەربىيە بېرىش.

**نەشپۈت** (ئىسىم) ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق. مېۋىسى سۇلۇق تاتلىق، ئىستېمال قىلىنىدۇ. سورتى كۆپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. كورلىنىڭ نەشپۈتى ئەڭ داڭلىق. مەسىلەن: نەشپۈت دەرەخلىرى ئاپئاق ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

**نەشتەر** (ئىسىم) ① يارىنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۆتكۈر تىغ. ② زەھەرلىك ھاشارەتلەرنىڭ چاقىدىغان ئەزاسى. مەسىلەن: سوغۇق شامال ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى.

**نۇر** (ئىسىم) ① قۇياشتىن تارالغان يورۇقلۇق. مەسىلەن: مەن ئاي نۇرىدا ھېلىقى ئادەمنىڭ تاكسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ② ھەقىقەت، بەخت-سائادەت، ئەركىنلىك ۋە مەرىپەت قاتارلىقلارنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىلىم-پەن چوققۇم، / ماڭا نۇر چاچار.

مەنىداش سۆزى: يورۇقلۇق.

**نۇرلۇق** (سۈپەت) نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، نۇر چاچىدىغان، يورۇق. مەسىلەن: چولپان يۇلتۇز باشقا نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا قارىغاندا ناھايىتى نۇرلۇق. ★ — مەن، — دەپتۇ قىز چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلىرىنى مۇئەللىمگە تىكىپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: نۇرسىز، خىرە.

**نۇرلىنىش** (پېئىل) نۇر ياغدۇرۇش، نۇر چېچىش، پارقىراش. مەسىلەن: سەلىمەنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. ★ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدىكى چىراقنىڭ تولالىقىدىن كېچە گويا كۈندۈزدەك نۇرلىنىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: پارقىراش، چاقناش، پارلاش.

**نۇقسان** (ئىسىم) كەمچىلىك، ئىللەت، قۇسۇر. مەسىلەن: ۋىجدانى ھەم پاكارلىقى ئۇنىڭ مەنسىپىگە نۇقساندى.

مەنىداش سۆزى: ئىللەت، قۇسۇر، كەمچىلىك.

**نوۋەتلىشىش** (پېئىل) بىرىنىڭ ئورنىنى يەنە بىرى ئېلىش، ئىگىلەش، ئالمىشىش. مەسىلەن: ئۇلار ھەر ھەپتىدە بىر كۈندىن نوۋەتلىشىپ سىنىپ تازىلايدۇ. ★ ئەۋلاد ئەۋلاد بىلەن نوۋەتلىشىپ، ھايات داۋام قىلماقتا.

**مەنىداش سۆزى: ئالمىشىش.**

**نىجات** (ئىسىم) ①خالاس بولۇش، قۇتۇلۇش. مەسىلەن: شەرق قىزاردى، / كۈن چىقتى، / جۇڭگودىن چىقتى ماۋزېدۇڭ، / ئۇ خەلققە بەخت ئىزلەيدۇ. / ئۇ خەلقىنىڭ نىجات يۇلتۇزى. ②ئەرلەرنى ئىسمى.

# ھ

**ھارغىن** (سۈپەت) ھارغان، چارچىغان، تالغان. مەسىلەن: دادام يوغان ھارغىن كۆزلىرىنى ئاكامغا تىكىپ، ساقاللىرىنى سىلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ★ كاتىپ ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ ھارغىن چىرايىغا قاراپ، — كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ چارچىدىڭىز، نېمىشقا ئارام ئالمايسىز؟ — دېدى.

**مەنىداش سۆزى: چارچىغان.**

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ھارماس، تالماس، چارچىماس.**

**ھارماس** (سۈپەت) ھارمايدىغان، چارچىمايدىغان؛ كۈچ-قۇۋۋىتى كۆپ، غەيرەتلىك. مەسىلەن: ھارماس ئايال. ھارماس يىگىت. ★ قاينام بول، ئۆركەش بول، ھارماس كاراپ بول، / شائىرنىڭ ئارمىنىنى ئاشۇر ئەمەلگە، / ئوغلى بول، ۋارىسى، سۈنماس قانات بول، / ئۇ بىزنى ئاتىغان ئاخىرقى جەڭگە.

**مەنىداش سۆزى: چارچىماس.**

**ھازىدار** (ئىسىم) يېقىن ئادىمىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، ئۇنىڭغا ھازا تۇتۇۋاتقان، قارىسىنى ئۈشتۈمىگەن ئادەم. مەسىلەن: قوشنىمىز تۆكەپ كەتكەندى، ئاپام بۇگۈن ھازىدارلارغا ئىسسىققىنا تاماق ئېتىپ ئەكىردى.

**ھاسىراش** (پېئىل) ئېغىر ئەمگەك ياكى چارچاشتىن كېيىن،

نەپەس تېزلىشىپ كېتىش. مەسىلەن: قېرى مايمۇن ھاسىرىغان ھالدا: «بولدى، بولدى، سىۇدىن ئايىنى سۇزمەيلا قويۇڭلار، ئاي ھېلىمۇ ئاسماندا ئىكەن» دەپتۇ. ★ ئۇ قوشتىن چىقارغان كالىدەك ئۇزۇنغىچە ھاسىرىدى.

**ھاسىل** (رەۋىش) پەيدا، مەۋجۇت. مەسىلەن: ھاسىل بولماق ھاسىل قىلماق. ★ ئەلقىسە، پەرزەنتلەر بوۋاقلىقتىن ئايرىلدى، يەتتە ياشقا كىردى، مەكتەپكە باردى، ئوقۇپ ئىلىم ھاسىل قىلدى. ★ ئۇ تىرىشىپ ئوقۇغانسېرى كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ئېشىپ، داشۆگە چىقىپ ئوقۇش ئۈمىدى ھاسىل بولۇشقا باشلىدى.

**ھاڭ-تاڭ قالماق** بىرەر ئىشقا ئەجەبلىنىپ ھەيران قالماق، ھاڭ قېتىپ قالماق. مەسىلەن: بۇ مەنزىرىگە قاراپ ساۋاقداشلار ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

**مەنداش سۆزى:** ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك.

**ھالاۋەت** (ئىسىم) لەززەت، زوق، راھەت، ھۇزۇر. مەسىلەن: ھالاۋەت كۆرمەك. ★ جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق. ★ ئەمدى ئۇ بۇ گۈلزارلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىجادىي مېھنىتىنىڭ ھالاۋەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى.

**مەنداش سۆزى:** راھەت-پاراغەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غۇربەتچىلىك، يوقسۇزلۇق.

**ھامان** (رەۋىش) داۋاملىق، توختىماي، دائىم، ھازىرغىچە، ھېلىھەم، ئاخىرقى ھېسابتا، چوقۇم، بەرىبىر. مەسىلەن: ئارمان بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىمۇ ھامان ئۆزىنىڭ بىرىنچى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

**مەنداش سۆزى:** بەرىبىر، چوقۇم، ئاخىر.

**ھاياجان** (ئىسىم) بىرەر پەۋقۇلئاددە ھالەتتىن، ۋەقە ياكى خەۋەردىن پەيدا بولغان ئىچكى جىددىيلىك، ئۆز-ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق. مەسىلەن: ھاياجانغا سالماق. ھاياجىنىنى باسالماسلىق. ★ مۇئەللىمنىڭ ھاياجانغا تولغان كۆزلىرىدىن بىرنەچچە تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

**ھاياجانلىنىش** (پېئىل) ھاياجانغا چۆمۈش، ھاياجانغا كېلىش. مەسىلەن: ئۇنى كۆرۈپ لەيلىگۈلنىڭ قەلبى ھاياجانلىنىپ كەتتى. ★ ئۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھاياجانلانغىنىدىن گەپمۇ قىلالمىدى.

**ھايۋان** (ئىسىم) ① ھەرىكەت قىلىش ۋە سېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ئىنساندىن باشقا ھەربىر مەۋجۇدات؛ جانىۋار. مەسىلەن: سىز قايسى ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى دېمەي بېرەلەيسىز. ② كۆچمە. قوپال، مەدەنىيەتسىز، شەپقەتسىز ئادەملەرگە قارىتىلغان ھاقارەت سۆزى. مەسىلەن: — يوقال ھايۋانلار، — دەپ ۋارقىرىدى بوۋام.

**ھەددىدىن زىيادە** ئادەتتىكى نورمال ئۆلچەمدىن جىق، ھەددىدىن ئارتۇق. مەسىلەن: قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ماشىنىنى ھەددىدىن زىيادە تېز ھەيدەشتىن سادىر بولىدۇ. ★ ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈشمۇ باللارنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ ھەمدە باللارنىڭ ئاتا-ئانىلارغا يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئادەتتىن تاشقىرى.

**ھەرگىز** (رەۋىش) پەقەت، زادى، ئەسلا، قەتئىي. مەسىلەن: ئۇ ئەمدى ئۆزىنى قانچە ئەيىبلىسىمۇ بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەرگىز ئەسلىگە كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ★ — دۈشمەننىڭ ماشىنىلىرى ئەمدى بۇ كۆۋرۈكتىن ھەرگىز ئۆتەلمەيدۇ، — دېدى ئىشەنچى بىلەن پارتىزانلار باشلىقى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەسلا، قەتئىي، زادى.

**ھەرىكەت** (ئىسىم) ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىنچ ھالەتتىن ئۆزگىرىشى؛ قىمىرلىشى. مەسىلەن: پۇت-قول ھەرىكىتى. ھەرىكەتتىن توختىماق. ② جىسىملارنىڭ ئۆز ئورنىنى ئۆزگەرتىش ھادىسىسى، ئالەمدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئۆزگىرىش ۋە جەريانلار. مەسىلەن: پۈتۈن كائىنات ھەرىكەتلەندى، زېمىن كۆكەردى، دەل-دەرەخلەر كۆكلىدى، قۇرۇت-قوڭغۇزلار تىرىلدى، ئادەملەرمۇ تەرەققىي قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىش-ئوقەت، بەرىكەت.

**ھەسەن-ھۈسەن** ئاتموسفېرادىكى بىر خىل نۇر ھادىسىسى، يەنى قۇياش نۇرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئۇششاق سۇ تامچىلىرى

ئارىسىدىن ئۆتكەندە سۇنۇشى ۋە قايتىشىدىن شەكىللىنىدىغان رەڭلىك ياي. سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ قىزىل، ئاپلىسىن رەڭ، سېرىق، يېشىل، كۆك، قارا كۆك ۋە بىنەپشە رەڭدە كۆرۈنىدۇ. ئادەتتە قۇياشقا ئۇدۇل يۆنىلىشتە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: كىچىك دوستلار سىلەر ھەسەن-ھۈسەننى كۆرۈپ باققانمۇ؟ يامغۇر ياققان كۈنلىرى دىققەت قىلساڭلار كۆرەلەيسىلەر!

**ھەسرەت** (ئىسىم) روھىي ئازاب، غەم-قايغۇ، دەرت-ئەلەم. مەسىلەن: ھەسرەت چەكمەك. ★ — ۋاي ئىسىت، بەك بالدۇر كېلىپ قاپتىمەن، توڭلاپ كەتتىم! — دېپ ھەسرەت چېكىپتۇ قارلىغاچ.

**مەنىداش سۆزى:** نادامەت، ئازاب، ئەلەم.

**ھەسرەتلىنىش** (پېئىل) روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىش، دەرت-ئەلەم تارتىش، ئۆكۈنۈش، قايغۇ-نادامەتتىن پۇچۇلىنىش. مەسىلەن: دېھقان ئېتىز بېشىغا بېرىپ، كېچىچە ياغقان قارغا كۆمۈلۈپ ياتقان پاختىلارغا قاراپ، قاتتىق ھەسرەتلىنىپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىر ياز ئەجىر قىلغان پاختىسى بىر قېتىم تەرمەي تۇرۇپلا يوققا چىققانىدى.

**مەنىداش سۆزى:** قايغۇرۇش.

**ھەشەمەتلىك** (سۈپەت) خېلى ھەشەمىتى بار، داغدۇغىسى چوڭ، دەبدەبىلىك، ھەيۋەتلىك، سۆلەتلىك، كۆركەم. مەسىلەن: تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئۇرۇمچىدە يېقىنقى نەچچە يىل ئىچىدە نۇرغۇن ھەشەمەتلىك يەر ئاستى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلىرى سېلىندى.

**مەنىداش سۆزى:** كاتتا، ھەيۋەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاددىي.

**ھەشقىپىچەك** (ئىسىم) يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى ياماشقۇچى غول (يۆگىمەچ غول)، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە، ئادەتتە ئۇچكە يېرىلىدۇ. ئۇزۇن ساپاقلىق گۈل تاجى ۋارۇنكا شەكىللىك، ئادەتتە سۈس قىزىل، توق قىزىل، سۆسۈن كۆك، تۇۋى قىسمى ئاق رەڭدە

كېلىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، مېۋىسى غوزا، مېۋە، ئۇرۇقى سۇرگە دارىسى قىلىنىدۇ. مەسلەن: ھەشقىپىچەكنىڭ گۈلى ئەتىگەن، كەچتە ئېچىلىدۇ.

**ھەل** ① (ئىسىم) ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ ياكى قوغۇشۇن، ئالىيۇمىن قاتارلىقلارنىڭ ئۇۋۇندىسىدىن ياسالغان بوياق. ② (سۈپەت) بىر تەرەپ قىلىنغان، بىر تەرەپ بولۇنغان. مەسلەن: مېنىڭ مەكتەپتىن يۆتكىلىش ئىشىم ھەل بولدى.

**ھەمراھ** (ئىسىم) ① بىرگە سەپەر قىلىدىغان، خىزمەت ئىشلەيدىغان ياكى بىرگە ياشايدىغان كىشى، ھەمسەپەر؛ يولداش. مەسلەن: ھەمراھ بولماق. ★ مېنىڭ بىر ھەمراھىم مۇشۇ دەرياغا چۆكۈپ ئۆلگەنىدى.
② پلانېتنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسمى. مەسلەن: ئاي يەر شارىنىڭ ھەمراھى.

مەنىداش سۆزى: يولداش.

**ھەممەيلەن** (ئالماش) ھەممە كىشى، ھەممە ئادەم. مەسلەن: مۇئەللىم ئۇستەل يېنىغا كېلىپ ھەممەيلەننىڭ سوۋغىلىرىنى كۆردى. ★ بۇ مەسىلىدە شاھ باشلىق ھەممەيلەنگە خوپ كەپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ھەممىسى، بارچىسى.

**ھەمىشە** (رەۋىش) ھەرقانداق ۋاقىت، ھەممە ۋاقىت، ھەر چاغ، دائىم. مەسلەن: ئۇ مۇئەللىم قاچانلا بولسا ساۋاقداشلارغا مۇئامىلە قىلغاندا، ھەمىشە سەممىي ۋە قىزغىن ئىدى. ★ نۇرشات ھەمىشە تەكرارغا كىچىكىپ كىرىدۇ.

مەنىداش سۆزى: دائىم، ھەر چاغ، ھەرقاچان.

**ھەۋەسكار** (ئىسىم) بىرەر نەرسىگە قىزىقىدىغان، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، ياكى شۇ نەرسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم. مەسلەن: ئۇ مۇزىكا ھەۋەسكارى ئىدى. ★ بۈگۈن ئىشتىن سىرتقى توپ ھەۋەسكارلىرى مۇسابىقە ئۆتكۈزىدىكەن.

مەنىداش سۆزى: ئىشتىراكچى.

**ھەيران بولۇش** تەئەججۈپلىنىش، ھاڭ-تاڭ بولۇش، نېمە

قىلارنى بىلمەي ئىسەنگىرەش. مەسلەن: بۇنىڭغا ھەيران بولما، مەن خەت ئوقۇيالايدىغان بولدۇم. ★ كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرغانلار بۇ كۆتۈلمىگەن ئىشتىن ھەيران بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەجەبلىنىش، ھاڭ-تاڭ بولۇش.

**ھويلا-ئارام** ھويلا ۋە ھويلا ئەتراپىدىكى بەلگىلىك دائىرە. مەسلەن: ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈپ يۈرگەن بالىنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازى كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى. ★ ھويلا-ئارام گۈل چېچەككە پۈركەنگەنىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىشىك ئالدى، قورۇ.

**ھودۇقۇش** (پېئىل) نېمە قىلىشنى بىلمەي ساراسىمگە چۈشۈش، تەمتىرەش، گاڭگىراش. مەسلەن: ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمنى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ كەتتى. ★ ئىمتىھانغا ئاز قالغانچە ئۇلار ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي، كېچىلىرىمۇ تۈزۈك ئۇيقۇسى كەلمەيتتى.

**مەنىداش سۆزى:** تەمتىرەش، گاڭگىراش.

**ھۇزۇر** (ئىسىم) ① راھەت، پاراغەت، ئارام، لەززەت، تىنچلىق، خاتىرجەملىك. مەسلەن: بېقىملىق مۇزىكىلار ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ② بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىدە، قېشىدا، يېنىدا، كۆز ئالدىدا بولۇش. مەسلەن: پادىشاھ ئۇستازىدىن «ئۇستازىم قانداقراق تۇردىلىكىن» دەپ سوراپتۇ. «ئۇستاز،-ھوزۇرلىرىدا ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن»، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** لەززەت، دۆلەتلىرىدە ياكى يانلىرىدا.

**ھۆددىسىدىن چىقىش** بىرەر-ئىش ھەرىكەتنى تولۇق ئورۇنداش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئەھدىسىدىن چىقىش. مەسلەن: باللارنى باشقۇرالمىسىڭىز ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق-چىقىسىز؟

**مەنىداش سۆزى:** ئەھدىسىدىن چىقىش.

**ھۆددىلەش** (پېئىل) جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش، كۆتۈرگە ئېلىش. مەسلەن: ئاكام بۇ باغنى 15 يىللىق ھۆددىلىۋالغان. ★ ــ بۇ سىنىپتىكى باللارنى تەربىيىلەپ ئالدىنقىلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈشنى مەن ھۆددىلىۋالدىم، ــ دېدى بىزنىڭ مۇئەللىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنىداش سۆزى: كۆتۈرە ئېلىش.

**ھۆر** (سۈپەت) باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان، ئەركىنلىكى ئۆزىدە بولغان؛ ئازاد، ئەركىن. مەسىلەن: ھۆر ئادەم. ھۆر زامان. ★ گۈللەندى يېپەك يۇرتى، / نۇر چاچقاچ قۇياش پارلاق. / توي بولدى ئەجەب قايناق، / ھۆر تاڭدا مۇقام قايناق.

مەنىداش سۆزى: ئازاد، ئەركىن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چۆرە، دېدەك، قۇل.

**ھۆرمەت** (ئىسىم) ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشىنىش ئۇنى ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش ئەزىزلەش تۇيغۇسى. مەسىلەن: ۋەتەنگە ھۆرمەت. ئوقۇتقۇچىغا بولغان ھۆرمەت. ★ ھۆرمەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن، چاپاپ بىسەڭ، لەززەت تاپارسەن (ماقال). ★ ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆز ئۆرپ-ئادىتى بار، بىز بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئىززەت.

**ھۆسن** (ئىسىم) ① چىراي، جامال، كۆرك، گۈزەللىك. مەسىلەن: ئۇنىڭ ھۆسنى سەھنىگە گىرىمسىز چىقسىمۇ پۈتۈن زالنى نۇرلاندۇرۇۋەتكۈدەك ئىدى. ② (سۈپەت) چىرايلىق قىلىپ يېزىلىدىغان، نەپىس، كۆركەم، گۈزەل. مەسىلەن: ھۆسنخەت.

مەنىداش سۆزى: چىراي، جامال.

**ھۇپپىدە** (رەۋىش) «ھۇپ» قىلغان ھالدا، «ھۇپ» قىلىپ. مەسىلەن: ئۇنىڭ يۈزى ھۇپپىدە قىزاردى. ★ يەسمەن گۈلى ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەندى.

**ھۈنەر** (ئىسىم) ① كىشىلەر ئۆگىنىپ، ماھارىتىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايدىغان كەسىپ، مۇلازىمەت. مەسىلەن: ھۈنىرى بار قول ئۆلمەس (ماقال). ② ئۇستىلىق، سەنئەت، ماھارەت. مەسىلەن: ھۈنىرىنى كۆرستىش. ③ چارە-تەدبىر، ھىيلە-مىكىر، ھەييارلىق. مەسىلەن: ھۈنەر ئىشلەتمەك. ④ خۇي، قىلىق. مەسىلەن: ھۈنەر چىقارماق.

مەنىداش سۆزى: ماھارەت.

**ھېچكىم** (ئالماش) ھېچقانداق ئادەم، ھېچ كىشى، ھېچبىر ئادەم. مەسلەن: يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمەس.

مەنىداش سۆزى: ھېچ كىشى، ھەرقانداق ئادەم.

**ھېس قىلىش** دەسلەپكى تونۇشقا كېلىش، سېزىش، تۇيۇش. مەسلەن: ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ھېس قىلغاندەك ئەتراپقا قارىدى. ★ مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدىم.

مەنىداش سۆزى: تۇيۇش، بىلىش، سېزىش.

**ھېساب** (ئىسىم) ① نەرسىلەرنىڭ سانىنى، مىقدارىنى ساناپ ئېنىقلاش؛ ساناش. مەسلەن: ئاغزاكى ھېساب. ② ھېسابات، ھېساب-كىتاب. مەسلەن: بۇ ھېساب تۈگىدى، قايتا تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ③ ئارىفمېتىكا. مەسلەن: ئۇ ھېسابقا ئۇستا ئىدى. ④ نەتىجە. مەسلەن: ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ توغرا.

**ھېسابسىز** (سۈپەت) ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، بىھېساب، ناھايىتى نۇرغۇن، سانسىز. مەسلەن: ھېسابسىز مال-دۇنيا. ھېسابسىز يۇلتۇز. ★ تاغ باغرىدىكى ھېسابسىز نەسلىلىك ئاق قويلار يىراقتىن خۇددى ئۇزۇپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلاردەك كۆرۈنەتتى.

مەنىداش سۆزى: نۇرغۇن، بىھېساب، سان-ساناقسىز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چەكلىك، ھېسابلىق.

**ھېكمەت** (ئىسىم) ① ھەددىدىن زىيادە دانالىق، دانىشمەنلىك، ئەقىل-ئىدراك. مەسلەن: ئىلىم-پەنگە ئاقىدۇ، / يۈرىكىمدە مۇھەببەت. / بىلىم ھېكمەت بېغىدىن، / گۈل ئۈزىمەن تا ئەبەت. ② بىلىش، چۈشىنىش قىيىن بولغان يوشۇرۇن، چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن سىر؛ مۆجىزە. مەسلەن: ئۇرۇش دېگەننىچۇ، — بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ.

**ھېكمەتلىك سۆز** ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يەكۈنلەنگەن چوڭقۇر مەنىلىك

www.uyghurkitap.com



سۆز-ئىبارىلەر، جۈملىلەر. مەسىلەن: ھېكمەتلىك سۆز. ھېكمەتلىك ئۆزۈك.
★ مەن «خىجىل بولماي دېسەڭ خاتا ئىش قىلما» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىپ چىقتىم.

**ھېلىغىچە** (رەۋىش) ھازىرغا قەدەر، تا بۈگۈنگىچە. مەسىلەن: — ئەي ئۇلۇغ شاھ، ھېكىم ھېلىغىچە ھېچكىمگە يامانلىق قىلغىنى يوق، — دەپتۇ ۋەزىر. ★ مەن ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئەسكىلىكىنى ھېلىغىچە ئۇنتالمىدىم.
مەنىداش سۆزى: ھازىرغىچە، مۇشۇكەمگىچە، ھازىرغا قەدەر.

**ھېلىقى** (ئالماش) بايىقى، ئابايىقى. مەسىلەن: ھەر قېتىم قولنى يانچۇقىغا سالغاندا ئۇرۇنۇپ تۇرغان ھېلىقى كونۇپىرت ئۇنى ئېغىر خىياللارغا باشلايتتى. ★ سوپىسوپىياڭنىڭ ھېلىقى بالىسى ئۇنى مەززە قىلىپ يەپتۇ.

**ھىيلىگەر** (ئىسىم) ھىيلە-مىكىرگە ئۇستا، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مەككار، ساختىپەز، قۇۋ ئادەم. مەسىلەن: ئۇنىڭ ھىيلىگەر ئادەم ئىكەنلىكىنى مەن خېلى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم. ★ ھىيلىگەر تۈلكە قاغىنى ئالداپ قاق دېگۈزۈپ، قاغىنىڭ ئاغزىدىن چۈشكەن گۆشنى ئېلىپ قېچىپتۇ.
مەنىداش سۆزى: قۇۋ، ھارامزادە، مۇغەمبەر، نەيرەڭۋاز.

# ئو

**ئوتلاق** (ئىسىم) ئوت-چۆپلەر ئۆسكەن، ئوت-چۆپ بىلەن پۈركەنگەن جاي، يايلاق، چۆپلۈك. مەسىلەن: بىر بالا كەنتكە يېقىن بىر ئوتلاقتا قوي باقىدىكەن. ★ قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جايلار قاشالاشتۇرۇلغان ئوتلاق بەرپا قىلدى.
مەنىداش سۆزى: يايلاق.

**ئورۇن** (ئىسىم) بىرەر نەرسە ئىگىلەپ تۇرغان ئورۇن، جاي، يەر؛ مەيدان ياكى بوشلۇق. مەسىلەن: سېنىڭ سومكاڭ ئۆزۈڭ قويغان ئورۇندا

تۇرۇپتۇغۇ، ئەنە. ★ مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇۋاپسەنغۇ. ★ ئىمتىھان قەغىزىدىكى بوش ئورۇننى تولدۇردۇم، توغرا-خاتانى ئايرىش قەپقالدى.

مەنىداش سۆزى: جاي، يەر.

**ئوغۇت** (ئىسىم) تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرلەرگە چېچىلىدىغان مال-ۋارانلارنىڭ قىغى ۋە خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ياسالغان شۇنداق رولغا ئىگە نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن: ئوغۇت تويلىماق. ئوغۇت توشۇماق. ★ بالام ئىشەك ھارۋىسىنى قاتساڭ، بۇغداي تېرىيدىغان يەرگە ئوغۇت توشۇۋېتەيلى.

مەنىداش سۆزى: قىغ.

**ئوق يىلتىز** يىلتىزنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل يىلتىزنىڭ ئاساسى قوزۇق شەكلىدە بولىدۇ؛ كاپۇستا، بەسەي، تۇرۇپ، سەۋزە، كېۋەز قاتارلىقلار ئوق يىلتىزلىق ئۆسۈملۈك. مەسىلەن: ئىنسانلار بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوق يىلتىز قىسمىنى يەيدۇ.

مەنىداش سۆزى: تۈپ يىلتىز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چاچما يىلتىز.

**ئوڭايسىزلىنىش** (پېئىل) بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالغا قارىتا ئوڭايسىز بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش؛ خىجالەتچىلىك ئىچىدە قىلىش. مەسىلەن: ئۇ مۇئەللىمنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: مۇشكۇللۇكتە قېلىش، خىجىللىقتا قېلىش.

**ئوڭۇشلۇق** (سۈپەت) مۇۋەپپەقىيەتلىك، غەلىبىلىك، جايىدا. مەسىلەن: بۈگۈن مەن ئىمتىھاندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتۈپ كەتتىم. ★ — ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولغاندۇ؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

مەنىداش سۆزى: نەتىجىلىك، كۆڭۈلدىكىدەك، غەلىبىلىك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: نەتىجىسىز، ئوڭۇشسىز.

**ئولتۇرۇش** I (پېئىل) ① ئۆرە تۇرماي، يەر، ئورۇندۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر جاي ياكى نەرسىگە ساغرىسىنى چاپلاپ

جايلىشىش، ئورۇنلىشىش. مەسىلەن: مەن بىرىنچى گۇرۇپپ 2-پارتىدا ئولتۇرىمەن. ② ھېچ ئىش قىلماي ۋاقتىنى بوش، بىكار ئۆتكۈزۈش. مەسىلەن: مەن ئۆيگە كىرسەم ئاكام بىكار ئولتۇرغانىكەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆرە تۇرۇش، تىك تۇرۇش.

**ئولتۇرۇش** Ⅱ (ئىسىم) بىرنەچچەيلەن بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىش ياكى ئويۇن-تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەت، چاي. مەسىلەن: ئۇلار بۇندىن بىر يىل بۇرۇن بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا تونۇشۇپ قالغانىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** چاي، زىياپەت.

**ئويۇن** (ئىسىم) كىشىلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن زوق بېغىشلايدىغان، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، مەشغۇلات، مۇسابىقە، بەسلىشىش قاتارلىق ئەركىن ھەرىكەت. مەسىلەن: باللار ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ قەندەلىنىڭ چېقىلغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ★ ئۇلار تىياتىرخانىغا ئويۇن كۆرگىلى كەتتى. ★ مەكتەپتە باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر خىل ئويۇنلار قىزىپ كەتكەندى.

**مەنىداش سۆزى:** تاماشا.

**ئويۇن قىلىش** چاقچاق قىلىش، ئوينىشىش. مەسىلەن: كەنتتىكىلەر ئۇنى يەنىلا ئويۇن قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ كارى بولماپتۇ. ★ ماڭا ئويۇن قىلماي، ئۆز تەكتۈشلىرىڭغا ئويۇن قىلساڭ بولمامدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** چاقچاق قىلىش، چىقىشىش.

**ئويۇن كۆرسىتىش** ① كىشىلەرگە خۇشاللىق، زوق ئاتا قىلىدىغان تۈرلۈك سەنئەت خاراكتېرىدىكى ئويۇن-نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش. مەسىلەن: بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇستازلىرىغا ئۆزلىرى تەييارلىغان ئويۇنىنى كۆرسىتىشتى. ② كۆچمە. قۇۋلۇق-شۇملۇق قىلىش، سۇيىقەست قىلىش، ھىيلە ئىشلىتىش. مەسىلەن: بولدى، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىلىك ئويۇن كۆرسەتكەنلىرىمۇ يېتەر.

**ئويلاش** (پېئىل) بىرەر نەرسىنى ئەسكە ئېلىپ، پىكىر قىلىش،

مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش. مەسىلەن: ئاپا مەن بەزىدە نېمىشقا چوڭلارنىڭ ئوقۇيدىغان دەرسى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** ياد ئېتىش، ئەسلەش، مۇلاھىزە قىلىش، پىكىر قىلىش.

**ئويناقلاش** (پېئىل) يەڭگىل، شوخ ھەرىكەت قىلىش، ئەركىلەش. مەسىلەن: ئۇچقىن، ئۇچقىن كەپتىرىم، / كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىل. / موللاق ئېتىپ ئويناقلاپ، / كۆڭۈللەرنى خۇشال قىل. ★ تايچاق ئويناقلاپ تۇرۇپ ئاپىسىدىن: — مەن نېمە ئىش قىلاي، — دەپ سوراپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئەركىلەش، تۇيلاقلاش.

# ئۇ

**ئۇپۇق سىزىقى** گورىزونتال يۆنىلىشتە قارىغاندا، ئاسمان بىلەن يەر چېگرىلىنىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان سىزىق. مەسىلەن: قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئىللىق نۇرىنى بىپايان زېمىنغا چاچتى.

**مەنىداش سۆزى:** يەر بىلەن ئاسماننىڭ چېگراسى.

**ئۇتۇش** (پېئىل) كۈچ سىنىشىش، مۇسابىقە، ئويۇن قاتارلىقلاردا بەسلەشكۈچى قارشى تەرەپتىن ئۈستۈن كېلىش، يېڭىش. مەسىلەن: شۇ كۈنكى مۇسابىقىدە مەن بار كۈچۈم بىلەن غەيرەت قىلىپ يۈگۈرۈپ دىلمۇراتتىن ئۈچ قەدەم بالدۇر پەللىگە يېتىپ، ئۇنى ئۇتۇۋالدىم.

**مەنىداش سۆزى:** يېڭىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇتتۇرۇش، يۇتقۇزۇش.

**ئۇجۇقۇش** (پېئىل) ① ئۆلۈش، تۇنجۇقۇش، يوقاش. مەسىلەن: ياسىن قولىغا پالاقنى ئېلىپ، ۋىڭىلداپ يۈرگەن چىۋىننى بىرنى سالغانىدى چىۋىن، شۇ ھامان ئۇجۇقتى. ② گەپ قىلالماي، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىش.

مەسلەن: ئەتىگەندىن ھېچكىمگە گەپ بەرمەي ۋارقىراپ-جارقىراپ ئاشخانىنى بېشىغا كىيگەن بۇ لۈكچەك، ساقچىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇجۇقۇپ جىم بولدى.

مەنداش سۆزى: ئۆلۈش، يوقاش.

**ئۇچراش** (پېئىل) ئۇدۇلىدىن، قارىشىسىدىن چىقىش. روبىروسىغا كېلىپ قېلىش، تېپىلىش، كاشىلىغا يولۇقۇش. مەسلەن: قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ (ماقال). ★ شۇنچە قېتىم ئىزدەپ بارسام تاپالمىدىم، بۈگۈن ئۆزۈك ئۇچراپ قالدىڭ. ★ بۈگۈن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئالىم بىلەن ئەختەم ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ زەخىملىنىپتۇ.

مەنداش سۆزى: روبىرو كېلىپ قېلىش، توغرا كېلىش.

**ئۇچۇش** (پېئىل) قانات ياكى باشقا ۋاستە ئارقىلىق كۆككە ئۆرلەش، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈش. مەسلەن: توخۇ ئۇچسا تامغا قونار، لاچىن ئۇچسا تاغقا قونار (ماقال). ★ كەپتەرنىڭ باللىرى ئۇچۇش ئۈچۈن قاناتلىرىنى كېرىپ پالاقشىپ باقتى.

مەنداش سۆزى: پەرۋاز قىلىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: چۈشۈش.

**ئۇدۇل** (سۈپەت) مەلۇم نەرسىنىڭ ئوتتۇرى، ئەگرى ئەمەس، ئالدى تەرىپى. مەسلەن: ئۇدۇل چىش. ★ مۇشۇ يولنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭسىڭىز بىزنىڭ مەكتەپكە بارىسىز.

مەنداش سۆزى: ئالدى، تۈپتۈز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قىڭغىر، ئەگرى، كەينى.

**ئۇرۇشۇش** (پېئىل) ئۇرۇش-تالاش قىلىشىش، جېدەللىشىش، ماجىرالىشىش. مەسلەن: مەن مۇندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇرۇشمايمەن، تىللاشمايمەن، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ، ئاكا-ئۇكىدەك ئۆتىمەن.

مەنداش سۆزى: سوقۇشۇش.

**ئۇسسۇل** (ئىسىم) رېتىملىق ھەرىكەتلەر ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. مەسلەن: خەلق ئۇسسۇلى. ★ ئاينۇر مەكتەپتە ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇيدۇ.

**ئۇسۇل** (ئىسىم) بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى، تەرتىپى. مەسىلەن: پىكىر قىلىش ئۇسۇلى. ★ ئۇنى قايسى خىل ئۇسۇلدا يۆتكىسە بىخەتەر بولىدۇ؟

مەنىداش سۆزى: ئامال، چارە.

**ئۇسۇل-چارە** ئۇسۇل ۋە چارە. مەسىلەن: مۇئەللىم ماھىرەنىڭ رەسىم سىزىش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىرەر ئۇسۇل-چارە تېپىش مەقسىتىدە ئۆيدىكىلەردىن مەسلىھەت سورىدى.

**ئۇشتۇمتۇت** (رەۋىش) كۈتۈلمىگەندە، تۇساتتىن، بىردىنلا، تاساددىپىي، تۇيۇقسىز. مەسىلەن: ئۇشتۇمتۇت ئېتىلغان پوجاڭزا ئاۋازىدىن كۆپچىلىك چۆچۈپ كەتتى. ★ دەل شۇ چاغدا ئىلھام ئۇشتۇمتۇت ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

مەنىداش سۆزى: تۇيۇقسىز، كۈتمىگەندە، تۇساتتىن.

**ئۇلاش** (پېئىل) ① يىپ، سىم، ئارقان قاتارلىقلارنىڭ ئۇچلىرىنى باغلاپ، چىگىپ بىرلەشتۈرۈش. مەسىلەن: سىمنى ئۇلىماق. ② بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇش، تۇتاش ھالەتكە كەلتۈرۈش. مەسىلەن: تېلېفوننى مۇدىر ئىشخانىسىغا ئۇلاپ بېرىڭە. ③ كۆچمە. بىرىدىن كېيىن باشقىنى قوشۇپ داۋاملاشتۇرۇش. مەسىلەن: كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرمەك.

مەنىداش سۆزى: تۇتاشتۇرۇش.

**ئۇۋاق** (سۈپەت) ئۇۋالغان، ئۇششاق پارچىلانغان. مەسىلەن: ئۇۋاق كۆمۈر. نانىڭ ئۇۋىقى. ★ ــــ ھوي، بولساڭچۇ، سۇتوكنى قايىنات، قارىمۇچ بىلەن ئۇۋاق لازاڭدىن بەر!

مەنىداش سۆزى: ئۇششاق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پۈتۈن، گادا.

**ئۇۋال** (ئىسىم) تېگىشلىك بولمىغان جازا، ئازاب-ئوقۇبەت، ناھەقچىلىق. مەسىلەن: «يالغانچىغا ئالدانساڭ، ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە» (ماقال). ★ توك پۇلنى دېھقانلاردىن ئارتۇق تۇتسا، بىچارىلەرگە ئۇۋال ئەمەسمۇ.

مەنىداش سۆزى: ناھەق، خاتا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ھەق، توغرا.

**ئۇيغۇر** (ئىسىم) ① مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل دوپپىلىرى دۇنياغا مەشھۇر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۇيىلىش** (پېئىل) كىشىلەر ئالدىدا قىيىن ئەھۋالدا قېلىش، خىجىل بولۇش، ئىزا تارتىش. مەسىلەن: نادىرە ئۇيالغىنىدىن پاككىدە يىغلىۋەتتى. ★ سورىغان بىلىم ئالار، ئۇيالغان كېيىن قالار (ماقال).

مەنىداش سۆزى: تارتىنىش، ئىزا تارتىش، خىجىل بولۇش.

# ئۆ

**ئۆچكە** (ئىسىم) سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، مۈڭگۈزىنىڭ تۈۋى ئۈچ بۇرجەك، ئۇچى ئارقىغا قايرىلغان، پۇتلىرى كۈچلۈك، تۈكلىرى تۈز، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. مەسىلەن: توغرا ئەمەس، بوي پاكار بولسا ياخشى، دەپتۇ ئۆچكە. ★ ئۆچكە گۆشى يەللىك.

مەنىداش سۆزى: ئوغلاق، سەركە، تېكە.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قوي، قوزا، قوشقار.

**ئۆچۈرگۈچ** (ئىسىم) ① قېرىنداش ۋە باشقا قەلەملەر بىلەن يېزىلغان خەتلەرنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن كاۋچۇكتىن ياسالغان بۇيۇم. مەسىلەن: مەن ماگىزىندىن بەش تال ئۆچۈرگۈچ سېتىپ ئالدىم. ② دوسكىغا بور بىلەن يېزىلغان خەتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن تاختىغا كىگىز مىخلاپ ياسالغان بۇيۇم: مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشتىن بۇرۇن سىنىپ باشلىقى ئۆچۈرگۈچ بىلەن دوسكىنى سۈرتتى.

**ئۆرپ-ئادەت** ئومۇمەن بىر ەر خەلق ياكى مىللەتكە بىرقەدەر ئورتاق بولغان ۋە شۇ خەلق، مىللەت ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى يوسۇن، ئادەت. مەسلەن: ئۆسمۈر باللار ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆرپ ئادىتىگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنى كىچىكىدىن تارتىپ بىلىشى ۋە ئۆگىنىشى كېرەك.

مەنىداش سۆزى: قائىدە-يوسۇن.

**ئۆردەك** (ئىسىم) قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى، تۇمشۇقى ياپىلاق، پۇتى قىسقا، بارماق ئارىلىقىدا پەنجىسى بار، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. ئۆي ئۆردىكى، ياۋا ئۆردەك دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. گۆشىنى يېيىشكە، پەيلىرىنى ماموق يوتقان، ماموق ياستۇق قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. مەسلەن: «توشقان بىلەن ئۆردەك» دېگەن مەسەلنى ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟

**ئۆزبېك** (ئىسىم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئۆزبېكىستاننىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. قازاقىستان، قىرغىزىستان يەنە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ بار. مەسلەن: نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبېكلەر ئۇرۇمچىدە كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزدى.

**ئۆزگىرىش** (پېئىل) بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتۈش، باشقىچە تۇس ئېلىش. مەسلەن: بالىكىزنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، قولىقىغا گەپ كىرمەس بولۇپ قالدى. ★ نەچچە يىلدىن بېرى ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش زور، تەرەققىيات چوڭ.

**ئۆستەڭ** (ئىسىم) كىشىلەر تەرىپىدىن چېپىلغان، دەريادىن كىچىك، ئېرىقتىن چوڭ بولغان سۇ ئېقىمى. مەسلەن: يېزىمىزنىڭ ئېرىق-ئۆستەڭلىرى ئەينەكتەك مۇز تۇتۇپ، دەل-دەرەخلەر ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: غول.

www.uyghurkitap.com

**ئۆسۇملۇك** (ئىسىم) جانلىقلارنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى، بۇ خىل جانلىقلارنىڭ ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھۈجەيرە پوستى بولىدۇ. ئادەتتە خلوروفىللى بولىدۇ. كۆپچىلىكى نېئورگانىك ماددىلارنى ئۆزلۈكلۈك قىلىدۇ، نېرۋىسى بولمايدۇ. مەسىلەن: ساۋاقداشلار، بىز قايسى خىل ئۆسۈملۈكنىڭ قايسى قىسمىنى يەيمىز؟

**ئۆكتەبىر** (ئىسىم) قەدىمكى رىم خرىستىئانچىلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاينى شۇنىڭ نامىدا ئاتىغان. مەسىلەن: 1ـئۆكتەبىر ــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بايرام كۈن.

**ئۆگەتمەك** (پېئىل) بىركىمگە بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش ئۇسۇلىنى، يولىنى چۈشەندۈرمەك. مەسىلەن: شەنبە كۈنى ئاپام ماڭا كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىشنى ئۆگەتتى. ★ ئۇنىڭغا ئېشكىكىنى سات، دىمپ مەن ئۆگىتىپتىمەن.

مەنداش سۆزى: بىلدۈرمەك، سىڭدۈرمەك، تەلىم بەرمەك.

**ئۆلچەش** (ئىسىم) ئەسۋابلار ئارقىلىق بوشلۇق، ۋاقىت، تېمپېراتۇرا، تېزلىك قاتارلىقلارغا ئائىت سانلىق قىممەتلەرنى بېكىتىش. مەسىلەن: ساۋاقداشلار! ياسىغان تارازا ئارقىلىق ئەتراپىڭلاردىكى نەرسىلەرنى ئۆلچەپ كۆرۈڭلار.

**ئۆم** (سۈپەت) بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، ئۇيۇلىشىپ، ئىناق ياشايدىغان؛ ئىناق؛ ئىتتىپاق. مەسىلەن: ئۆم كىشىلەر. ★ بۇرۇن جاڭگالدا ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن شۇنداق ئۆم ئىكەنكى، ئاتا-بالا، ئاكا-ئۇكا، ئېگىچە-سىڭىل بولۇپ ياشايدىكەن.

مەنداش سۆزى: توپ، بىرلىشىپ.

**ئۆم بولۇش** بىر-بىرىدىن ئايرىلماي، ئۇيۇلىشىپ، ئىناق، ئۆم ھالەتتە ياشاش. مەسىلەن: شۇنىڭدىن بۇيان ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا تىنچ، ئۆم بولۇپ ياشاپ كەلدى. ★ ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە (ماقال).

**مەنداش سۆزى:** ئىتتىپاق، ئىناق.

**ئۆملىمەك** (پېئىل) گەۋدىسىنى يەرگە تەككۈزۈپ، پۇت بىلەن ئىتتىرىپ، قول بىلەن تارتىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەك، ماڭماق. مەسىلەن: جەڭچىلەر دۈشمەننىڭ سىم توساقلىرىدىن ئۆملەپ ئۆتتى. ★ بىر پاقا ئۇۋىسىدىن چىقىپ، ئۆستەڭ بويىدا ئاستا-ئاستا ئۆملىمەكتە ئىدى.

**ئۆي** (ئىسىم) كىشىلەر ياشاش، جايلىشىش ئۈچۈن تەييارلانغان تۇرالغۇ جاي. بىنا، ئىمارەت، خانىدان. مەسىلەن: ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي. ★ ھەر قېتىم ھېيت كېلىشتىن ئىلگىرى ھەممە ئائىلىلەر بىردەك چوڭ تازىلىق قىلىپ ئۆيلىرىنىڭ ئىچى-تېشىنى پاكپاكىز تازىلاپ، ھەر خىل تەملىك يېمەكلىكلەرنى پىشۇرىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** ئائىلە، ماكان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تالا، تالا-تۈز.

# ئۈ

**ئۈزۈش** (پېئىل) ① كۈچ بىلەن بىرەر نەرسىنى تارتىپ پۈتۈنلەي ئاجرىتىش، بۆلۈش. مەسىلەن: ئارغامچىنى ئۈزۈش. ② ھەر خىل مېۋە، گۈل قاتارلىقلارنى ئۆسۈملۈك تېنىدىن ئاجرىتىش. مەسىلەن: ئۈزۈم ئۈزۈش. گۈل ئۈزۈش. ③ قول-پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ سۇدا يۈرۈش. مەسىلەن: دەريادا ئۈزۈپ كېلىۋاتقان كىشى ئىككى ئىدى. ④ لەيلەش، لەيلەپ يۈرۈش. مەسىلەن: كۆك ئاسماندا پارچە-پارچە ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرەتتى.

**ئۈزۈم** (ئىسىم) ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئالىقانسىمان يېرىلغان، گۈلى كۈنۈسسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، كىچىك ۋە سارغۇچ يېشىل رەڭلىك، مېۋىسى يۇمىلاق ياكى ئېلىپىس شەكىللىك، پىشقان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چاغدا سۆسۈن ياكى سارغۇچ يېشىل رەڭدە بولىدۇ. تەمى تاتلىق، سۇلۇق ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھەم ھاراقنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. مەسلەن: بۈگۈن بازاردىن ئۈزۈم سېتىۋالدىم. ★ ئۈزۈم يەڭ.

**ئۈستەل** (ئىسم) ئومۇمەن ئۈستى تۈز، تۆت پۇت بېكىتىلگەن تارتمىلىق سايمان؛ جوزا. مەسلەن: مۇئەللىم ئۈستەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئەلپىرەنىڭ ئالدىدا توختىدى. ★ ئۈستەل ئۈستىگە كىتابلار رەتلىك تىزىلغانىدى.

مەنىداش سۆزى: شىرە.

**ئۈستى** (سۈپەت) نەرسىلەرنىڭ يۈزى، تۆپىسى، يۇقىرىسى.

مەسلەن: شىرە ئۈستىگە تىزىلغان مېۋە-چېۋىلەرنى كۆرۈپ ئادىلنىڭ بەك يېگۈسى كېلىپ كەتتى. ★ ئىشكاپنىڭ ئۈستىگىمۇ كىتابلار تىزىلغانىدى.

مەنىداش سۆزى: ئاستى، تېگى، تەكتى.

**ئۈمىد-ئارزۇ** ئۈمىد ۋە ئارزۇ. مەسلەن: مەندە نە ئۆي-ماكان، نە خوتۇن، بالا-چاقا بولسۇن؟ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆمرۈمنىڭ كۈنى ئېگىلدى، مەندىكى ئۈمىد-ئارزۇلار تۇزغاقتەك تۇزۇپ كەتتى.

**ئۈندەش** (ئىسم) چاقىرىش، دەۋەت قىلىش. مەسلەن: مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئۈندىدى. ★ بوۋاي باللىرىنى ھەر كۈنى قەن چاي ئىچىشكە ئۈندىگەنىكەن.

مەنىداش سۆزى: قىچقىرىش، چاقىرىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۈندىمەسلىك.

**ئۈندىمەس** (سۈپەت) ئۈندىمەيدىغان، زۇۋان سۈرمەيدىغان، ناھايىتى ئاز گەپ-سۆز قىلىدىغان، گەپ-سۆزى ئاز. مەسلەن: ئۈندىمەس ئادەم. ★ دادام ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ھازاغىچە ئۈندىمەستىن كارىۋاتتا ئولتۇردى.

مەنىداش سۆزى: مۆرىمەس، زۇۋان سۈرمەيدىغان، گەپ قىلمايدىغان، جىمغۇر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ۋات-ۋات، جاپ-جاپ.

# ۋ

**ۋاراق** I ①(ئىسىم) كىتاب، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ ئىككى بېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر پارچىسى. مەسىلەن: دەپتەرنىڭ ۋارىقى تۈگەپتۇ. ② (مىقدار) ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بىر ۋاراق قەغەز.

**ۋاراق** II (تەقلىد) سۇيۇق نەرسىلەر قايىنىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز. مەسىلەن: چەينەكتىكى سۇ ۋاراقلاپ قايناپ مەشنىڭ ئۈستىگە تېشىپ پىژىلداشقا باشلىدى.

**ۋارىس** (ئىسىم) مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان شەخس، مىراسخور، ئىزباسار. مەسىلەن: بېقىۋالغان ئوغلى ئۇنىڭ بىردىنبىر ۋارىسى. ★ — سىلەرنىڭ بېشىڭلارمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئىككىڭلار كونا مائارىپچى، ۋارىسىڭلار بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ بالاڭلارنى تەربىيىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ قويۇڭلار-دېدى ئانىسى.

مەنىداش سۆزى: مىراسخور، ئىزباسار.

**ۋازا** (ئىسىم) مېۋە-چېۋە، قەنت-گېزەك سالىدىغان قاچا. مەسىلەن: ئۈستەل ئۈستىدىكى ۋازا يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى. ★ ئۈستەل ئۈستىدىكى ۋازىدا لىق كەمپۈت بار ئىدى.

مەنىداش سۆزى: قەندەل.

**ۋايىغا يېتىش** ① ھەرقانداق نەرسىنىڭ ياخشىلىقتا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: — باغدىكى مېۋىلەر پىشىپ ۋايىغا يېتىپتۇ، — دېدى بوۋاي. ② كامالەتكە يېتىش. مەسىلەن: ئۇ ئىلىم ساھەسىدە ۋايىغا يەتكەن ئەرباب ئىدى.

**ۋەتەن** (ئىسىم) ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، جاي، يۇرت، دىيار. مەسىلەن: ۋەتىنىم چوڭقۇر ئىلىم، مەن ئۇنىڭ پەرزەنتىمەن. ★ بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى.

www.uyghurkitap.com



**ۋەدىلىشىش** (پېئىل) بىر-بىرىگە ۋەدە بېرىش، ئەھدىلىشىش؛ كېلىشىش. مەسىلەن: ئۇلار مەڭگۈلۈك ياخشى دوستلاردىن بولۇشقا ۋەدىلەشتى.

**ۋەزىپە** (ئىسىم) زىممىسىگە يۈكلەنگەن، ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت، ئىش، خىزمەت. مەسىلەن: -بېرىپ — كىتابىڭنى ئوقۇ، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئوقۇش، ياخشى ئۆگەن، تىرىشىپ بىلىم ئال، — دەيتتى دادام. ★ سىنىپ دېجورنىسىنىڭ ۋەزىپىسى بىر كۈنلۈك تازىلىققا مەسئۇل بولۇش.

**مەنداش سۆزى:** تاپشۇرۇق، بۇرۇچ.

**ۋەسىيەت** (ئىسىم) ئادەملەرنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ياكى ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا يېزىپ ياكى ئېيتىپ قالدۇرغان تاپشۇرۇقى، نەسىھىتى. مەسىلەن: دادام ھايات چېغىدا «بالام سەن بالىلارنىڭ چوڭى مۇشۇ يەرگە جاي سېلىپ ئولتۇرغىن، مەندىن كېيىن قالساڭ ئۇكا-سىڭىللىرىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال» دېپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

**ۋەھشىي** (سۈپەت) ئىنسانلىق قىياپىتىنى يوقاتقان، باغرى تاش، ئۆتۈپ كەتكەن زالىم، قانخور. مەسىلەن: ۋەھشىي يولۋاس بوغىغا ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. ★ چۈمۈلىلەر يىلاننىڭ ۋەھشىي ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆلگەن سەپدىشىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇشمۇتۇشتىن يىلانغا يېپىشىپ، ئۇنى چېقىشقا باشلاپتۇ.

**مەنداش سۆزى:** يىرتقۇچ، ياۋۇز، قەبىھ.

# ئې

**ئېتىز** (ئىسىم) دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان قىر بىلەن بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن يەر. مەسىلەن: تۆگە ئېتىز بۇزسا ھېچ گەپ يوق، توخۇ پالاقلىسا ۋاراڭ-چۇرۇڭ (ماقال). ★ بۇ كۈز يەتمىش ئېتىزلارنىڭ بۇغدايلىرىنى كىملەر ئورۇدى؟

**ئېچىلىش** (پېئىل) ① غۇنچە ۋە پورەك گۈل كاسىسىدا يېيىلىپ ئاشكارا بولۇش، كۆركەم ھالەتكە كېلىش. مەسىلەن: گۈل سەھەردە

ئېچىلار، خىيال كېچىدە (ماقال). ② بۇلۇتلار تاراپ ئاسمان ئېنىق كۆرۈنۈش. مەسىلەن: ھاۋا ئېچىلدى. ③ خاپىلىقى، قەھرى-غەزىپى يوقىلىش، كەيپىياتى ئۆرلەش. مەسىلەن: رەنا ئارسلاننى كۆرۈپ بىردىن چىرايى ئېچىلىپ، خۇشاللىقتىن سەكرەپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ④ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇش، تېخىمۇ گۈزەل، كۆركەم بولۇش، يارىشىش. مەسىلەن: كىيىمىڭ شۇنداق يارىشىپتۇ. چىرايىڭ تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يۇمۇلاق.

**ئېرىشىش** (پېئىل) بىر ئىشتا كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش، قولغا كەلتۈرۈش، ئىگە بولۇش. مەسىلەن: ئىنقىلاب غەلىبىگە ئېرىشتى. ★ ئۇ بۇ ئىشتا ئاتا-ئانا ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ★ دۈشمەنلەر لىيۇخۇلەننىڭ ئاغزىدىن ھېچقانداق بىر گەپكە ئېرىشەلمەي ئاخىرى ئۇنى جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

مەنداش سۆزى: ئىگە بولۇش، قولغا كىرگۈزۈش.

**ئېرىق** (ئىسىم) ئۆستەڭدىن كىچىك سۇ يولى. مەسىلەن: ئېرىقتىكى سۇنىڭ قەدرى يوق (ماقال). ★ ئېرىق-ئۆستەڭلەردە ھەتتا بىرەر پارچە نېپىز مۇزمۇ قالمىغاندى.

**ئېزىقىش** (پېئىل) ① ئۆز نىشانىنى پەرق ئېتەلمەي قىلىش، ئىزىش، ئادىشىش. مەسىلەن: مۇكاپاتلانغانلارنىڭ بىرى كوچىدا ئېزىقىپ قالغان بىر بالىنى تېپىۋېلىپ ئاتا-ئانىسىغا تاپشۇرغانىدى. ② يامان يولغا كىرىپ قىلىش، ناتوغرا ئىشلارنى قىلىپ قويۇش. مەسىلەن: — بالا ئەمەسمۇ ئېزىقىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تۈزەتسىلا بولدى، — دېدى بوۋاي.

**ئېسىل** (سۈپەت) ① سۈپەت جەھەتتە ئالاھىدە ياخشى، ئەڭ ئوبدان. مەسىلەن: ئېسىل بۇيۇم. ئېسىل مال. ★ — خېتىڭىزدە خاتالىق يوق، بۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ ئېسىل سوۋغات دېدى، — مۇئەللىم. ② ياخشى خىسلەت ۋە پەزىلەتكە ئىگە بولغان، ئالىيجاناپ. مەسىلەن: بۇ كىشى بەك ئېسىل ئادەم ئىكەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەنداش سۆزى: ياخشى، ئوبدان، ئەلا، كاتتا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ناچار، ئەسكى، يامان، پەسكەش.

**ئىپىش** (پېئىل) بىرەر نەرسىنى ئاستى يەرگە تەگمەيدىغان ھالەتتە باغلاش، ئىلىش، ساڭگىلىتىش. مەسىلەن: ھازىر ئالتۇن زەنجىر مودىدىن قالدى، مارجان ئىپىش مودا بولۇپ قالدى. ★ قۇربانلىق قىلغان قوينى ئاسىدىغان يەر يوق، يەردىلا سويۇپ پارچىلاپ بەردىم.

**ئىپىلزادە** (ئىسىم) باي ياكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتى ۋە شۇ تەبىقىدىن كېلىپ چىققان كىشى. مەسىلەن: بىزنىڭ ئۆيگە ئەزەلدىن ئۇنداق ئىپىلزادىلەر كېلىپ باقمايتتى.

مەنداش سۆزى: بەگزادە، خانزادە.

**ئىپىشىندى** (سۈپەت) ① ئىپىشىپ قالغان، ئاشقان. مەسىلەن: ئىپشىندى پايدا. ② (ئىسىم) مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنىڭ بىر قىسمى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئىپىشىپ قالغان قىسمى.

مەنداش سۆزى: قالدۇق، سارقىندى.

**ئىغىر** (سۈپەت) ① ۋەزنى چوڭ. مەسىلەن: يا ئۇنىڭغا ئىغىر يۈكى بار موماي، بوۋايلارمۇ ئۇچرىمايتتى. ② كۈن كەچۈرۈش تەس بولغان؛ دەردلىك، ھەسرەتلىك، يوقسۇزلۇق. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ناھايىتى ئىغىر. ③ ئاڭلىمايدىغان. مەسىلەن: بىزنىڭ قوشنىمىزنىڭ بىر بالىسى بار، قۇلىقى ئىغىر، گەپنىمۇ ئاران قىلىدۇ.

**ئىغىل** (ئىسىم) ئات-ئىشەك، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى باقىدىغان، سولايدىغان مەخسۇس ئۆي. مەسىلەن: بىر كۈنى باي ئىغىلى ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتىكەن ئىشكى ھاڭراپ كېتىپتۇ.

مەنداش سۆزى: قوتان.

**ئىگىز** (سۈپەت) بىرەر نۇقتا، جاي، تەكشىلىك قاتارلىقلارغا نىسبەتەن يۇقىرى. مەسىلەن: ئىگىز ئادەم. ★ — بوي ئىگىز بولسا نېمىدېگەن ياخشى — ھە، — دەپتۇ تۆگە.

مەنىداش سۆزى: زور، بۈيۈك.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پاكار، پارپا، پەس.
**ئىنقلاش** (پېئىل) مەلۇم بىر ئىشنىڭ تېگى-تەكتى، سەۋەب-نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ بىلىش. مەسىلەن: دوختۇرلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى دادامنىڭ كېسىلىنى ئېنىقلاپ چىقتى.
مەنىداش سۆزى: تەكشۈرۈش، بىلىش.
**ئېھتىيات** (ئىسىم) يىراقنى كۆرۈپ، ئالدىنى ئېلىپ ئىش قىلىش؛ پەخەس. مەسىلەن: ئېھتىيات قىلماق. ★ ھەر ئېھتىياتتىن ئازراق پۇلنى بانكىغا قويۇپ قويغانىدىم، بالام ئاغرىپ قېلىۋىدى جېنىمغا ئەسقاتتى. ★ بالام ئالدىڭغا قاراپ ماڭ، ئېھتىيات قىل.
مەنىداش سۆزى: دىققەت، پەخەس.
**ئېھتىياتسىزلىق** (ئىسىم) ئېھتىيات قىلماسلىق، بىپەرۋالىق. مەسىلەن: لىنىن ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇستەلگە تېگىپ كېتىۋىدى، ئۇستەل ئۈستىدىكى ۋازا يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى. ★ تولكە ئېھتىياتسىزلىقدىن چوڭقۇر بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.
مەنىداش سۆزى: دىققەتسىزلىك، بىخەستەلىك، بىپەرۋالىق.
**ئېيتىش** (پېئىل) ئوي-پىكرىنى، مەقسىتىنى ئاغزاكى بايان قىلىش، گەپ قىلىش، دېيىش. مەسىلەن: سابىر ئاپالغا ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرىنى ۋە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ★ — مەن تەنتىلدە ساياھەتكە بارىمەن، ناخشا ئېيتىمەن ھەم ئۇسسۇل ئوينايمەن، — دېدى ئۇ.

# ئى

**ئىت** (ئىسىم) پۇراش ۋە ئاڭلاش سەزىمى ئۆتكۈر بىر خىل ياۋايى ھايۋان. مەسىلەن: — مەن ساڭا بىر بۆرە ئىتنىڭ كۈچۈكىنى بېرەي، ئوبدان بېقىپ كۆندۈرۈۋال، — دېدى ئاكام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئىتتىپاقلىشىش** (پېئىل) ئىتتىپاق، ئىناق بولۇش، بىرلىشىش، ئۇيۇشۇش. مەسىلەن: بۇ سىنىپتىكىلەر ھەممىسى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دوستانە ئۆتۈپ ئۆزئارا ياردەملىشىش ئارقىلىق نەتىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

مەنىداش سۆزى: بىرلىشىش، ئۇيۇشۇش.

**ئىتتىرىش** (پېئىل) بىرەر نەرسىنى مەلۇم كۈچ بىلەن ئەسلىدىكى ئورنىدىن مەلۇم يۆنىلىشكە قارىتىپ سۈرۈش؛ يۆتكەش. مەسىلەن: ئەھەت سەمەتنى ئىتتىرىپ ئورۇندۇقتىن چۈشۈرۈۋەتتى.

مەنىداش سۆزى: تارتىش.

**ئىجاد** (ئىسىم) ① بىرەر نەرسىنى يېڭىدىن يارىتىش، بارلىققا كەلتۈرۈش. مەسىلەن: ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئىجاد قىلدى. ② بەدىئىي، ئىلمىي ئەسەر ياكى ماددىي بايلىق يارىتىش، يارىتىلغان يېڭىلىق؛ بايلىق، ئىجادىيەت. مەسىلەن: ئۇ خەلقنىڭ ئىجادى.

**ئىجاد قىلىش** بىرەر نەرسىنى يېڭىدىن يارىتىش، كەشىپ قىلىش. مەسىلەن: كىيىن نىي ئېر نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ، مەشھۇر مۇزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

مەنىداش سۆزى: كەشىپ قىلىش.

**ئىچ** (ئىسىم) ① نەرسىلەرنىڭ ئىچى، ئىچكى قىسمى، ئارىسى. مەسىلەن: تاۋۇزنىڭ ئىچى. ئۆينىڭ ئىچى. ② ئاشقازان، قورساق، قارىن، كۆڭلى. مەسىلەن: ئۇنىڭ مىجەزى يوق ئىككى كۈن بولدى، ئىچى سۈرۈپ قاپتۇ. ★ بىرەي دېسە ئىچى ئاغرىيدۇ، يەي دېسە چىشى ئاغرىيدۇ (ماقال). ③ بىر توپ ئادەم ياكى نەرسىلەر ھەم دائىرە، مەھەللە. مەسىلەن: جامائەت ئىچىدىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

مەنىداش سۆزى: تاش، سىرت.

**ئىچى ئاغرىش** كۆيۈنۈش، ئېچىنىش، رەھمى كېلىش، ھېسداشلىق قىلىش. مەسىلەن: دېھقان ئۆزىنىڭ قويلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ

قويدى. ★ يەي دېسە چىشى ئاغرىيدۇ، بېرەي دېسە ئىچى ئاغرىيدۇ (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** كۆيۈنۈش، ئېچىنىش، رەھمى كېلىش.

**ئىچىش** (پېئىل) ① سۇيۇقلۇقنى ئاغزىغا ئېلىپ ياكى شۈمۈرۈپ، ئىچىگە يۇتۇش. مەسلەن: سۇ ئىچىش. ★ بۇنى ئاڭلاپ ئۆچكە: «مەنمۇ سالقىنلاپ سۇ ئىچۋالاي» دەپ سەكرەپ ئازگالغا چۈشۈپتۇ. ② قورسىقىغا بىرنەرسە يېيىش. مەسلەن: — سەن ئاۋۋال تامىقىڭنى ئىچۋال، ئاندىن سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ ئانىسى.

**ئىختىيار** (ئىسىم) ئۆزلۈكىدىن بولغان، زورلۇق تۇس ئالمىغان خاھىش، ئىستەك، مەيل. مەسلەن: — كېلىش ياكى كەلمەسلىك ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، — دېدى دوستۇم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەجبۇرى.

**ئىخلاس** (ئىسىم) چىن يۈرەكتىن قىلىنغان ئىشەنچ، ئېتىقاد، پۈتۈن دىققىتى، زېھنى بىلەن كىرىشىش، بېرىلىش. مەسلەن: ئىخلاس باغلىماق. ئىخلاس بىلەن ئۆگەنمەك. ★ ئەكبەر مۆئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەقىدە، مېھىر، قېتىرقىنىپ.

**ئىدارە** (ئىسىم) ① بەلگىلىك تەرتىپتە باشقۇرۇش، يولغا سېلىش؛ باشقۇرۇش. مەسلەن: ئىدارە قىلماق. دۆلەتنى ئىدارە قىلماق. ② مەلۇم بىر ئىجتىمائىي دۆلەت، مەمۇرىيەت، سودا تارماقلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن شتاتلىق خادىملىرى بار تەشكىلات. مەسلەن: ئۇنىڭ ئانىسى خېلى يىراق بىر ئىدارىدە بېرىپ-كېلىپ ئىشلەيتتى.

**ئىزلەش** (پېئىل) تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش؛ ئىزدەش. مەسلەن: سۇ ئىزلەپ يۈرگەن بىر ئۆچكە ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ★ سېنى ئىزلەپ ئۆيۈڭگە بارسام سەن يوقكەنسەن.

**ئىسپاتلاش** (پېئىل) پىكىر، دەۋا، پەرەز قاتارلىقلارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى، ۋەقە-ھادىسىنىڭ چىنلىقىنى دەلىل-ھۆججەت، پاكىت بىلەن دەلىللەش. مەسلەن: ساۋاقداشلار ئامىنەنىڭ بۇگۈنكى تەكراردا

www.uyghurkitap.com

سىنىپقا كىرمىگەنلىكىنى ئوقۇتقۇچى ئالدىدا ئىسپاتلاشتى. ★ زەگەر ئۇستام ئېرىنمەستىن بىر-بىرلەپ سىناپ كۆرۈپ ھەممىسىنىڭ قىزىل مىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

**مەنىداش سۆزى:** دەلىللەش، ئېنىقلاش.

**ئىستاكان** (ئىسىم) ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئۈچۈن ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك ئەينەك قاچا. مەسىلەن: ئۇ ئىستاكانغا سۈنى قۇيۇپ بىر ئۇتلىدى ۋە يېنىدىكى شىرەگە قويدى. ★ ئۇ، سۈنىڭ لەيلىتىش كۈچىنى سىناش ئۈچۈن ئىستاكانغا سۇ قۇيدى.

**ئىستېھكام** (ئىسىم) مۇداپىئە ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇستەھكەم توساق، تام، قەلئە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. مەسىلەن: بارات باشقىلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي، پارتلاتقۇچنى ئېلىپ دۈشمەن ئىستىكامىغا قاراپ ئېتىلدى. ★ ئىتتىپاقلىق — كۈچ، بىرلىك — ئىستېھكامدۇر.

**مەنىداش سۆزى:** لەخمە، قورغان، سېپىل، قەلئە.

**ئىسسىق** (سۈپەت) بىر ەر بىرەر مەنبەنىڭ ھارارىتى، تەسىرى بىلەن ئىسسىغان، ئىللىغان، ياكى قىزىغان؛ ئىللىق، قىزىق. مەسىلەن: ياز بولغاچقا ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. ★ ئىسسىق تاماق يېمەك.

**مەنىداش سۆزى:** قىزىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سوغۇق.

**ئىسكەتسىز** (سۈپەت) ئىسكەتى يوق، تەقى-تۇرقى، چىراي شەكلى كۆرۈمسىز؛ سەت. مەسىلەن: مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ: «دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئىسكەتسىز ئورۇندۇق بارمۇ؟» دەيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** سەت، كۆرۈمسىز، يامان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چىرايلىق، كۆركەم، ياخشى.

**ئىسكىرىپكا** (ئىسىم) كامانچە بىلەن چېلىنىدىغان تۆت تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. مەسىلەن: ئىسكىرىپكا چالماق. ★ نىپى ئېبر ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى، ئۇ ئىسكىرىپكا چالغاندا دائىم شۇنداق بېرىلىپ چالاتتى.

**ئىسلام** (ئىسىم) ئىسلام دىنىغا كىرىش، مۇسۇلمان بولۇش،

مۇسۇلمانچىلىق. مەسىلەن: مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى — ئىسلام دىنى. ★ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.

**ئىسىم** (ئىسىم) كىشىلەرگە قويۇلغان شەخسى نام، ئات. مەسىلەن: ئىسىم قويماق. ★ ئۇلاردىن ماڭا پۇل بەرگەن كىشىنىڭ ئىسمى ئەبەيدۇللا، يەنە بىر كىشىنىڭ ئىسمى خەيرۇللا ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئات، نام.

**ئىشارەت** (ئىسىم) مەقسەت، نىشان، غەرەزنى سۆزسىز، تىلسىز ئۇقتۇرۇش ئۇچۇن قوللىنىلىدىغان بەلگە، ئىما. مەسىلەن: ئىشارەت قىلماق. ★ ئەقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز (ماقال). ★ — بولدىغۇ دەيمەن، چىقمامسەن، ئۇينايلى! — دېگەندەك ئىشارەت قىپتۇ قۇشقاچ.

**ئىشچان** (سۈپەت) ئىشتىن باش تارتمايدىغان، ئىشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ ئەمگەكچان، ئەمگەك سۆيەر. مەسىلەن: ئىشچان قىز. ئىشچان يىگىت. ★ بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئىشچان بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئەمگەكچان، چىۋەر، تىرىشچان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھۇرۇن، يالغان، ئېرىنچەك.

**ئىشسىز** (سۈپەت) ① قىلىدىغان ئىش يوق، بىكار، بوش. مەسىلەن: بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش يوق (ماقال). ② ئىش، خىزمەت بىلەن تەمىنلەنمىگەن، ئىش، خىزمەت تاپالمىغان، خىزمەتسىز. مەسىلەن: بۇ كىشى ھازىر ئىشسىز ئىكەن، شۇڭا ئىش ئىزلەپ كەپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** بىكار، بوش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىشلىق.

**ئىقبال** (ئىسىم) كېلەچەك، بەخت، تەلەي، ئامەت؛ تەقدىر. مەسىلەن: ئىشچى، دېھقان، ئىنژېنېر، / ئەسكەرلىككە يارايمىز. / جاسارەتتە يۇكسىلىپ، / ئىقبالغا شاد قارايمىز. ★ بىز ئانا ۋەتەننىڭ ئۇمىد يۇلتۇزى، / ۋەتەننىڭ ئىشقىدا قەلبىمىز يالقۇن. / نۇرانە ئىقبالغا تاشلاپ چوڭ قەدەم، / تىرىشىپ تۆھپىدىن ياسايمىز دولقۇن.

**مەنداش سۆزى:** ئىقبال، تەقدىر، تەلەي، بەخت، كىيلەچەك.

**ئىقتىدارلىق** (سۈپەت) بىلىملىك، كۈچلۈك، قابىل، ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغان قابىلىيەتلىك. مەسىلەن: ئىقتىدارلىق ئادەم. ئىقتىدارلىق سازەندە. ★ بۇ كىشىلەر ھەرقايسى فاكۇلتېتلاردا ئىشلەيدىغان داڭلىق، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. ★ بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق، كۆچلۈك توپا قېزىش ماشىنىسى ئىكەن.

**مەنداش سۆزى:** قابىل، كۈچلۈك.

**ئىقرار** (ئىسىم) تەن ئېلىش، تەن بېرىش، ئۆز ئۈستىگە، بوينىغا ئېلىش، ئېتىراپ قىلىش. مەسىلەن: ئۇ ھاما ئاچىسىغا خەت يېزىپ، يالغان گەپ قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

**ئىقرار قىلىش** تەن ئېلىش، تەن بېرىش، ئۆز ئۈستىگە، بوينىغا ئېلىش، ئېتىراپ قىلىش. مەسىلەن: لىنىن ھاما ئاچىسىغا خەت يېزىپ گۈلدانىنى ئۆزىنىڭ سۇندۇرۇپ قويغانلىقىنى، ئەيىۇ قىلىشنى ئېيتتى.

**مەنداش سۆزى:** گۇناھىنى تونۇش، كەمچىلىكىنى تونۇش، راست گەپ قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** جاھىللىق قىلىش، ئىقرار بولماسلىق، تېنىۋېلىش.

**ئىگە** (ئىسىم) ① قولىدىكى، ئىختىيارىدىكى نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، ئىگىلىك ھوقۇقىدىن پايدىلانغۇچى؛ خوجايىن. مەسىلەن: ئۆي ئىگىسى. مال ئىگىسى. ② جۈملىنىڭ خەۋىرىنى بايان قىلىدىغان ئوبيېكتىپ. مەسىلەن: ئۇ چوڭراق بىر نەرسىنى تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئويلاپ يوللارغا شۇنچە قارايتتى.

**ئىگىلەش** (پېئىل) ① ئىگە بولۇش، قولغا كىرگۈزۈش، ئىشغال قىلىش. مەسىلەن: دادامدىن قالغان مال-مۈلۈكلەرنى ئاكام ئىگىلىدى. ② كۆچمە. ئۆگىنىش، بىلىۋېلىش. مەسىلەن: يېتىپ كېلىپ گۈل باھار، / گۈزەللەشتى دالىلار. / ئىگىلەيمىز پەن-بىلىم، / بىز بەختىيار بالىلار.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**ئىككىلىنىش** (پېئىل) ئىككى خىيال بولۇش، قەتئىي بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئارىسالدى بولۇش، تەۋرىنىش. مەسىلەن: ئامىنە سەل ئىككىلەندى ــ يۇ، شۇ ھامان قەتئىي قارارغا كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئارىسالدى بولۇش، تەۋرىنىش.

**ئىلتىماس** (ئىسىم) بىرەر مۇددىئانى قاندۇرۇش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان يازما ياكى ئاغزاكى تەلەپ. مەسىلەن: ئاپام ئاغرىپ قالدى، مەندىن باشقا قارايدىغان ئادەم يوق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىلتىماسنى يازدىم.

**مەنىداش سۆزى:** تەلەپ.

**ئىللىق** (سۈپەت) ① بىر ئاز ئىسسىق، ئىسسىقراق. مەسىلەن: ئىللىق ئېقىم. ئىللىق فرونت. ② كۆچمە. يېقىملىق، خۇش كېلىدىغان. مەسىلەن: ئىللىق سۆز. ئىللىق سۆھبەت. ئىللىق تەبەسسۇم. ★ ئۇ سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىلدى. ★ ئاكامنىڭ قىزى بەكمۇ ئىللىق چىراي، كۆزگە يېقىن بەكمۇ چىرايلىق قىز بولدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سوۋۇن.

**ئىلىم** (ئىسىم) كىشىنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ياشاش، تەبىئەتنى بىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلانغان، ئارتىپ بارغان بىلىمى؛ مەلۇمات، ساۋات. مەسىلەن: ئىلىم تەھسىل قىلماق. ★ شانلىق كۈيى ياڭرايدۇ، / كۆكلىمى پەسلى ھەريان‌دا. / ئىلىم ئالار ئۆسمۈرلەر، / بۇ بەختىيار زاماندا.

**مەنىداش سۆزى:** بىلىم، ساۋاد.

**ئىلھام** (ئىسىم) ① كۆتۈرەڭگۈ ئىجادىي روھ، ئىجادىي غەيرەت ۋە زوق جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھالەت. مەسىلەن: ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى. ★ پاتىمە ئۇنىڭ روھىدىن ئىلھام ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ★ بۇ تەبىئى ئىلھام بىلەن يېزىلغان شېئىر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** غەيرەت، مەدەت.

**ئىلھام بەرمەك** بىرەر ئىشقا ئىلھاملاندۇرماق؛ رىغبەتلەندۇرمەك، مەدەت بەرمەك. مەسىلەن: ئەلۋەتتە، ئۇ قىزنىڭ

خاتىرجەم، تىرىشىپ ئوقۇشقا ئىلھام بېرىش ۋە ياشانغان ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن خەت يازدى.

**مەنداش سۆزى:** رىغبەتلەندۈرۈش، مەدەت بېرىش.

**ئىمارەت** (ئىسىم) ئولتۇرۇش، ئىشلەش ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان قۇرۇلۇش، بىنا. مەسلەن: قىز بۇ يوللارغا ناھايىتى چىرايلىق ئازادە بىر ئىمارەت ياسىتىپتۇ. ★ كۆچىلەر چوڭ بولسا، چوڭ-چوڭ ئىمارەتلەرنى، زاۋۇتلارنى سېلىشقا كېرەك بولىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** بىنا، قۇرۇلۇش.

**ئىمكانىيەت** (ئىسىم) ئىش-ھەرىكەت ۋە مەقسەت قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زۆرۈر ياكى قولاي بولغان شەرت-شارائىت؛ پۇرسەت. مەسلەن: بۇ دەريادىن ئۆتۈشكە ھېچقانداق ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** مۇمكىنچىلىك، پۇرسەت.

**ئىملا** (ئىسىم) بىر مىللەت تىلىدىكى سۆزلەرنى توغرا، ئۆلچەملىك يېزىش. مەسلەن: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسى. ئىملا لۇغىتى. ئىملا قائىدىسى. ★ تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمىدىكى يولداشلار يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئىملا لۇغىتى، ئىزاھلىق لۇغەت قاتارلىق نۇرغۇن لۇغەتلەرنى ئىشلەپ كەينى-كەينىدىن نەشر قىلدۇردى.

**ئىنەك** (ئىسىم) چىشى كالا، سىيىر. مەسلەن: ئىنەكنىڭ سۈتى ئاغزىدا (ماقال). ★ قورۇنىڭ ئىچىدە ھەر ھالدا ئەپلەپ-سەپلەپ ياسالغان ئېغىل، ئۇنىڭدا بىر موزايلىق ئىنەك سولاقلىق ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** سىيىر.

**ئىنتايىن** (رەۋىش) ئۆزى ئېنىقلىماقچى بولغان سۆزنى كۈچەيتىپ، «ناھايىتى، قالتىس، بەك» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مەسلەن: ئايقىز قومۇل تەۋەسىدە تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇ يەردىن دەرھال كېتىشكە دەرھال قوشۇلدى. ★ شاپتۇل چېچىكى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، گۈل شىرنىسى ئارقىلىق ھەسەل ھەرىسىنى كۈتۈۋالدى.

**مەنداش سۆزى:** قالتىس، بەك، ناھايىتى.

**ئىيۇل** (ئىسىم) ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن بىرى، ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلغان شەخسلەرنىڭ بىرى. شۇڭا كالېندارىدىكى 7-ئاي شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ② مىلادىيە يىل ھېسابىدا 7-ئاينىڭ نامى. مەسلەن: — گىلاسلارنى 20-ئىيۇلدىن بۇرۇن ئۈزمەڭلار، — دېدى ئاگرانوم قىز. ★ 1-ئىيۇل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەن خاتىرە كۈن. 1921-يىل 7-ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغان كۈن.

**ئىيۇن** (ئىسىم) ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن بىرى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلغان شەخس، شۇڭا كالېندارىكى 6-ئاي شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ② مىلادىيە يىل ھېسابىدا 6-ئاينىڭ نامى. مەسلەن: بىرىنچى ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمى.

# ي

**ياپون** (ئىسىم) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى. ئۇلار ئاساسەن ياپونىيىنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسلەن: ياپون باسقۇنچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغان.

**يادلاش** (پېئىل) ① يادىدا، ئېسىدە قالدۇرۇش، ياد ئېلىش. مەسلەن: مەن رۇس تىلى دەرسلىكىنى يادلاشقا باشلىدىم. ② ئەسلەش، سېغىنىش، ياد ئېتىش. مەسلەن: مەن رەھمەتلىك دادامنى چەكسىز سېغىنىش ئىلكىدە دائىم يادلايمەن.

**مەنداش سۆزى:** ئېسىدە قالدۇرۇش، ياد ئېلىش، ئەسلەش.

**يارامىلىق** (سۈپەت) بىرەر ئىشقا، ئىستېمالغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان، سۈپىتى يوقالمايدىغان، ئۆزگەرمىگەن، بىرەر ئىشقا

يارايدىغان، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قابىلىيىتى بار. قابىلىيەتلىك. مەسىلەن: تۇرمۇشتا ئەڭ يارامسىز نەرسە-مال-مۈلۈك، ئەڭ يارامىلىق نەرسە-ئەقىل-پاراسەت. ★ مەن ۋەتەنگە، خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن ۋەدە بېرىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** قابىلىيەتلىك، پايدىلىق.

**ياران** (ئىسىم) دوستلار، ئاغىنىلەر، يولداشلار، بۇرادەرلەر.

**ياردەم** (ئىسىم) ① بىرەر ئىشنى قىلىشتا ھەمكارلىشىش، قارىشىش؛ ھەمكارلىق، مەدەت. مەسىلەن: گۈلچىمەن ساۋاقدىشى گۈلزارنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى تېزلا باشقىلارغا يېتىشىۋالدى. ② ھەمكارلىشىش يۈزىسىدىن بېرىلگەن پۇل ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەر. مەسىلەن: پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەشتە يېتىم قالغان ئۆسمۈرلەرگە ياردەم قولىنى سۇندى.

**مەنىداش سۆزى:** ھەمكارلىق، كۆڭۈل بۆلۈش.

**ياسانچۇق** (ئىسىم) دائىم ياسىنىپ يۈرۈيدىغان، ياسىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئوغلى ئىش خۇشياقماس، ياسانچۇق، غەلۋىخور بولۇپ ئۆستى.

**ياشلىق** (ئىسىم) ياش ۋاقىت. مەسىلەن: ياشلىقىدا ئىشلە، قېرىغاندا چىشلە (ماقال). ★ ياشلىقنى قەدىرلىمىگەن ئادەم، بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىدۇ. ★ ئادەمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتى باللىق-ياشلىق دەۋرىدۇر.

**مەنىداش سۆزى:** باللىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قېرىلىق.

**ياغاچ** (ئىسىم) دەرەخنىڭ پوست ۋە يوپۇرمىقىدىن باشقا قىسمى. مەسىلەن: ياغاچ كۆۋرۈك. ★ شۇ زاماتلا ئالۇچا ياغىچىدىن ياسالغان غاڭزىسىنى كۆتۈرۈپ بوۋام كىرىپ كەلدى. ★ كۆچىتلەر چوڭ بولسا، ئۇنىڭ ياغىچىدىن چوڭ-چوڭ ئىمارەتلەرنى، كۆۋرۈكلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**ياڭراش** (ئىسىم) ئۈنلۈك، ئۈنلۈك جاراڭلىق چىقىش، جاراڭلاش، جاراڭلىق ئاڭلىنىش. مەسىلەن: ئۇنىڭ مۇزىكىسى چىغىر يوللاردا ياڭرايدۇ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر يامغۇرغا پەرۋا قىلماي ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلايدۇ. ★ ئارقا تەرەپتىن ئۇق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى.

**ياڭراق** (سۈپەت) جاراڭلاپ تۇرىدىغان؛ جاراڭلىق، ئۇنلۇك. مەسىلەن: ياڭراق سادا. ياڭراق ئاۋاز. ★ ماھىر سازەندىلەر چېلىۋاتقان نەي بۇركۇتنىڭ قانات سۆگىكىگە نەقىش ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، نەي ساداسى يېقىملىق ۋە ياڭراق، خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان بۇركۇتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى.

**ياڭزا-ياڭزا** خىلمۇخىل، ھەر خىل. مەسىلەن: بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ھېلىقى ياڭزا-ياڭزا ئاتلىرى ئۆچۈپ ئەمدىكى نامى «نۇسرەت نۆل» بولغانىدى، نۇسرەت مانا شۇنداق نۆلدەك تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ھەر ياڭزا، خىلمۇخىل.

**يالغان** (سۈپەت) ھەقىقەتكە زىت، ناتوغرا؛ راست ئەمەس، ئويدۇرما، ساختا، ياسالما. مەسىلەن: يالغان گەپ. ★ كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟ قۇلاق ئاڭلىغان يالغان (ماقال). ★ راست يالغان بولماس، يالغان راست بولماس (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** ياسالما، ئويدۇرما.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** راست، ھەقىقىي.

**يالقۇنلاش** (پېئىل) يالقۇن ھاسىل قىلىش، يالقۇن پەيدا بولۇش؛ يېنىش، ئوت ئېلىش. مەسىلەن: ئىلىم-پەنگە مۇھەببەت يالقۇنلايدۇ يۈرەكتە. ★ قۇياشنىڭ ئوتلۇق تەپتىدىن قىزىپ كەتكەن توپىلار ۋە تام تورۇسلار گويا تونۇردەك يالقۇنلايتتى. ★ تونۇردىكى ئوت يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتىدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆچۈش.

**يالۋۇرۇش** (پېئىل) تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنۈش، يېلىنىپ ئىلتىماس قىلىش. مەسىلەن: رۇستەمنىڭ قەلىمى ئىمتىھان ۋاقتىدا تۇيۇقسىز سۇنۇپ كېتىپ يېنىدىكى بالىغا قەلىمىڭنى بېرىپ تۇر دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** يېلىنىش، ئۆتۈنۈش.

**يامان** ① (سۈپەت) «ياخشى» نىڭ ئەكسى، ئەسكى، ئوسال، ناچار. مەسىلەن: ئۇلار يامان ئىش قىلغان بولسا ئۆزىگە، ئوتنى كىم تۇتقان بولسا شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولى كۆيدۇ. ② (سۈپەت) قاتتىق . مەسىلەن: ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. ③ (رەۋىش) ناھايىتى ، ئىنتايىن ، بەك ، ئوبدان . مەسىلەن: — ئاپا-ئاپا تۇغقىنىمىز كەلدى، يامان ياخشى تۇغقىنىمىز ئىكەن، ماڭا كەمپۈت بەردى، ساڭىمۇ بېرىدۇ، — دېدى ئەنۋەر مەرىيەمگە ئەركىلەپ.

**مەنىداش سۆزى:** خاراب ، ئەسكى ، ناچار .

**قارىمۇقارشى:** ئوبدان ، ياخشى ، بەلەن .

**يامغۇر** (ئىسىم) بۇلۇتتىن چۈشكەن سۇ تامچىسى ، بۇلۇتتىكى سۇ تامچىلىرى يىغىلىپ ھاۋادا لەيلەپ يۈرەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەندە يەرگە چۈشىدۇ ، بۇ يامغۇر بولىدۇ . مەسىلەن: — تازا قىزىق بولدى — دە، بۇ، يامغۇردىن قېچىپ، مۆلدۈرگە ئۇچرىدۇق، — دېدى ئۇ.

**يانتۇ** (سۈپەت) تەكشىلىك ياكى تۈز سىزىققا پاراللېل ياكى تىك بولمىغان ، قىڭغىر ، سىڭايان ، قىيسىق . مەسىلەن: يانتۇ تەكشىلىك. يانتۇ سىزىق.

**مەنىداش سۆزى:** قىيپاش ، قىيا .

**يانغىن** (ئىسىم) ئۆي-ئىمارەت ، ئورمان ، ئوت-چۆپ قاتارلىقلارغا ئوت تۇتىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان زور يالقۇن . مەسىلەن: بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئورمانغا كەتكەن ئوت كۈچلۈك يانغىنغا ئايلاندى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قوقاس ، چوغ .

**ياۋاش** (سۈپەت) شوخلۇق قىلمايدىغان ، ئېغىر-بېسىق ، ئىتائەتمەن ، تىنچ ياكى جىم يۈرۈيدىغان . مەسىلەن: ياۋاش كالا. ★ ئۇكام ياۋاش بالا بولدى، دەرستە نەتىجىسىمۇ ياخشى.

**مەنىداش سۆزى:** مۆمىن ، ئىتائەتمەن ، رايىش ، گەپ ئاڭلايدىغان .

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قارغىش ، كەپسىز ، يىغلاڭغۇ ، قولىقى قاتتىق .

**يايپاك** (سۈپەت) ئاغزى ، ئۈستى تەرىپى يوغان ، يېيىلاڭغۇ .

مەسلەن: مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تويلاردا ئەڭ ياخشى كۆتتى دېگەندىمۇ، يايپاڭ چىنىلەردە بىر چىنىدىن كەسمە چۆپ ئېشى بېرىلەتتى. ★ تاماق ۋاقتىدا سىڭلىم دىققەتسىزلىكتىن يايپاڭ چىنىگە ئۇسۇلغان ئاشنى داستىخانغا تۆكۈۋەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** غىدىر، كايپۇك.

**يايلاق** (ئىسىم) چارۋا-ماللار ئوتلايدىغان كەڭ مەيدان، ئوتلاق. مەسلەن: يايلاققا كۆچمەك. ★ چارۋىچىلار 6-ئاينىڭ باشلىرىدا يايلاققا كۆچۈپ بېرىپ، 9-ئايدا قايتىپ كېلىدۇ، شۇ چاغدا ماللار تازا سەمرىيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئوتلاق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىشلاق.

**يەر** (ئىسىم) ① نەرسىلەر تۇرغان، جانلىقلار ياشاۋاتقان جاي، ئورۇن، ماكان. مەسلەن: يەرگە پالاس سالماق. ★ كۈندۈزى ماڭا يېتەر ئەر يوق، كېچىسى ياتىدىغان يەر يوق (ماقال). ② دېھقانچىلىقتا، چارۋىچىلىقتا پايدىلىنىدىغان تۇپراق قاتلىمى، تېرىقچىلىق قىلىدىغان، ئوت-چۆپ ئۆستۈرىدىغان جاي؛ تېرىلغۇ مەيدانى. مەسلەن: بوز يەر. مۇنبەت يەر. ③ بىرەر نەرسە بەنت قىلىپ تۇرغان، ئىگىلىگەن ئورۇن، جاي، ماكان. مەسلەن: كۆتەر قولۇڭنى! قانداق كەلدىڭ بۇ يەرگە!

**يەرمەنكە** (ئىسىم) يىلىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقتىدا، بەلگىلىك جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋاقىتلىق تىجارەت ئورنى. مەسلەن: بىز يەرلىك مەھسۇلاتلار يەرمەنكىسىنى كۆردۇق. ★ ئۆي جاھازىلىرى يەرمەنكىسى بەك قىزىپ كېتىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كۆرگەزمە.

**يەسمەن** (ئىسىم) ① كەركىدانگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال، ئادەتتە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ. گۈلىنى ئىسلاش ئارقىلىق چاي ياساشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۈسۈملۈكنىڭ گۈلى. مەسلەن: يەسمەنگۈل يامغۇردا تىترەپ، ــ ئاپلا بەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بالدۇر ئېچىلىپ قاپتىمەن، باھار تېخى يېتىپ كەلمىگەنىكەنغۇ! ـ دەپ ئۇھ تارتىپتۇ.

**يوپۇرماق** (ئىسىم) ئۆسۈملۈكنىڭ ۋېگېتاتىپ ئەزالىرىدىن بىرى. ئادەتتە يوپۇرماق ئالىقىنى بىلەن يوپۇرماق سېپىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن: ـ مەن پەقەت ماۋۇ رەسىمدىكى دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن يايلاقنى بوياۋالسام بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ياپراق.

**يورۇش** (پېئىل) ① يورۇق چۈشۈش، يورۇق ھالەتكە كېلىش. مەسىلەن: چىراغ ياندۇرۇلۇپ، ئۆي ئىچى يورۇشقا باشلىدى. ② ئاقىرىش، چىقىش، ئېتىش (كۈن، تاڭ ھەققىدە). مەسىلەن: ئاخىر، تاشقىرىدا كۈن يورۇپ كەتتى، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى.

**يوغىناش** (پېئىل) ئىگىلىگەن ئورۇن ھەجىم جەھەتتىن كېڭىيىش، چوڭىيىش، ئۆسۈش، يېتىلىش. مەسىلەن: كونا ئۆيلەر چېقىلىپ، مەيدان خېلى يوغىناپ قاپتۇ. ★ كۆتلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆچەتلەر يوغىناپ سايە تاشلايدىغان بوپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** چوڭىيىش، كېڭىيىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كىچىكلەش، يىگىلەش.

**يوقلاش** (پېئىل) ھال-ئەھۋال سورىغىلى بېرىش ياكى كېلىش. مەسىلەن: كېسەلنى يوقلىماق. ★ ئاتا-ئانىلارنى يوقلىماق. ★ لېنىننىڭ دادىسىنىڭ بىر دوستى ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قارىماسلىق، تاشلىۋېتىش.

**يوقىلىش** (پېئىل) كۆزدىن غايىب بولۇش، كۆزدىن نېرى بولۇش؛ يوقاپ كېتىش، يېتىش. مەسىلەن: مايمۇن قۇدۇق ئىچىدىن ئاينى سۈزۈۋالماقچى بولۇپ، قولىنى سۇغا تەگكۈزگەنىكەن. شۇ ھامان ئاي يوقاپ كېتىپتۇ. ★ شۇنچە يىل ئارزۇلاپ باققان مۇشۇكۈمۇ ئۆي كۆچكەندە يوقاپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** يېتىش، يوقاپ كېتىش، غايىب بولۇش.

**يول ئېلىش** سەپەر قىلىش، يول يۈرۈش، مېڭىش. مەسىلەن: ئۇلار پۇل مالنى ئىككى ئۇلۇشكە بۆلۈپ، ئىچ كىيىملىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ،

شەرققە قاراپ يول ئالدى. ★ قارلىغاچ تېزرەك جەنۇب تەرەپكە يول ئالايلى! دېگەندەك ۋىچىرلايتتى.

**مەنىداش سۆزى:** سەپەرگە چىقىش، يول مېڭىش.

**يۇرت** (ئىسىم) ئاھالە توپلىشىپ، ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان جاي. مەسىلەن: يۇرت ئەھلى. يۇرت ئاھالىسى. ★ — مالىيې تەگرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يۇرتىمىز ئىكەن، — دېدى.

**مەنىداش سۆزى:** شەھەر.

**يۇرتداش** (ئىسىم) بىر يۇرتتا بىللە ياشاۋاتقان ئادەم. مەسىلەن: مەن قۇمۇللۇق، بۇ ئىككىمىز بىر يۇرتداش بولىمىز. ★ ئۇنىڭ كازىم بىلەن يۇرتداش بولغىنى ياخشى بولدى، يولدا ھەمراھلىق كېتىدىغان بولدى.

**يۇقىرى** ① (ئىسىم) مەلۇم نەرسىنىڭ باش تەرىپى، بېشى. مەسىلەن: ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسى. ② (سۈپەت) باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئارتۇق، ئەلا. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ھەممىدىن يۇقىرى. ③ (ئىسىم) ئۆينىڭ ئىشىك، پەگاھىسىغا نىسبەتەن قارشى تەرەپتىكى جاي، تۆر. مەسىلەن: — قىنى مېھمانلار، يۇقىرى ئۆتۈشسىلە! ئاپام ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى بالا.

